بسم الله الرحمن الرحیم

ئابدۇلھەمىد راشىدىن

# مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي قائىدەلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئالىمجان بۇغدا (ئاتائۇللاھ)

دار باب العلم

İLİM KAPISI

# مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي قائىدەلىرى

# القواعد الإسلامية

# MÜSLÜMANLIĞIN TEMEL KÂİDELERİ

ئابدۇلھەمىد راشىدىن (رىزائۇلھەق، رۇشتى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئالىمجان بۇغدا (ئاتائۇللاھ)

تەھرىرى: ئالماس ھاجى، ئا. ئاقھۇن
كوررېكتورى: ئا. ئاقھۇن

بەت ۋە مۇقاۋا: ئا. ئاقھۇن

2023 - يىلى نويابىر، بىرىنچى نەشرى

ISBN: 978-625-94093-2-0

دار باب العلم
İLİM KAPISI

ئىلىم دەرۋازىسى نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل تۈركىيە

# مۇندەرىجە

شېھىت ئابدۇلھەمىد راشىدىن (رىزائىۇلھەق، رۇشتى) 11
ئائىلە ھاياتى 11
ئىلمىي ھاياتى 17
سىياسىي ھاياتى 27
ئىلمىي ئىجادىيىتى 40
ئەسەرلىرى 42
1. «ۋەتەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 42
2. يەتتە ھايات 43
3. مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى (القواعد الاسلامية) ئەلقەۋائىدۇل ئىسلامىيە 44
4. تارىخى يادنامە 45
5. بەدرۇددۇجا (ئەرەبچە قەسىدە) 46
6. ساقلىنىپ قالغان بەزى شېئىرلىرى 47
مۇناجات 47
نەئت 49
كىرىش سۆز 53
«مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسىي قائىدەلىرى» نىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى نۇسخىسى 59
«مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسىي قائىدەلىرى»نىڭ لاتىن يېزىقىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى 62
مۇقەددىمە 67

1. سوئال: دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىي بەخت ـ سائادىتى نېمىگە باغلىقتۇر؟ 67
2. سوئال: دىن دېگەن نېمە؟ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە (نەزىرىدە) ھەق ۋە راست (توغرا) دىن قايسى دىندۇر؟ 67
3. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىماتى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ 68
4. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ۋە ئالىي غايىسى نېمە؟ 69
5. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى قايسى دەلىللەرگە ئاساسلىنىدۇ؟ 69
6. سوئال: رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز، يولىيورۇقلىرى توپلانغان ئاساسلىق ھەدىس كىتابلار قايسىلار؟ 70
7. سوئال: قانداق كىشى راست مۇسۇلمان ۋە ھەقىقىي مۆمىنلىك سۈپىتىگە ئىگە بولالايدۇ؟ 71
8. سوئال: مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرى قانچە قىسمغا مەركەزلىشىدۇ؟ 72

## بىرىنچى بۆلۈم

ئەقىدات 75
9. سوئال: ئىمان كەلىمىلىرى قايسىلار؟ 75
10. سوئال: ئىسلام دىنى ئېتىقادى سىناق دۇنياسىدا (ھاياتى دۇنيادا) غەيبىي جەھەتتە (غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش جەھەتتە) نېمىلەرگە ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ؟ 79
11. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى نېمە؟ 80
12. سوئال: ئاللاھنىڭ زاتى ـ سىپاتىغا قانداق ئېتىقاد قىلىمىز؟ 81
13. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كۇنھى زاتىنى ماددىي كۆز بىلەن ئەينەن كۆرگىلى (كۆرۈش) مۇمكىنمۇ؟ 81

14. سوئال: ئاللاھ تائالانى قايسى سۈپەت بىلەن تونۇيمىز؟ ..... 82
15. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەشھۇر سۈپەتلىرى قايسىلار؟ ..... 82
16. سوئال: «ئەلھەيي» (الحي)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 84
17. سوئال: «قەدىيم» (القديم)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 84
18. سوئال: «قادىر» (القادر)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 85
19. سوئال: «ئەلىيم» (العليم)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 85
20. سوئال: «سەمىيئ» (السميع)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 85
21. سوئال: «بەسىير» (البصير)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 85
22 ـ «مۇرىيد» (المريد)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 85
23. سوئال: «مۇتەكەللىم» (المتكلم)نىڭ مەنىسى نېمە؟ ..... 86
24. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلىرى (نى) نېمە ئۈچۈن سۇبۇتى سۈپەتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ؟ ..... 86
25. سوئال: تەۋھىد دېگەن نېمە؟ ..... 86
26. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مالائىكىلىرىگە (پەرىشتىلىرىگە) قانداق ئىشىنىمىز؟ ۋە مالائىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمە؟ ..... 87
27. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مالائىكىلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتە قايسى دەلىللەرگە ئاساسلىنىمىز؟ ..... 89
28. سوئال: ئىنسانىنىڭ مالائىكىلەر ۋە روھىي ئالەم بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ..... 92
29. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟ ..... 94
30. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟ ..... 96
31. سوئال: ئاخىرەت كۈنىگە (كېيىنكى باقىي ئالەمدىكى ھېساب ـ كىتاب كۈنىگە) ئىشىنىش دېگەن قانداق؟ ..... 98
32. سوئال: قەدەرگە (تەقدىرگە) ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ماھىيىتى

نېمە؟ ........ 100

33. سوئال: بەئس (ئۆلگەندىن كېيىن قوزغىلىش)قا ئىشىنىش دېگەن نېمە؟ ........ 101

34. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئۆلۈم ۋە ھاياتنى بىر تۇتاش خەلق ئېتىشتىكى (يارىتىشىدىكى) ھېكمەت نېمە؟ ........ 102

35. سوئال: ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزلىدىكى (نەزەرىدىكى) ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەندۇر؟ ........ 104

36. سوئال: ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق ۋە تەقۋادارلىقنىڭ ئەمەلىيىتى نېمە بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ؟ ........ 105

37. سوئال: بىنايى مۇسۇلمانچىلىق قايسىلار؟ ........ 105

38. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ كامالىتى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت بولغان مۇھىم رۇكنلىرى قايسىلار؟ ........ 105

39. سوئال: ئىماننىڭ تارماق شاخچىلىرى نېمە؟ مىساللىرى قايسىلار؟ ........ 107

40. سوئال: ئېھسان دېگەن نېمە؟ ........ 108

41. سوئال: ئەقىدات ۋە ئىبادات، ئىجتىمائىي مۇئامىلاتلارنىڭ شەرئەت ھۆكمى بويىچە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋىتى قانداق؟ ........ 108

## ئىككىنچى بۆلۈم

ئىبادەت ........ 111

43. سوئال: قانداق كىشى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى (مۇكەللەپ) بولىدۇ؟ ........ 111

44. سوئال: تائەت ـ ئىبادەت نېمە ئۈچۈن بالىغ، ئاقىل كىشىگە (مۇسۇلمانغا) ۋاجىبدۇر؟ ........ 111

45. سوئال: بەندىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادەت ئۈچۈن ساۋاب ـ گۇناھ جەھەتتىكى ئەمەللىرى قايسىلار؟ ........ 112

46. سوئال: پەرز ـ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 112
47. سوئال: پەرز ئەمەللەرنىڭ بەندىلەرگە ئىجابىي ھېكمىتى نېمە؟ ........ 113
48. سوئال: ۋاجىپ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 113
49. سوئال: سۈننەت قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 114
50. سوئال: نېمە ئۈچۈن سۈننەت «سۈننەت» دەپ ئاتىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سۈننەت ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر؟ مىسالى قايسىلار؟ ........ 114
51. سوئال: مۇستەھەب قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 116
52. سوئال: مۇباھ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 117
53. سوئال: ھارام قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 117
54. سوئال: مەكرۇھ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 118
55. سوئال: مۇستەكرەھ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 119
56. سوئال: پەرز نەچچە قىسىمدۇر؟ پەرز ئەيىن بىلەن پەرز كۇپايىنىڭ پەرقى نېمە؟ ........ 120
57. سوئال: ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت جەھەتتە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى نېمە؟ ........ 120
58. سوئال: پەرز بولغان تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى (ئۇلۇغراقلىرى) قايسىلار؟ ........ 121
59. سوئال: ناماز قانداق ئىبادەت ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەت پەلسەپەلەر قايسىلار؟ ........ 122
60. سوئال: نامازنىڭ تېشىدىكى (سىرتىدىكى) ئادا (قىلىش) ئۈچۈن شەرت بولغان پەرزلەر قايسىلار؟ ........ 125
61. سوئال: نامازنىڭ ۋاقتىنى تېپىش نېمىشقا پەرزدۇر؟ بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى قايسىلار؟ ........ 126
62. سوئال: ناماز ئۈچۈن نېمىشقا تاھارەت ئېلىش شەرت؟ ئۇنىڭ تەلىپى قانداق؟ ........ 127

63. سوئال: نېمىلەر كىچىك تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ؟ قايسى ئىشلاردا غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟ ..... 131

64. سوئال: ناماز ئوقۇغاندا كىيىم ـ كېچەكنىڭ ۋە ئورۇننىڭ پاك بولۇشى نېمە ئۈچۈن پەرز قىلىندى؟ ..... 133

65. سوئال: ناماز ئوقۇغاندا نېمە ئۈچۈن ئەۋرەتنى يېپىش پەرز قىلىندى؟ ..... 134

66. سوئال: نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇغاندا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش پەرز قىلىندى؟ ..... 134

67. سوئال: نېمە ئۈچۈن نىيەت قىلىش، تەكبىر ئېيتىش بىلەن نامازغا تۇرۇش پەرز قىلىندى؟ ..... 135

68. سوئال: بەش ۋاخ ناماز قايسىلار؟ قانچە رەكەت ۋە ئوقۇلۇش تەرتىپى قانداق؟ ..... 135

69. سوئال: نامازنىڭ ئىچىدىكى رۇكنىلىرى ۋە مۇستەھەب ئەمەللىرىگىچە تولۇق ئوقۇلغان (نامازنىڭ) مىسالى قانداق؟ ..... 136

70. سوئال: ناماز جامائەتنىڭ (جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ) پەزىلىتى ۋە ھېكمىتى نېمە؟ ناماز جامائەتكە قانداق سەپ تۈزۈلىدۇ؟ ..... 139

71. سوئال: جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھېكمەت ـ پەزىلىتى نېمە؟ ئوقۇلۇش تەرتىپى (ئۇسۇلى) قانداق؟ ..... 142

72. سوئال: خۇتبە ئوقۇش، جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزىدا قايسى مەزمۇندا بولىدۇ؟ ۋە مىسالى قانداق؟ ..... 146

73. سوئال: نېمە ئۈچۈن پەرز نامازلار بىلەن بىرگە سۈننەت نامازلار ئوقۇلىدۇ؟ نەپلە نامازلار قايسى؟ ..... 147

74. سوئال: جىنازە نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟ مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنلەش تەرتىپى (ئۇسۇلى) قانداق؟ ..... 149

75. سوئال: زاكات قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ھېكمىتى نېمە؟ ..... 153

76. سوئال: زاكاتنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟ زاكات بېرىدىغان ئورۇنلار قايسى؟ ........ 155
77. سوئال: دۆلەت ۋە جامائەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى دۇكىنىنىڭ يىللىق كىرىمىدىن زاكات ئايرىلامدۇ؟ ........ 160
78. سوئال: روزا قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ھېكمەت ـ پەزىلىتى نېمە؟ ........ 160
79. سوئال: قانداق كىشىلەردىن روزا ساقىت بولىدۇ؟ قانداق كىشىلەر رامىزاندىن كېيىن تۇتسىمۇ بولىدۇ؟ ........ 164
80. سوئال: دىنىي قائىدە بويىچە مەخسۇس رامىزان ئېيىدا قىلىنىدىغان قوشۇمچە ساۋابلىق ئەمەللەر قايسىلار؟ ........ 165
81. سوئال: ھەج قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ھېكمەت ـ پەزىلىتى ۋە قائىدە رەسمىيىتى قانداق؟ ........ 166
82. سوئال: جىھاد فىي سەبىلىللاھ قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ھېكمەت پەزىلىتى قانداق؟ ........ 176
83. سوئال: جىھادنىڭ ئىسلامىيەتكە ۋە ئومۇمىي ھاياتقا قانداق ئىجابىي رولى بار؟ ........ 179
84. سوئال: ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى نېمە؟ ئومۇمىي ھاياتنىڭ بىرلىك ئىقتىدارى قانداق؟ ........ 181

## ئۈچىنچى بۆلۈم

ئىجتىمائىيات (تۈزۈمى) ۋە مەكارىمى ئەخلاق ........ 187
87. سوئال: ئىسلام شەرىئىتى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە بولۇشقا بۇيرۇيدۇ؟ ھەققى قەرابەت (ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ھوقۇقى) ۋە ھەققى ھەقەمسايە (قوشنىدارچىلىق ھوقۇقى) نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ........ 191
88. سوئال: ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسى بويىچە نېمىلەر ھارام جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ؟ ........ 194
89. سوئال: ئىسلام شەرىئىتى ئائىلىۋى تۇرمۇش ھۆكمىدە قايسى

ھېكمەتنى نەزەردە تۇتىدۇ؟ شەرىئەت ھۆكمىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ نىكاھنىڭ ھېكمەت پەلسەپەسى نېمە؟ ..... 199

90. سوئال: قانداق نىكاھ شەرىئەت ھۆكمىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ؟ نىكاھنىڭ پاسىد (قانۇنسىز) بولماسلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت نېمە؟ نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلىرى نېمە؟ ..... 205

91. سوئال: قانداق كىشىلەر ئارىسىدا نىكاھلىنىش راۋا (جائىز) بولىدۇ؟ قانداق كىشىلەر ئارىسىدا راۋا (جائىز) بولمايدۇ؟ ..... 210

92. سوئال: شەرىئەت ھۆكمىدە تالاقنىڭ (نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ) قائىدىسى قانداق؟ تالاق قىلىنغۇچى ئاياللارنىڭ ئىددەت تۇتۇش قائىدىلىرى قانداق؟ ..... 212

93. سوئال: مىراس ھۆكۈملىرى قانداق؟ مىراس ھەققىدە قۇرئاندا خۇلاسە قىلىنغان مەسىلىلەر قايسى؟ ..... 215

94. سوئال: ئىسلام شەرىئىتىدە سودا ـ تىجارەت ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنىڭ ھالال ـ ھاراملىقى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ ..... 223

95. سوئال: ئىسلام شەرىئىتىدە «رىبا» (جازانە) شەكىللىنىدىغان ۋە ھارام ھېسابلىنىدىغان سودا ـ تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟ ..... 224

96. سوئال: قۇرئان تەلىماتىغا ئاساسەن بارلىق ئەھلى ئىسلام (مۇسۇلمانلار)نىڭ ئۆزئارا مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولۇشى لازىم؟ ..... 226

97. سوئال: قۇرئان تەلىماتىغا ئاساسەن ئەھلى ئىسلام بىلەن كۇپپار (كاپىر) ـ مۇشرىكلار ئارىسىدىكى مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلەر قانداق بولۇشى لازىم؟ ..... 228

98. سوئال: ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن مەكارىم ئەخلاق

ئىسلامىيە (ئىسلام ئۇلۇغ (ئېسىل) ئەخلاقلىرى) قايسى؟ ............ 233
99. سوئال: دىيانەت دېگەن نېمە؟ ............ 235
100. سوئال: ساداقەت دېگەن نېمە؟ ............ 235
101. سوئال: نازاپەت ۋە تاھارەت دېگەن نېمە؟ ............ 235
102. سوئال: ئادالەت دېگەن نېمە؟ ............ 236
103. سوئال: نەسەھەت ۋە خۇلۇسىيەت دېگەن نېمە؟ ............ 236
104. سوئال: مۇساۋات دېگەن نېمە؟ ............ 237
105. سوئال: مۇۋالات دېگەن نېمە؟ ............ 237
106. سوئال: مۇرۇۋۋەت دېگەن نېمە؟ ............ 238
107. سوئال: ئۇخۇۋۋەت دېگەن نېمە؟ ............ 238
108. سوئال: ھامىيەت دېگەن نېمە؟ ............ 238
109. سوئال: ساخاۋەت ۋە ساماھەت دېگەن نېمە؟ ............ 239
110. سوئال: مۇۋاسەلەت ۋە مۇئاۋەنەت دېگەن نېمە؟ ............ 239
111. سوئال: شجائەت ۋە جاسارەت دېگەن نېمە؟ ............ 239
112. سوئال: سەبرۇ ـ تاقەت (سەۋىرلىق، چىداملىق) دېگەن نېمە؟ ............ 240
113. سوئال: زۇھدۇ ـ قانائەت دېگەن نېمە؟ ............ 240
114. سوئال: ھايا ـ ئىپپەت دېگەن نېمە؟ ............ 241
115. سوئال: ۋاپا سىيانەت دېگەن نېمە؟ ............ 241
116. سوئال: ھىلمۇ (ئېغىر ـ بېسىق) مەتەنات دېگەن نېمە؟ ............ 242
117. سوئال: ۋەلائۇ مەتارەكەت دېگەن نېمە؟ ............ 242
118. سوئال: مۇسالەھە ۋە مۇۋاسات دېگەن نېمە؟ ............ 242
119. سوئال: ئەھدۇ ئامانەت دېگەن نېمە؟ ............ 242
120. سوئال: ھەزىم (چۇم) پاراسەت دېگەن نېمە؟ ............ 243
121. سوئال: ئىنساب دېگەن نېمە؟ ............ 243

122. سوئال: ئىخلاس دېگەن نېمە؟ ...... 243
123. سوئال: رىيادەت ۋە مۇجاھىدات دېگەن نېمە؟ ...... 243
124. سوئال: ئىقتىساد دېگەن نېمە؟ ...... 244
125. سوئال: تەۋادۇ (تواضع) دېگەن نېمە؟ ...... 244
126. سوئال: مۇھەببەت ۋە تالاقەت دېگەن نېمە؟ ...... 245
127. سوئال: ئەپۋى ـ مۇئاپات دېگەن نېمە؟ ...... 246
128. سوئال: ئىتتىپاق ۋە ئىتتىھاد دېگەن نېمە؟ ...... 246
129. سوئال: تەلەبۇل ئىلىم ۋەلمەرىپە (يەنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش) دېگەن نېمە؟ ...... 247
خاتىمە ...... 251
130. سوئال: ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى دېگەن نېمە؟ ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىسلام مىللەتپەرۋەرلىكى دېگەن نېمە؟ بۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا باغلىنىش مۇناسىۋىتى قانداق؟ ...... 251
131. سوئال: ئىسلام شەرىئىتى ھەربىر ئەھلى ئىسلامنىڭ مىللىي شەكىل، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە شەخسىي تۇرمۇش، كىيىم ـ كېچەك، چاچ ـ ساقال ۋە ئۆزىنىڭ كىشىلىك پۇرمالىرىغا (ئادەتلىرىگە) قانداق قارايدۇ؟ ...... 256
132. سوئال: ھەربىر ئىسلام مىللىتىنىڭ ھەقىقىي ئىززەت ـ ئىپتىخارى ۋە ھاياتى كامالىتى نېمە بىلەندۇر؟ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ خارلىق، زاۋاللىق ۋە مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتۇشى نېمىگە باغلىقتۇر؟ ...... 259

SUNUŞ ...... 264

# شېھىت ئابدۇلھەمىد راشىدىن (رىزائۇلھەق، رۇشتى)

## ئائىلە ھاياتى

ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، سىياسىيون، تارىخچى، مۇجاھىد ۋە شائىر ئابدۇلھەمىد (مەخسۇم) راشىدىن 1923 - يىلى قاغىلىق ناھىيەسىدە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

دادىسى راشىدىن مۇپتىھاجىم ئەينى ۋاقىتتا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇپتىسى ھەم ئاتاقلىق دىنىي زاتى ئىدى. راشىدىن مۇپتىھاجىم 1895 - يىلى قاغىلىق ناھىيەسى بەشئېرىق يېزىسىدىكى داڭلىق باي، مەرىپەتپەرۋەر زات كەتمەنشاھباي ئوغلى تۆمۈر غوجا ئوغلى مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات يۈسۈپ ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1914 - يىلىغىچە قاغىلىقتىكى دۆڭ مەدرىسىدە تەلىم - تەربىيە ئالغان. 1914 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە ئابدۇلجېلىل داموللاھاجىم (1896 - 1937)، ئېلىخان مەخسۇم، ئۆمەر ھاجىم داموللام ۋە يۈسۈپ ئاخۇن داموللام قاتارلىق قاغىلىقلىق ۋە گۇمىلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ، ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللام، ئىمىن ئاخۇن داموللام ۋە ھاشىم ئاخۇن داموللام قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. خانلىق مەدرىسىنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتقان راشىدىن مۇپتىھاجىم، تەلىم - تەربىيە ۋە ۋەز - تەبلىغ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەھلى يۇرتقا ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇغلىرىنى چاچقان، ئۇزۇن

ئۆتمەي قاغىلىق ناھىيەلىك مەھكىمەئى شەرئىيىنىڭ مۇپتىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم قاغىلىقتىكى داڭلىق ئالىم ۋە شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ (1848 - 1927) ئىلىم سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان. تەجەللى ھەزرىتىم ھەجدىن قايتىپ كېلىپ، يەكەن ياكى قاغىلىقتا تۇرۇپ قېلىشنى ئويلىشىۋاتقاندا، ئۇنى قاغىلىقتا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىگەن. راشىدىن مۇپتىھاجىم 1936 - يىلى دادىسى يۈسۈپ ھاجىم ۋە ئابدۇلجېلىل داموللام قاتارلىق ئۆلىمالار بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نام - شۆھرىتى تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئابدۇلجېلىل داموللاھاجىم، ئەنەسخان تۆرەم قاتارلىق گۇما، قاغىلىق ۋە يەكەندىن جەمئىي 200 گە يېقىن داڭلىق ئالىم - ئۆلىمالارنى تۇتۇپ ھىمىتىنىڭ سېيى (كۇرۇۋات) دا قەتلىئام قىلغان ۋاقىتتا، گۇندىپايلار كېلىپ، راشىدىن مۇپتىھاجىمنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئايالى خېلىچ خېنىم ئۇلارغا 100 سەر ئالتۇن ۋە بىر ئارغىماق بېرىپ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ قۇتۇلدۇرۇۋالغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم 1937 - يىلى قاغىلىقتا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئەۋقاپ (مالىيە) مۇدىرى، كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى بولغان. ئۇ قاغىلىقتا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاتۇشلۇق تەرەققىيپەرۋەر زات ئابدۇۋەلى باي ۋە ياسىن ئاخۇنۇم داموللام قاتارلىق ئۇيۇشما ئەزالىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم يەنە، «دارۇلئېتام» ۋە «دارىلئاجىزىن» قاتارلىق خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، يېتىم - يېسىرلار، تۇل ئاياللار ۋە ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى

كاپالەتكە ئىگە قىلغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم بۇ خەير - ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىنى تەسىس قىلىپ، بىر مەزگىل رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، ئابلىز قارى (ئەپەندىم) دېگەن ئاتۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر بىر كىشى بۇ جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، رەتلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ۋارىسى دەپ ئاتالغان تۇداخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ مۇقام گۇرۇپپىسىنى مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قوغدىغان ۋە 1938 - يىلى قاغىلىقتا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يېتەكچىلىكىدە «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ رەتلىنىپ ھازىرلىنىشىغا ياردەمچى بولغان.

راشىدىن مۇپتىھاجىم قاغىلىقتىكى دۆڭ مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن تالىپ يېتىشتۈرگەن. قاغىلىقنىڭ دىنىي ساھەدە بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتكەن مۆكەررەم ئاخۇن خەلپىتىم، مەمەت ئېلاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇساتتار خەلپىتىم، تۆرەجان داموللام، مەخسۇتئاخۇنۇم داموللام ۋە مەتسىيىتاخۇن داموللام قاتارلىق ئالىم ۋە مۇنەۋۋەر زاتلىرى راشىدىن مۇپتىھاجىم مەدرىسەسىدە يېتىشىپ چىققان.

راشىدىن مۇپتىھاجىم ساۋاقدىشى ئابدۇلجېلىل داموللاھاجىم شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇلجېلىل داموللاھاجىمنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم بىلەن ھامۇتخان مەخسۇمھاجىمغا ناھايىتى ياخشى قارىغان. ئۇلارنى پات - پات گۇمىغا بېرىپ يوقلاپ تۇرغان ۋە بىر مەزگىل قاغىلىقتا يېنىدا تۇرغۇزغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم 1942 - يىلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنى ئوغلى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن بىرگە قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ۋە ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى

قاغىلىقتا ئېلىپ قالغان ۋە قىزى ھۆمەيرا خېنىمنى ھامۇتخان مەخسۇمھاجىمغا ياتلىق قىلىپ قويغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم بۇ ئىككەيلەنگە قېيىن ئاتىسى سايىمھاجىم ھەدىيە قىلغان قاغىلىق دۆڭ مەدرىسىنىڭ يېنى قاغىلىق جامەسىنىڭ ئالدىدىكى بىر يۇرۇش ئۆينى ھەدىيە قىلغان. ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم بىلەن ھامۇتخان مەخسۇمھاجىم ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قاغىلىقتا تۇرۇپ قالغان.

راشىدىن مۇپتىھاجىم 1944-يىلى قوزغالغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاۋىنىڭ جەنۇبنى ئازاد (پەتھى) قىلىش قىسمىنىڭ بىر پارچىسى بولغان «تاشقورغان مۇجاھىدلىرى»نىڭ قاغىلىقنى خىتايلاردىن ئازاد قىلىش ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، مۇجاھىدلارنىڭ شەھەردىكى مەخپىي ئەسكەرلىرىنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن.[1] نەتىجىدە 228 شەرقىي تۈركىستان ئەسكىرى 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاغىلىققا باستۇرۇپ كىرىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاغىلىقنى تولۇق پەتھى قىلغان. ئازادلىق قوشۇنىغا شەھەردە تۇرۇپ يېقىندىن ياردەملەشكەن مەخپىي ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ ئوغلى ئاتائۇللاھخان مەخسۇمۇ بار ئىدى. راشىدىن مۇپتىھاجىم ئەينى ۋاقىتتا تولۇق بىر ئاي مۇستەقىل بولۇپ تۇرغان قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى بولغان. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خىتايلار قاغىلىقنى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋالغان. ھەبىبۇللاھ ئەلەم، قۇتبىدىن قازى، ھېيت بەگ ۋە ھامۇدۇن قازى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ <راشىدىن مۇپتىھاجىم ئىنقىلابچىلار بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرگەن>

[1] بارات ھاجى، «پاجىئە ۋە كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات»، شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى، (نەشرىيات ئىسمى ۋە نەشر قىلىنغان ۋاقىت قەيت قىلىنمىغان)، 49- بەت.

دەپ پاش قىلىشى بىلەن، راشىدىن مۇپتىهاجىم، تۇردى قارى بەگ، هاشىم خوجاڭ ۋە قادىر سابىر هاجىم قاتارلىق ئىنقىلابقا يېقىندىن ماسلاشقان زاتلار، ئىنقىلابچىلارغا ياردەم قىلدى دەپ تۇتقۇن قىلىنغان. خىتايلار ئوق - دورا بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن ئىنقىلابچىلارنى پاش قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇپتىهاجىمنى ئېغىر قىيىن - قىستاققا ئېلىپ چىمچىلاق بارمىقىنى كېسىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى پاش قىلمىغان. سوراق ۋە قىيىن-قىستاقتىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەن خىتاي جاللاتلىرى، ئاخىرى 1947 - يىلى 10 - ئايدا، قولغا چۈشۈپ قالغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممىسىنى ھەرخىل شەكىللەردە قەتلى قىلغان؛ راشىدىن مۇپتىهاجىمنى بولسا تىرىك ھالەتتە تۈرمە تېمىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ، ئۈستىدىن سۇۋۇۋېتىش ئارقىلىق تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم دادىسى بىلەن كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن، 1948 - يىلى ئانىسى ۋە بىر تۇغقان ئۇكىلىرىنى ئېلىپ ياۋرۇپاغا بېرىپ: «دادامنى تېپىپ بەر، دادام بىلەن كۆرۈشتۈر!» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغان چاغدا، قاغىلىقتىكى گومىنداڭ ئىشغالچى ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى لېزىشىڭ دېگەن جاللات خىتاي «داداڭ راشىدىن تاغ ئوغرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىپ كەتتى» دەپ ئالدىغان. 1951 - يىلى ئەينى ۋاقىتتا تۈرمىدە گۇندىپايلىق قىلغان بىر كىشى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغا دادىسىنى لېزىشىڭ دېگەن جاللات خىتاينىڭ تامنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سۇگۈۋېتىش ئارقىلىق تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. 1958 - يىلى راشىدىن مۇپتىهاجىم سولانغان تۈرمىنىڭ تېمىنى ئۆرىگەن چاغدا، سەللىسى، تونى بىلەن بىرگە چىرىمىگەن ھالەتتە بىر جەسەت چىقىپ، كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان. راشىدىن مۇپتىهاجىمنى تونۇيدىغان قاغىلىقنىڭ ئۆلىما - ئاقساقاللىرىدىن ياسىن ئاخۇنۇم داموللام، مۇكەررەم ئاخۇن خەلپىتىم، مەمتىلى

خەلپىتىم، مەخسۇت ئاخۇن خەلپىتىم ۋە قۇدۇسخان غوجام قاتارلىق زاتلار چىمچىلاق بارمىقى ۋە باشقا ئالامەتلەرگە ئاساسەن، ئۇنىڭ راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. جەسەت قاغىلىق شەھەر ئىچىدىكى «مازار غوجام» قەبرىستانلىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە دەپنە قىلىنغان.[2]

كەرىمۇللاھخان مەخسۇمنىڭ دىيىشىچە[3]، راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ يازغان كىتابلىرى ۋە قولىيازمىلىرى قاغىلىق سىياسىي كېڭەشتىكى ئابلىمىت مامۇت دېگەن بىرىنىڭ پاش قىلىپ قويۇشى نەتىجىسىدە يوق قىلىۋېتىلگەن. كەرىمۇللاھخان مەخسۇم 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينى زىيارەت قىلغاندا، دادىسىنىڭ كۆرگەزمىگە قويۇلغان بىر پارچە قولىيازما شېئىرىنى كۆرگەن بولۇپ، (ئۇنىڭ دىيىشىچە) شېئىردا شىڭشىسەينىڭ زۇلۇملىرى تەسۋىرلەنگەن. مەزكۇر قولىيازما شېئىر باشقا جايلاردىمۇ كۆرگەزمە قىلىنغان.

راشىدىن مۇپتىھاجىم قاغىلىقتىكى داڭلىق بايلاردىن سايىم ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ قىزى خېلىچ خېنىم (1904 - 1978) بىلەن 16 يېشىدا توي قىلغان بولۇپ، 12 پەرزەنت يۈزى كۆرگەن، ئۇلاردىن سەككىزى ھاياتتا قالغان. ئۇلار:

نۇرنىسا خېنىم (1920 - 1994)

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم (1923 - 1981)

ھەمدۇللاھخان مەخسۇم (1927 - 1991)

---

[2] مۇھەممەد ئەھمەد چوپانى، «سەمەندەر» تارىخى رومان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىلى 1 - نەشرى، 184 - 1997، 216، 381 - بەتلەر.

[3] بۇ مەلۇماتلارنىڭ كۆپىنچىسىنى راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ ھاياتتا قالغان ئوغلى كەرىمۇللاھخان مەخسۇم 2015 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچتە تۈركىيەنىڭ قاھرامانماراش شەھرىدە سۆزلەپ بەرگەن.

ئاتائۇللاھخان مەخسۇمھاجىم (1930 ـ 1988)
ھۇمەيرا خېنىم (1931 ـ 1968)
ھەبىبۇللاھخان مەخسۇمھاجىم (1932 ـ 2005)
كەرىمۇللاھخان مەخسۇم (1937 ـ )
ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم (1941 ـ 2011)

## ئىلمىي ھاياتى

راشىدىن مۇپتىھاجىم كىچىكىدىنلا ياخشى تەربىيە كۆرۈپ چوڭ بولغان ئوغلى ئابدۇلھەمىدنى ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ئۆزى ئۆيدە دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىش بىلەن بىرگە، تېخىمۇ ياخشى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بەشئېرىق يېزىسىنىڭ تۆۋەن ئويىغا كەنتىدىكى ياقۇپ ئاخۇنۇم مەدرىسىگە ئاپىرىپ بەرگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى بەشئېرىق يېزىسىدا تاماملىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى قاغىلىق شەھەر ئىچىدىكى «گوچى مەكتەپ»تە ئوقۇغان. قوشۇمچە قاغىلىقتىكى داڭلىق ئالىم مۇتىئۇللا (مۇتىيئۇللاھ) ئەلەمئاخۇنۇمدىن دىنىي تەلىم ئالغان. ئوغلى ئابدۇلھەمىدنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن راشىدىن مۇپتىھاجىم، دىن ۋە مىللەتكە ياراملىق كىشى بولسۇن، دېگەن ئۈمىد بىلەن 1941 ـ يىلى ئۇنى «خوتەن دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ مەكتەپ 1938 ـ يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇتۇپ كەلگەن، ئاتېئىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر ۋە تاتارلار ئىدى. بۇ مەكتەپ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۇيغۇر

تىلى، ئەدەبىيات، جۇڭگو جۇغراپىيەسى، تەبىئەتتىن ئومۇمىي ساۋات، دۇنيا تارىخى، ئالتە چوڭ سىياسەت، ئىجتىمائىي پەلسەپە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەنىدى[4]. دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇش جەريانىدا تارىخ ۋە پەلسەپەگە چوڭقۇر بېرىلگەن ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم، ئاتېئىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىككى يىل ئىچىدە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، قاغىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 3 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ جەريانىدا، ناماز ئۆتۈمىگەندىن سىرت، ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلغان، مۇسۇلمانلارنى ھەجۋىي قىلىدىغان شېئىرلارنى يازغان. بۇ ئەھۋال ناھايىتى تەبىئىي ھالدا، خەلق ئىچىدە «راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ ئوغلى دەھرىي بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جامائەتمۇ راشىدىن مۇپتىھاجىمغا دارىتمىلاپ بولسىمۇ، «ئۆز ئوغلىغا كۈچى يەتمىدى، ئۆزى مۇپتى، بالىسى دەھرىي، بالىسىغا ناماز ئوقۇتالمىدى، ئوغلى دەھرىي بولۇپ كېتىپتۇمىش» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقان. ئوغلى بىلەن بۇ سۆز - چۆچەكلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن راشىدىن مۇپتىھاجىم، جامائەتنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى ناماز ئۆتەشكە دەۋەت قىلغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم دادىسىغا:

- مەن ئاقىل ۋە بالاغەتكە يەتكەن بىرىمەن. دادىلىق ئايرىم، دىنغا ئىشىنىش ئايرىم ئىش. دىن ئەقىل - ئىدراك ئىشى. مەن دادىلىق جەھەتتە سىلىگە، دىنغا ئىشىنىش جەھەتتە ئىلىم ۋە ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىمەن. مەن ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىمەن؛ شۇڭا، خەلقنىڭ دېگەنلىرىگە ئەمەس، ئىلىمنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىمەن ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىمەن. ھەرگىزمۇ

[4] خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى - ئىزدە قامۇسى (izda.com)

دەلىلسىز ئىش قىلمايمەن. مەن خۇراپاتلىققا ئەگىشىپ، بۇ خەلقنىڭ قىلغانلىرىنى دوراپ قىلمايمەن. ئەگەر سىلى مېنى «نامازئوقۇغىن!» دېسىلە، بىز نامازدىن بۇرۇن، تەڭرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، ئىسلام دىنىنىڭ توغرا ـ خاتالىقى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ باقايلى. ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقسۇن. كىم يەڭسە، يېڭىلگەن كىشى يەڭگۈچىنىڭ دىنىغا كىرسۇن ـ ، دېگەنىدەك سۆزلەرنى قىلغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم بىلىملىك، دانىشمەن كىشى بولغاچقا، ئوغلىنىڭ سۆزلىرىگە قىلچە ئاچچىقلانماستىن، دانالىق بىلەن:

ـ بولىدۇ ئوغلۇم، ئەگەر سەن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساڭ، بىز مۇنازىرىلىشەيلى ،ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم دادىسىغا:

ـ سىلى مۇنازىرىنىڭ ئۇسۇل ۋە قائىدىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلىلا. شۇنداقكەن، سىلىمۇ دادىلىق تەختىدىن چۈشىلا، مەنمۇ باللىق تەختىدىن چۈشىمەن. ئىككىمىز تەڭ تۇرۇپ مۇنازىرە قىلىمىز، ھەر قانداق سوئالغا ئاچچىقلانماستىن جاۋاب بېرىلىدۇ. مەنمۇ يېقىن ئاغىنىلىرىمنى چاقىرىمەن، سىلىمۇ يېقىن ئادەملىرىنى چاقىرىلا. ئەگەر مۇنازىرىدە مەن يېڭىلسەم، چوڭ جامەگە چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئېلان قىلىمەن ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ پىداكار خىزمەتچىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن بارلىقىمنى پىدا قىلىمەن. ئەگەر سىلى يېڭىلسىلە، ئۆزلىرى قاغىلىقنىڭ مۇپتىسى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، بارلىق كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ خۇراپاتلىقتىن قول ئۈزگەنلىكلىرىنى ۋە باشقىلارنىڭمۇ قول ئۈزۈشى لازىملىقىنى ئېيتىلا ،ـ دېگەن. راشىدىن مۇپتىھاجىم بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بولغان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ئاتائۇللاھخان مەخسۇم-ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مۇنازىرە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىچە يەتتە كۈن ئەتراپىدا داۋاملاشقان بولۇپ، ئاتائۇللاھخان مەخسۇمھاجىم مۇنداق دەيدۇ:

— ئۇ چاغلاردا مەن كىچىك ئىدىم، بەزىدە ئۇلار مۇنازىرە جەريانىدا قاتتىق سۆزلەپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مۇنازىرە ئەڭ ئاخىرىدا «روھ» مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالغانىدى، ئاكام ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم: «مەن كۆرمىگەن نەرسىگە قانداق ئىشىنىمەن؟» دېدى، دادام راشىدىن مۇپتىھاجىم: «روھقا ئىشەنمەمسەن؟! ئەگەر ئىشەنمەيمەن دېسەڭ، ئۆزۈڭنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان نەرسىگە ئىشەنمەيمەن، دېگەن بولىسەن، ئەمەلىيەت كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ؛ ساڭا ئوخشاش قامەتلىك ئىنسانلارنىڭ جىسمىدىن جېنى (يەنى روھى) چىقىپ كەتكەندە، بەدىنىنىڭ ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز» دەيدۇ. مۇنازىرە مۇشۇ شەكىلدە داۋام قىلغان.

بۇ جەريانىدا دادام رەھمەتلىك ئاخىرەتتىكى ئازاب ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەن ئىدى: ئەگەر ئىككى ئادەم بىر يەردە ئۇخلىسا، ئۇلارنىڭ بىرى گۈزەل باغۇ-بوستانلىقتىكى نازۇ-نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە ساھىبجامال نازىنىن قىزلار بىلەن ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، چۈش كۆرۈپ ئويغانسا، يەنە بىرى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر يەردە بىر تەرەپتىن ئوت، يەنە بىر تەرەپتىن يىلان-چايانلار ئۇنى قوغلاۋاتقان ھالەتتە چۈش كۆرۈپ ئويغانسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئويغانغاندىن كېيىنكى روھى ھالىتى قانداق بولىدۇ؟ چوقۇم نازۇ-نېمەت ئىچىدە ساھىبجامال نازىنىن قىزلار بىلەن بولغان كىشى:

ــ ھەي، بۇ ئۇيقۇدىن ئويغانمىغان بولسامچۇ كاشكى،ـ دەيدۇ. ئۇنى بىرى ئويغىتىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا كايىيدۇ. ۋەھەمەلىك مەنزىرە ئىچىدىكى يىلان ـ چايانلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشقان كىشى پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتىۋەتكەن ھالدا: ئۇھ! خۇداغا مىڭ شۈكرى، ھەر نېمە بولسا قۇتۇلدۇم...ـ دەپ، ئۇيقۇدىن بىر ئاز بولسىمۇ بۇرۇن ئويغانغانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر بىرى ئۇنى ئويغىتىپ قويغان بولسا، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدۇ. لېكىن بىر يەردە بىللە ئۇخلىغان ئىككى كىشى بىر ـ بىرىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى قىلچىلىكمۇ ھېس قىلمايدۇ. دېمەككى، روھىي ئازاب جىسمانىي ئازابتىن ئېغىر بولىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن، جىسمىمىز قەبرىستانلىقتا چىرىپ كەتكىنى بىلەن، جانابى ئاللاھ بىزنى خالىغان شەكىلدە ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. خالىسا، قىيامەت كۈنى روھىمىز بىلەن جىسمىمىزنى بىر يەرگە جەملەپ، ئۇنىڭغا روھ كىرگۈزۈپ ھەم روھىمىز ھەمدە جىسمىمىزغا، ئەگەر دۇنيادا جانابى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان بولساق مۇكاپات، بويسۇنمىغان بولساق جازا بېرىدۇ. بىزنى يوق يەردىن بار قىلىپ ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى جانابى ئاللاھ جېنىمىزنى ئالغاندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر... دېگەن.

دەرۋەقە، مۇنازىرە جەريانىدا ئاتېئىزم پىكرىنى ياقلىغان ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى يېڭىلگەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مەن كەلىمە شاھادەت ئېيتاي» دېگەندە، مۇپتىھاجىم ئۇنى غۇسلى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغان. ئۇ غۇسلى تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، قاغىلىقنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا ئوغلىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم جامائەتنىڭ ئالدىدا كەلىمە شاھادەت

ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ قانداق مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەرگەن.[5]

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن، ياسىن ئاخۇنۇم داموللامنىڭ مەدرىسىدە ئۈچ يىلدەك دىنىي تەلىم ئالغان. بۇ جەرياندا ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىممۇ قاغىلىقتا بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇدەررىسلىك قىلغان. راشىدىن مۇپتىھاجىم ئۇنى ئۆرلىتىپ ئوقۇتۇش مەقسىتىدە ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم بىلەن بىرگە «خانلىق مەدرىسە» گە ئەۋەتكەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم ئۈچ يىلدەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «خانلىق مەدرىسە»نىڭ داڭلىق تالىبۇل ئىلىملىرىگە (ئوقۇغۇچىلىرىغا) ئايلانغان. ھەتتا بۇ مەزگىلدە، بۇ ئىككىيلەن خانلىق مەدرىسىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن كۆزگە كۆرۈنگەن ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش غايىسىگە ئىگە مەخپىي تەشكىلات قۇرۇشقا، ھەر بىرەيلەننىڭ ئۆز يۇرتىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جەدىدىزملىق ئاقارتىش مېتودىنى يولغا قويۇشقا پۈتۈشكەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم «خانلىق مەدرىسە» نى پۈتتۈرۈپ قاغىلىققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، راشىدىن مۇپتىھاجىم بۇ ئىككىيلەننىڭ «خانلىق مەدرىسە»دىكى ھاشىم ئاخۇن داموللام

[5] ئابدۇلقادىر ياپچان 2021 - يىلى 11- ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت جەريانىدا، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ 1978 - يىلى تۈرمىدىكى چېغىدا مۇشۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ۋە سۇلايمان ئاخۇن داموللام قاتارلىق ئۇستازلىرىنى (تەخمىنەن 1946 ـ يىللىرى) قاغىلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بەشئېرىق يېزىسىدا خانلىق مەدرىسەدىن كەلگەن ئۇستازلارنىڭ شەرىپىگە بېغىشلاپ كاتتا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرغان؛ زىياپەتكە قاغىلىقنىڭ داڭلىق زاتلىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشقان. زىياپەت جەريانىدا ئۇستازلارغا تون كىيگۈزۈلگەن.

راشىدىن مۇپتىھاجىم ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنى قاغىلىقتا تۇرۇپ قېلىشقا شۇنچە رىغبەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم ‹ئىنىم ۋە تۇغقانلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ› دەپ گۇمىغا قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققان. ئەمما، ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم، ئىنىسى ھامۇتخان مەخسۇمھاجىم ۋە تۇغقىنى پارساخان مەخسۇم قاتارلىقلار مۇئەييەن سەۋەبلەر تۈپەيلى گۇمىغا بارماي، قاغىلىققا قايتىپ كەلگەن. پارساخان مەخسۇم بىر مەزگىلدىن كېيىن گۇمىغا كەتكەن. راشىدىن مۇپتىھاجىم ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم بىلەن ھامۇتخان مەخسۇمھاجىمنى ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن قاغىلىقتا ئېلىپ قالغان ۋە قىزى ھۆمەيرا خېنىمنى ھامۇتخان مەخسۇمھاجىمغا نىكاھ قىلىپ ئۆيلەپ قويغان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم ياسىن ئاخۇن داموللام مۇدىرلىق قىلغۇاتقان قاغىلىقتىكى «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دا بىرلىكتە ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ جەرياندا، نۇرغۇن ياشلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي روھىنىڭ ئويغىنىشىغا تۆھپە قوشقان. ئۇ

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەكەنگە بېرىپ،

بىر مەزگىل ئەمىتاخۇن خەلپەت دېگەن سوپى ئۆلىمادىن تەسەۋۋۇپ تەلىم - تەربىيەسى ئالغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنىڭ تۈرمىدىشى شەۋكەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەر ئىككىيلەن تۈرمىدىكى مەزگىلىدە ناماز، روزا قاتارلىق ئىبادەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، زىكىر - تەسبىھ ئېيتىشنى توختۇتۇپ قويمىغان. شەۋكەت ئەلى ئەپەندى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

تۈرمە تاماقلىرىغا قوينىڭ تاپ گۆشى سېلىناتتى؛ ھەممىمىز بۇنى بىلىپ تۇرساقمۇ، ھېچقايسىمىز بىر نەرسە دېيەلمەيتتۇق. بىز بىر ياقتا تۇرۇپ تۇرايلى، تۈرمىدىكى خېلى كاتتا ئۆلىمالارمۇ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. كۆپىنچە كىشىلەر تاماقنىڭ گۆشىنى ئايرىپ قويۇپ، ئېشىنىلا يەيتتى. 1976 - يىلى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تۈرمىگە كىرىپ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاشخانىدا: «تاپ گۆشنى يېيىش ھارام، ئۇ گۆش ئىشلىتىلگەن تاماقنى يېيىشمۇ ھارام، بىز ئۆلسەكمۇ بۇنداق تاماقنى يېمەيمىز» دەپ ۋارقىراپ، تاماقنى تۆكۈۋەتتى. قالغان ئۆلىمالارمۇ <توغرا> دېيىشىپ ئاۋاز قوشۇشتى ۋە مەخسۇمغا ئەگىشىپ قاچىسىدىكى تاماقلىرىنى تۆكۈۋەتتى. گۇندىپايلار خېلى پوپوزا قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇ تاماقنى يېمىدى. بۇ ئەھۋال ئۇدا بىر قانچە كۈن تەكرارلانغاندىن كېيىن، تاماققا قوينىڭ تاپ گۆشى سېلىنمايدىغان بولغان ئىدى. ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم قاتارلىق تۈرمىدىكى ئالىم - ئۆلىمالار ۋە ئىنقىلاپ پىشىۋالىرى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ بۇ جاسارىتىگە ئالاھىدە قايىل بولغان ئىدى.

راشىدىن مۇپتىھاجىم شېھىت بولغاندىن كېيىن، قاغىلىقنىڭ بېگى ھەبىبۇللاھ ئەلەم دېگەن كىشى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغا

قازىلىق مەنپىسىنى ئۆتەشنى تەكلىپ قىلغان، ئۇ دەسلەپتە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلغان، بولسىمۇ، كېيىنچە باشقىلارنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1951 - يىلى خىتايلار «مەھكىمە شەرئى»نى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1951 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە بامدات نامىزىدىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك قاغىلىق چوڭ جامەسىدە قۇرئان كەرىمنى باشتىن ئاخىرىغىچە تەپسىر قىلغان. بۇ قاغىلىق تارىخىدا قۇرئان كەرىمنىڭ باشتىن ئاخىرىغىچە تۇنجى قېتىم تولۇق تەپسىر قىلىنىشى بولۇپ قالغان. ئەينى چاغدىكى قۇرئان كەرىم تەپسىر دەرسلىرىگە قاتناشقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، دەرس ناھايىتى ياخشى داۋاملاشقان بولۇپ، قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيگەن. تەپسىر دەرسىدە ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ھەقىقىيلىقى ئەقلىي ۋە ئىلمىي دەلىللەر بىلەن قايىل قىلارلىق شەكىلدە ناھايىتى ياخشى ئىزاھلاپ بېرىلگەن. تەپسىر دەرسىگە قېتىلغان بىر كىشىنىڭ دېيىشىچە (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ)، مەخسۇم ئىككى ئايغا يېقىن «ئىنسان مايمۇندىن تەرەققىي قىلغان» دېگەن سەپسەتىگە ئىلمىي دەلىللەر بىلەن رەددىيە بەرگەن.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەسلىمەنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشنى زۆرۈر، دەپ قارايمەن: قاغىلىقتىكى ئۇستازىم ئابلەت ئېزىز داموللامنىڭ مەدرىسىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. 1984 - يىلى بولسا كېرەك، بازارغا يېڭى چىلگە كىرىشكە باشلىغان مەزگىل ئىدى. شۇ يىلى ئابلەت ئېزىز داموللام مەدرىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىغان بولۇپ، بىزنى قۇم ئەكېلىش ئۈچۈن يېتىلىقۇم يېزىسىغا ئەۋەتكەنىدى. بىز تىراكتور بىلەن يېزىغا بېرىپ، كۆزۈپقا قۇمنى ئۇسسۇپ بولۇپ، تاماق يەيلى

دەپ ئولتۇردۇق. قارىساق يېقىن يەردە بىر ئېتىزلىق باركەن. ئارىمىزدىكى بىرەيلەن: «تەرەت سۇندۇرغىلى بارغانىدىم، قارىسام قوغۇنلۇق باركەن-، دېۋىدى»، بىزنى ئېلىپ بارغان خەلپەت: «ئۇنداقتا بىرىپ قوغۇن ئېلىپ كېلەيلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر قانچىمىز خەلپەت بىلەن بىرلىكتە قوغۇنلۇققا باردۇق. ئۇ يەردە خېلىلا يوغىنىغان قوغۇنلار باركەن. ئېتىزلىقنىڭ بولۇڭىدىكى بىر كەپىدە، 65 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر دېھقان بوۋاينىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ يېنىغا باردۇق. خەلپەت مۇددىئايىمىزنى چۈشەندۈرۈپ، بىزگە قوغۇن بېرىشىنى ياكى سېتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. بوۋاي:

- مەن تېخى قوغۇننى ئۈزۈپمۇ باقمىدىم، بىرقانچە كۈنلۈكى بار-، دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. بىز قايتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ماڭا قاراپ:

- مەن سېنى بىرىگە ئوخشاتتىم. سەن كىمنىڭ بالىسى-، دەپ سورىدى. مەن:

- ئاتائۇللاھخان مەخسۇمنىڭ ئوغلى-، دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن سېنى راشىدىن مۇپتىھاجىم دېگەن كىشىگە ئوخشاتتىم-، دېدى. مەن:

- راشىدىن مۇپتىھاجىم مېنىڭ بوۋام بولىدۇ-، دېدىم. ئۇ كىشى:

- راشىدىن مۇپتىھاجىم بەك كاتتا ئۆلىما ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى. ئوغلى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇممۇ ھەم دىندا، ھەم پەندە بەك چوڭ ئالىم ئىدى. ئۇ قاغىلىق چوڭ جامەدە قۇرئان كەرىمنى ئۈچ يىلدا باشتىن ئاخىرىغىچە تەپسىر قىلدى؛ ناھايىتى قايىل قىلارلىق دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ تەپسىر

قىلالاتتى. بەزىدە جامەنىڭ تۈنەكخانىسىغا جامائەت سىغماي قالاتتى. مەنمۇ ئۆيۈمنىڭ ئۇزاق بولۇشىغا قارىماي قاتنىشاتتىم. «ئىنسان مايمۇندىن ئۆزگەرگەن» دېگەن سەپسەتە توغرىسىدا قۇرئاندىن ئايەتلەرنى، باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ ، ئۈچ ئايدەك تەپسىر قىلغانتى ـ ، دەپ، تاغام ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ھەققىدە ئۇزۇن پاراڭ قىلىپ بەردى. بۇ جەرياندا بىزگە پۇل ئالماستىنلا قوغۇن ۋە نان بەردى. كېيىن باللار مەندىن مەدرىسىگە قايتقىچە تاغام ھەققىدە نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. مەن شۇ چاغدا يەنە بىر قېتىم بوۋام ۋە تاغامدىن پەخىرلەندىم. «مىللەت ئۆزىنىڭ دىنىغا، مىللىتىگە ۋە ۋەتىنىگە خىزمەت قىلغانلارنى ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەيدىكەن».

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1953 ـ يىلى ئۇستازى ياسىن ئاخۇن داموللام مۇدەررىسلىك قىلغان دۆڭ مەدرىسىدە بىر مەزگىل ساۋاقدىشى ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم بىلەن بىرگە مۇدەررىسلىك قىلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئابلەتخان (ئابدۇلئەھەدخان) مەخسۇمھاجىم، مەمتېلان (مۇھەممەد ئەلى ئاخۇن) خەلپىتىم، شەمسىدىن قارىم، ئابلا (ئابدۇللاھ) روزى داموللام، مەتقۇربان (مۇھەممەد قۇربان) داموللام ۋە مەمتىمىن (مۇھەممەد ئەمىن) داموللام قاتارلىق خوتەن ۋە گۇمىدىن كەلگەن تالىپلارغا يۇقىرى سەۋىيەلىك دەرسلەرنى ئۆتكەن.

## سىياسىي ھاياتى

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم كوممۇنىست خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەرلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋالىيسى

قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئاخۇنۇفلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ئاتائۇللاخان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەر ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرى 1951 ـ يىللىرى قاغىلىققا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بەشئېرىق تۆۋەن ئۇياڭدىكى ئۆيىگە بېرىپ، ئاكىسى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن سۆھبەتلەشكەنىكەن. ئاتائۇللاھخان مەخسۇم ئىككىسىنىڭ سۆھبەتلىرى ئەسناسىدا ئۆزئارا شېئىر ئوقۇشقانلىقىنى كۆرگەن ۋە شېئىرلارنى ئاڭلىغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ قاسىمجان قەمبىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان.

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا بەزى «ئىمتىيازلار»نى بەرگەن بولۇپ، شۇ قاتاردا ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغىمۇ <دادىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن> كىشى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان. 1950 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە قاغىلىق ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، قاغىلىق ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قاغىلىق ناھىيەلىك سوۋېت ـ جۇڭگو ئىتتىپاق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، 1953 ـ يىلى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقى ۋەزىپىسى تەكلىپ قىلىنغان. دوستلىرى ئۇنى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئانىسى خېلىچ

خېنىم «قوبۇل قىلماسلىق»نى تەلەپ قىلىپ: «داداڭنى شۇ خىتايلار ئۆلتۈرۈۋەتتى، مىللىتىڭگە ھەقىقىي خىزمەت قىلساڭ، بىر كۈنى سېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىزنى ۋە بىر تۇغقانلىرىڭنى تاشلاپ قويۇپ، نازىرلىق ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ كېتىپ قالساڭ، مەن سەندىن ھەر ئىككى دۇنيا رازى بولمايمەن» دېگەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سەھىيە نازىرلىقى ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قاغىلىق ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئۈچ ۋىلايەت تاشقۇرغان ئەسكىرى قوماندانلىقىدا دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان دوستى ئىسھاقجاننى (ئۆزبېك) سەھىيە نازىرلىقىغا كۆرسەتكەن.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1951 - يىلى «قەشقەر گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ئەھمەد زىيائىي بىلەن تونۇشۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلارنىڭ ئىشغالىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنىڭ پىلان - لايىھەلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان. تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن، خىتايلار ئۇنى «ئەھمەد زىيائىي بىلەن قانداق پىلانلارنى تۈزدۈڭ، سەن يازغان شەرقىي تۈركىستان لايىھەسى قەيەردە، ئۇنىڭدا نىملەرنى يازدىڭ» دەپ چىدىغۇسىز قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىپ سوراق قىلغان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1956 - يىلى قاغىلىق سوتسىيا - لىستىك سودا - سانائەتچىلەر كوپىراتىپىنىڭ مەسئۇلى بولغان. بۇ كوپىراتىپتا قاغىلىقتىن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم، ئىنىسى ھامۇتخان مەخسۇمھاجىم، مەتنۇر كېرەم ۋە ھاپىز ئاخۇن قىلتاق قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئورۇن ئالغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم گەزمالچىلىق قىلغان بولۇپ، خوتەن ۋە قەشقەردىن رەخت ۋە كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئەكېلىپ ساتقان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1957 - يىلى چېگىدۇدا ئېچىلغان مىللەت مەجلىسى (خەلق قۇرۇلتىيى) يىغىنىغا قاتناشقان ۋە خىتاي باش مىنىستىر جۇ ئېنلەي بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشكەندە، خىتايلارنىڭ «بىز گومىنداڭنى يوقىتىش ۋە سىلەرنىڭ ئەمىنلىكىڭلارنى ساقلاش ئۈچۈن كەلدۇق، ئۈچ يىل بىلەن بەش يىل ئىچىدە كېتىمىز» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىم تارىخقا ئىگە، تارىختا ئۆز ئالدىدا دۆلەت قۇرغان، مەدەنىيەت ياراتقان ئايرىم تېررىتورىيە، يېتەرلىك نوپۇس ۋە دۆلەت قۇرۇش كۈچىگە ئىگە بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ زىيا سەمەدى ۋە ئىبراھىم تۇردى قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئۇلار ئۈرۈمچىدە ئۆزئارا تونۇشۇپ، سائەت - سائەتلەپ ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى توغرىسىدا سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزگەن.

1957 - يىلى خىتاي مىقياسىدا باشلانغان «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى، شەرقىي تۈركىستاندا «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئېچىلىپ سايراش» دولقۇنى تۈسىدە ئېلىپ بېرىلغان. خىتاي پارتكومىنىڭ 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە ئاچقان «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» يىغىنىغا ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇممۇ قاتناشتۇرۇلغان. يىغىن ئەسناسىدا، يىغىنىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئۇيغۇر ئالىم - ئۆلىمالىرىنى زىيالىيلىرىنى تۇتۇش ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم، ئايىغىنى يىغىن ئېچىلغان ئىدارىدىكى قۇدۇقنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنى ئىزدىگەن خىتايلار قۇدۇق يېنىدىكى ئاياغنى كۆرۈپ <قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ> دەپ ئىزدەشنى توختاتقان. مەخسۇم بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر مەزگىلگىچە ئۆز يۇرتىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ھارماس پىدائىيسى ئابدۇقادىر ياپچانىنىڭ دېيىشىچە، سىياسىي ئۇستازى ۋە تۈرمىدىشى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم، ئابدۇرېشىت قارىم ياغچى، مۇھەممەد ئۆمەر ھاجىم، ئەمىتاخۇن (ئەھمەد ئاخۇن) خەلپىتىم (يوپۇرغا)، سۇلايمان داموللام، مەخمۇت قارى (يوپۇرغا) ۋە ياقۇپ داموللام قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدا ئەستايىدىل پىلان - لايىھەلەرنى تۈزۈپ، 1956 - يىلى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى»نى قۇرغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى ۋە دۆلەت قۇرۇش لايىھەلىرىنى يېزىپ چىققان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1958 - يىلى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ قارارىغا بىنائەن، شەرقىي تۈركىستاننى تاشقى دۇنياغا تونۇتۇش ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ب د ت غا مەكتۇپ يازغان. ئۇ چاغدا كوممۇنىست خىتاي ب د ت نىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزاسى ئەمەس ئىدى. ئۇ مەكتۇپنى ئىنىسى ھەبىبۇللاھ مەخسۇم ئارقىلىق بېيجىڭدىكى مىسىر ئەلچىخانىسى ۋاسىتىسى بىلەن يوللىغان. ھەبىبۇللاھ مەخسۇم شۇ يىللاردا مۇھەممەد سالىھ داموللام، ئابدۇللاھ روزى داموللام قاتارلىق تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە بېيجىڭدىكى «جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى»دا ئوقۇۋاتاتتى. ئىنستىتۇتتا مىسىرلىق ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، يېمەك - ئىچمەك، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. ئابدۇللاھ روزى داموللامنىڭ 1989 - - يىللىرى «شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى»دا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە دەپ بېرىشىچە، ھەبىبۇللاھ مەخسۇم ناھايىتى خۇشخۇي، كېلىشكەن ۋە

خۇشچىراي كىشى بولۇپ، ئىككىسى ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار ھەپتە ئاخىرلىرى ئەرەبچىنى ياخشى سۆزلەش ۋە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەمىشە دېگۈدەك مىسىر ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىخانىسىدىكىلەر، مۇسۇلمانلار تاماق يەيدىغان تونۇشقان ئاشخانىسىغا بېرىپ، ئەلچىخانا خادىملىرى بىلەن ئەرەبچە سۆزلەشكەن ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مىسىر ئەلچىخانىسىدىكى خادىملار بىلەنمۇ، كونسۇل بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ مەكتۇپى ب د ت غا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، بەختكە قارشى خىتاينىڭ ب د ت دىكى ۋەكىلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. كوممۇنىست خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بۇ ھادىسىدىن خەۋەر تېپىپ، مەكتۇپنىڭ ب د ت غا قانداق يېتىپ بارغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، مىسىر كونسۇلخانىسى خادىملىرى ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن ئالاقە قىلىۋاتقان ھەبىبۇللاھ مەخسۇمنى ئېنىقلاپ، كۆزىتىشكە باشلىغان. بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، مەكتۇپنىڭ ئابدۇلھەمىد راشىدىنىڭ ئىنىسى ھەبىبۇللاھ راشىدىن ئارقىلىق يوللانغانلىقى ئېنىقلانغان ۋە ھەبىبۇللاھ راشىدىن مەكتەپتىن قوغلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. خىتاي ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنى نۇقتىلىق كۆزىتىش ئارقىلىق 1958 - يىلى 11 - ئايدا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى»نى پاش قىلغان. تەشكىلات پاش بولغاندىن كېيىن، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم قېچىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. شۇ مەزگىلدە مەخسۇمنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلۇپ، نۇرغۇن كىتاب، قولىيازما ماتېرىياللار ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى مۇسادىرە قىلىنغان. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم، ئابدۇرېشىت قارىم ياغچى، مۇھەممەد ئۆمەر ھاجىم، مەمتىمىن

ھاجىم ۋە ياقۇپ دامولللام قاتارلىق كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1959 - يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ جازالانغان، 1966 - يىلى تۈرمىدىن چىققان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئىنىسى ھەبىبۇللاخان مەخسۇمھاجىم بىلەن ئۈرۈمچى، قاراماي، قەشقەر ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر ئارىسىدا ئاساسلىقى رەخت ۋە رەخت بېلىتى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا مەيلى ئۈرۈمچىدە ئىنىسى كەرىمۇللاخاننىڭ ئۆيىدە تۇرغان چاغلىرىدا بولسۇن، مەيلى قارامايدا ئىنىسى ئابدۇلئەھەتخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا بولسۇن، ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. «تارىخىي يادنامە» ناملىق مۇھىم تارىخى ئەسىرى ۋە باشقا بىر قانچە ئەسىرىنى مۇشۇ مەزگىلدە يازغان. ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ تاملىرىغا ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ھۆسنخەت قىلىپ يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى ئېسىلغان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا (1967 - يىلى) ئەھمەد زىيائى قاتارلىق سەپداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئەستايىدىل مەسلىھەتلەرنى قىلىشقان. ئۇ ۋە ئەھمەد زىيائىي قاتارلىق بىر تۈركۈم دىنىي ئۆلىمالار دەسلەپتە «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى» گە قېتىلىش قارارىغا كەلگەن. پارتىيە مەركىزىدە ئېلىپ بارغان سۆھبەتتىن كېيىن، بەزى بىر سەۋەپلەردىن بۇ پارتىيەگە قېتىلمىغان. شۇ يىللاردا سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ئېزىلگەن، زېمىنلىرى ئىشغال قىلىنغان مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش، بولۇپمۇ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە «دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ

قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان سىياسىيونلار ۋە تەشكىلاتلارمۇ بار ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار دۇنياسى ۋە دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، بۇ تەشكىلات بىلەن يېقىندىن ئالاقە ئورنىتىشقا تىرىشقان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم، ئەھمەد زىيائى، ئەمەت ئەلەم ئاخۇنۇم، سۇلايمان داموللام، مەخمۇت قارى ۋە ئابلىمىت ئەيەنەك قاتارلىق بىر تۈركۈم دىنىي ئۆلىما ۋە زەيىللار 1967-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى» نى قۇرغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن ئەھمەد زىيائى بۇ تەشكىلاتنىڭ 40 ماددىلىق نىزامنامىسىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى ئىككى نۇسخا كۆپەيتىپ، بىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، «دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى» نىڭ مەقسەت-غايىسى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى بايان قىلىنغان بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن بىرلىكتە ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ھەبىبۇللاھ مەخسۇم ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا يوللىغان. يەنە بىر نۇسخىسىنى ئەھمەد زىيائىي بىر يوتقانىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان.[6] بۇ مەزگىلدە تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ

[6] بۇ مەلۇماتلار 2021-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئامېرىكادا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان پىشقەدەم مۇجاھىد شەۋكەت ئەلى دېگەن كىشى بىلەن توردا ئېلىپ بارغان سۆھبەتنى ئاساس قىلىدۇ. شەۋكەت ئەلى 1949-يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1960-يىللىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەتلەرگە قېتىلغان. دەسلەپتە 1970-يىلى تۇتۇلۇپ بىر يىل تۈرمىدە ياتقان. ئىككىنچى قېتىم 1975-يىلى «شەرقىي تۈركىستان

قارارغا بىنائەن ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «يەتتە ھايات» ناملىق داڭلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر ئەينى چاغدا دىنىي زىيالىيلارنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە نۇسخىلاپ تارقىتىلغان.

1968 ـ يىلى خىتايلار ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ئۈستىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان. بىر يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم 1969 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كېلىپ، خانلىق مەدرىسىدە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئوسمان ھاجى ئىشاننىڭ ئوغلى مەمەت ساۋۇت دېگەن كىشىنىڭ ئۆستەڭبويىدىكى تېۋىپلىق دۇكىنىغا بارغان. كەچكە يېقىن مەمەت ساۋۇت ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنى ئۇنىمسا ئۇنىماي ئۆيىگە ئېلىپ بارغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم مەمەت ساۋۇتقا بارغان - تۇرغان يەرلىرىدىكى بارلىق ئىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەندىن سىرت، يېنىدا 2000 يۈەن نەق پۇل، 500 مىڭ مېتىر رەخت بېلىتى، 50 مىڭ كىلو ئاشلىق بېلىتى، ئون ئۈچ يېرىم سەر ئالتۇن، «تارىخىي يادنامە» ۋە «يەتتە ھايات» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى دېگەن. بۇ ئارىدا ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ كۈيئوغلى قاغىلىقتىن قەشقەرگە كېلىپ، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغا تاشقۇرغانلىق تاجىكلار بىلەن سۆزلىشىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتقان. مەمەت ساۋۇت

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى»نىڭ يېتەكچىلىرى دەپ قاملىپ، 1985 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققان. 1999 ـ يىلى ئامېرىكاغا بېرىپ ئورۇنلاشقان. شەۋكەت ئەلى ئابدۇلھەمىد راشىدىن ۋە ئەھمەد زىيائىي بىلەن 1978 ـ يىلى قالغاچ بىنام تۈرمىسىدە كۆرۈشكەنىكەن ۋە تۈرمىدىن چىققۇچە (1981 ـ يىلى) بىرگە بولغان.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ «بىز قايتىپ كېتەيلى» دېگىنىگە ئۇنىماي، «ئالدىرىمىسىلا، نەرسە - كېرەكلىرى ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن، شام ئوقۇپ كىرىپ بىر نەرسە دېيىشەيلى» دەپ نامازغا ئېلىپ چىققان. مەمەت ساۋۇت مەسچىتكە كىرگەندە، «مەن تەرەت ئېلىۋالاي، سىلى كىرگەچ تۇرسىلا» دەپ ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمدىن ئايرىلىۋالغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ناماز شامنى ئوقۇپ، بىر مېيىت نامىزىغا قاتنىشىپ ئۆيگە قايتىۋاتقاندا، ئىككى ئەسكەر كېلىپ تۇتۇپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، مەمەت ساۋۇت خىتاي ئەنچۈەن (دۆلەت بىخەتەرلىكى)گە ئىشلەيدىغان مۇناپىق ئىكەن.[7]

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1969 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە قەشقەر شەھەر يۇمۇلاقشەھەر تۈرمىسىدە ياتقان. 1976 - يىلىدىن 1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە پەيزىۋات قالغاچتىكى «كاما دۆڭ» تۈرمىسىدە ياتقان.

---

[7] بارات ھاجى، «پاجىئە ۋە كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات»، شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى، (نەشرىيات ئورنى ۋە نەشر قىلىنغان ۋاقىت قەيت قىلىنمىغان)، 90- 91 - بەتلەر. يەنە بۇ ۋەقەنىڭ ئەينىنى ئىنىسى كەرىمۇللاھخانمۇ سۆزلەپ بەرگەن. خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسىنىڭ غوللۇق ئەزاسى ئابدۇرەشىد ھاجى كەرىمى بىلەن 2021 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدە ئىستانبۇلدىكى ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدە، ئابدۇلھەمىد راشىدىن بىلەن قالغاچ بىنام تۈرمىدە كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەمەت ساۋۇت دېگەن بىر مۇناپىقنىڭ تۇتۇپ بېرىشى بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى دەپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئابدۇرەشىد ھاجى كەرىمى ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، 1942 - يىلى تۇغۇلغان، خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ۋە خىتاي تۈرمىسىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ ۋەتەن ئىچىدىكى مۇجادىلە ھاياتىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. ئابدۇرەشىد ھاجى كەرىمى ھازىر شۋېتسىيەدە ياشىماقتا.

خىتاي جاللاتلىرى تۈرمىدە ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنى چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل كامېرداش بولۇپ تۈرمىدە ياتقان بارات ھاجىمنىڭ (1910 ـ 2003) ھاياتى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنغان «پاجىئە ۋە كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات» ناملىق ئەسەردە، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ تۈرمىدە تارتقان تىلغا ئالغۇسىز قىيىن ـ قىستاقلار ئەسلەپ ئۆتۈلگەن.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېچە قاغىلىقتىكى ئۆيىگە يېتىپ بارغان. ئەتىسى (1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە ئوت كېتىپ پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلانغان. قاغىلىق خەلقى قوللىرىغا كۆسەيلەرنى ئېلىپ، «ئوت قويغۇچىلارنى تېپىپ بەر، جازالاپ بەر» دەپ نامايىش قىلغان. بۇ ۋەقە شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا «كۆسەي ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان. خىتاي ۋەقەنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغا دۆڭگەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقى پاش بولۇپ قالغان.

بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش جەريانى تۆۋەندىكىچە: قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى تۆگىچى كوچىسى دۆڭچاقا مەھەللىسىدە بىر مەسچىت بار بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خىتايلارتەرىپىدىن چېقىۋېتىلىپ، ئورنىغا ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئىدرىس توختى دېگەن بىرىگە ئۆي سېلىپ بېرىلگەن. 1979 ـ يىلى خىتايدا سىياسەت ئۆزگىرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ۋەزىيەت بىر ئاز يۇمشىغاندىن كېيىن، تاقالغان جامە مەسچىتلەرنى ئېچىشقا، چېقىۋېتىلگەنلىرىنى قايتىدىن سېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. قاغىلىق خەلقى چېقىۋېتىلگەن مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن مەسچىت سېلىش ئۈچۈن،

ئىدرىس توختىنغا مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆيىنى بوشىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ قوبۇل قىلماي «ماڭا دۆلەت بەردى، ھېچقانداق كۈچ مېنى بۇ ئۆيۈمدىن كۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ، يامان بولساڭ چىقىۋېتىش» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئامىغا تەھدىت سالغان. خەلق سىياسىي كېڭەش ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بىر قانچە قېتىم ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغان. قاغىلىق خەلقى ئاخىرى 1980 - يىلى ئەتىياز مەزگىلىدە ئىدرىس توختىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى سىرتقا ئەچىقىۋېتىشكە تەمشەلگەندە، ئۇ نائىلاج ئۆيىنى بوشىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، «مۇشۇ مەسچىتتە بىر نامازئوقۇپ باققىنىڭنى كۆرەي» دەپ يەنە بىر قېتىم تەھدىت سالغان. قاغىلىق خەلقى پەۋقۇلئاددە قىزغىنلىق ئىچىدە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، مەسچىتنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە پۈتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ئاتائۇللاخان مەخسۇمھاجىمنى ئىمام قىلغان. خىتاي ئىدرىس توختىنغا ئىش ئۆگىتىپ، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تۇرمىدىن چىقىپ ئۆيىگە كەلگەن كۈنى كېچىدە مەسچىتكە ئوت قويۇۋېتىپ، جاۋابكارلىقنى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن ئىنىسىغا دۆڭگەپ قويۇشنى پىلانلىغان. بىراق 1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېچە ئىدرىس توختى مەسچىتكە ئوت قويۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئەسنادا مەھەللىدىكى بىرقانچە كىشى ئۇنى قولىدا بىر باك كۆتۈرۈۋالغان ھالەتتە كۆرۈپ قالغان. بۇلارنى ئاڭلىغان خەلق، 1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كوسەينى كۆتۈرۈپ، ئىدرىس توختىنى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە بارغان. بۇ نامايىش بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان، ھۆكۈمەت تەرەپ <ئىدرىس توختى قېچىپ كەتتى> دەپ تۇرۇۋالغان. خىتاي ھۆكۈمىتى قاغىلىقنىڭ نامايىشقا قاتناشقان مۇنەۋۋەر كىشىلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، نامايىشچىلارنى

تارقاقلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قاغىلىقتا «ھەربىي ھالەت» ئېلان قىلغان. كېيىنچە ئىدرىس توختىنىڭ قارامايى ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇھىم خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

تۇرمىداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتايلار تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمغا سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش باھانىسى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك نېرۋىسىنى كاردىن چىقىرىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغان دورىلارنى ئىچكۈزگەن. ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى سەپداشلىرى ۋە تالىپلىرىنىڭ ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدىكى داۋالاشلارنىڭمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم قەشقەردىكى مەزگىلدە يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىدىكى ئىلى قارىھاجىم ۋە ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ ئۆيىدە تۇرغان. دوختۇرخانىدا ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن دوختۇرخانا باشلىقى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر دىيالوگ بولۇپ ئۆتكەن:

مەخسۇم ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن دوختۇرخانا باشلىقىدىن: «بىر كېسەلنى ساقايتىشنىڭ ياكى بىر كېسەلنىڭ ساقىيىشىنىڭ يولى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇ كىشى: «دىياگنوز ياخشى قويۇلسا، بىمار ئۈنۈمى ياخشى دورا ئىچىپ، ئوبدان غىزالانسا كېسەل ساقىيىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەخسۇم ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «ـ توغرا ئەمەس، كەم بولۇپ قالدى. بىر كېسەلنىڭ ساقىيىشىنىڭ يولى ئاۋال ھاۋالىنىش، روھىي راھەتلىنىش، غىزالىنىش ۋە داۋالىنىش. بۇلار تولۇق بولمىسا، داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ» دېگەن.

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا قاغىلىق بەشئېرىقتىكى ئىنىسى ھەمدۇللاخان مەخسۇم ۋە تۇنجى ئۇستازىنىڭ ئوغلى مۇتىۋەللا (مۇتىيئۇللاھ) قارىمنىڭ ئۆيىگە چىقىپ بىر مەزگىل تۇرغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم مۇتىۋەللا قارىمغا ئۆزىنىڭ كونا بەقسەم تونىنى بېرىپ، ئۇنى يېشىل قۇم بىلەن يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، ئۆزىنىڭ نامىزىنى شۇ تونىنى كىيىپ تۇرۇپ چۈشۈرۈشىنى ۋەسىيەت قىلغان. مەخسۇم 1981 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بەشئېرىق يېزىسىدا ۋاپات بولغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم قاغىلىقتىكى داڭلىق ئالىم ئېلىخان مەخسۇمنىڭ قىزى ئاتىكە خېنىمغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرابىيە خېنىم، نۇرۇللاھخان، نۇسرەت خېنىم، بۇئەزىزە خېنىم، مۇنەۋۋەر خېنىم، مۇبارەك خېنىم ۋە مۇھەممەد ھۈسەيىن ئىسىملىك پەرزەنتلىرى بولغان.

## ئىلمىي ئىجادىيىتى

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم يۇقىرى ئىلمىي قابىلىيەتكە ئىگە يېتۈك دىنىي ئالىم، تارىخچى ۋە شائىر ئىدى. ئەرەب، خىتاي ۋە پارس تىللىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئىنىسى ئاتائۇللاخان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم «خوتەن دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنى تاماملاپ، قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، شېئىر ۋە ھېكايە يېزىشقا باشلىغان. بۇ مەزگىلدە ئاساسلىقى ئىشقى - مۇھەببەت، خۇراپاتلىققا ۋە مۇسۇلمانلاردىكى بەزى سەلبىي ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرگە قارشى ھەجۋىي شېئىرلارنى يازغان. شېئىرلىرى خەلق ئىچىدە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم

دادىسى راشىدىن مۇپتى ھاجىم بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن، دىنىي ۋە مىللىي خاراكتېردىكى شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغان. قەشقەر «خانلىق مەدرىسە»نى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر تۈرلۈك ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆزىنىڭ شەۋكەت ئەلى ئەپەندىمگە دەپ بېرىشىچە، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم ئۈچىنچى ئەۋلاد تارىخچى ئىدى. يازغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۇدەك تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «تارىخى يادنامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمىدا: «ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن بىر سىياسەتچى ۋە رەھبەر، رولنى تۇتماي ماشىنا ھەيدىگەن شوپۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇ شوپۇر ھەم ئۆزىنى ھەم ماشىنىدىكىلەرنى ھاڭغا تاشلايدۇ» دېگەندەك ئىبارىلەرگە ئورۇن بەرگەن. ئۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر شېئىر بار ئىدى:

*تارىخ ھەقىقەت ئېگىلىۇر سۇنماس،*
*ئۆلۈكنى قار بىلەن كۆمگىلى بولماس.*
*تارىختۇر ئۆتمۈشنى ئەسلەتكۈچ كومپاس،*
*كەلگۈسى ھاياتقا قانۇنىي ئاساس.*

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم شېئىرلىرىدا كۆپىنچە «رۇشتى»، «رىزائۇلھەق» ۋە «ئەلى بۇغرا» دېگەندەك تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەن. ئەرەبچە شېئىرلىرىنىڭ كىرىش قىسمىدا، 1969 ـ يىلى تۈرمىگە تاشلىنىش ئالدىدا تۇغۇلغان ئوغلى مۇھەممەد ھۆسەيىنىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ، ئەرەبلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھۆسەيىنىنىڭ دادىسى مەنىدە «ئەبۇلھۆسەيىن» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن، ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىدا بولسا «رىزائۇلھەق» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

## ئەسەرلىرى

### 1. «ۋەتەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم «ۋەتەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۇرمە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەلەمگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەۋى ئالاھىدىلىكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنغان جەمئىي 500 كۇپلېت شېئىر بار ئىدى. مەسىلەن كۇچانىڭ كۆرپىسى، ئالتاينىڭ ئېتى، كورلىنىڭ نەشپۈتى.... دېگەندەك. ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بۇ شېئىرلار توپلىمىنى 1977 - 1979- يىللىرى ئارىسىدا يازغان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم كالا ھارۋىسىدا يانتاق توشۇيدىغان بولۇپ، يول بويى شېئىر ئوقۇپ ماڭىدىكەن. مەخسۇم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەزرىتى نۇھنىڭ ئوغلى ياپەستىن باشلىغان نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى يازغان بولۇپ، تارىخىي ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ھەر بىر شېئىردا شۇ ۋەقەنىڭ ۋاقتى ئەبجەت ھېسابىدا شېئىرغا كىرگۈزۈلگەنىكەن. ئۇ <مۇشۇ ئەسەرنى پۈتكۈزمىسەم بولمايدۇ> دەپ قاتتىق كۈچ چىقارغان بولۇپ، باشقىلار ئەنسىرەپ: «مەخسۇم كاللىدىن كېتىپ قالىدىغان بولدى» دېيىشكەن. شەۋكەت ئەلى ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق بۇ شېئىرلار توپلىمىنى مەخسۇمدىن بىۋاستە ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىپ ئوقۇغان بولۇپ، ئاتۇش سۇنتاغلىق ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم دېگەن سەپدىشى بىر نۇسخىسىنى كۆچۈرۈپ بەرگەن. تۆۋەندىكىسى شۇ شېئىرلارنىڭ بىر مىسراسى:

... ... ...

*بىرلىيالىت كۆزلۈك ئۇزۇكنىڭ جەۋھىرى قانىم ۋەتەن.*

**2. يەتتە ھايات**

«يەتتە ھايات» ناملىق بۇ ئەسەر، 1967 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە قۇرۇلغان «دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى» تەشكىلاتى رەھبەرلىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەسەردە، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان يەتتە ھاياتى يەنى: دىنىي ھاياتى، كىشىلىك ھاياتى، ئىجتىمائىي ھاياتى، ئىلمىي ھاياتى، ئىقتىسادىي ھاياتى، سىياسىي ھاياتى ۋە دۆلەتچىلىك ھاياتى تەپسىلىي ۋە سىستېملىق بايان قىلىنغان.[8] بۇ ئەسەر ئالىم ـ ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن بولۇپ، تەشكىلات ئەزالىرى ئىچىدە تۇشمۇتۇشتىن كۆپەيتىلىپ تارقىتىلغان. خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ كىتابنى قاتتىق چەكلەپ، كۆپەيتىپ تارقاتقۇچىلار ۋە ئۇنى ئوقۇغانلارنى تۈرمىگە سولاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. تەشكىلات ئەزالىرىدىن خوتەنلىك ئابلەتخان (ئابدۇلئەھەدخان) مەخسۇم ھاجىم ۋە مەمەتئېلان (مۇھەممەد ئەلى ئاخۇن) خەلىپىتىم قاتارلىق مەشھۇر ئۆلىما ۋە مۇدەرىسلەر بۇ كىتابنى كۆپەيتىپ تارقىتىش بىلەن ئەيىبلىنىپ، 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.[9]

---

[8] بۇ مەلۇماتلارنى ئابدۇقادىر ياپچان تەمىنلىگەن.

[9] بۇ مەلۇماتلارنى ئابلەتخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ تالىپلىرىدىن سىراجىدىن ھاجىم، ئابدۇلجېلىل تۇران ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم دۆلەت ئېيتىپ بەرگەن.

## 3. مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي قائىدەلىرى (القواعد الاسلامية) ئەلقەۋائىدۇل ئىسلامىيە

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تەرىپىدىن تۈرمىدە يېزىلغان بۇ ئەسەردە، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ھاياتىنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشى ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە بىلىشكە تېگىشلىك ئېتىقادىي، ئىبادەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە مەكارىمى ئەخلاق (ئېسىل ئەخلاق) قاتارلىقلار مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈشىنىشلىك بولۇشىغا ھەمدە ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوئال جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئەسەردە، تىلنىڭ ئاددىي، راۋان ۋە ئەدەبىي بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. قولىمىزدا بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپ تۈرمىدە ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان (2010 يىلى مۇئەللىپنىڭ ئىنىسى ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم تەمىنلىگەن) ئارگىنال نۇسخىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بىلەن تۈرمىدە مەخسۇمنىڭ يېقىن يېزىقنى بىلىدىغان كامىردىشى ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن يېڭى يېزىق قول يازما نۇسخىسى بار؛ ئەسەر بىر مۇقەددىمە، ئۈچ بۆلۈم ۋە خاتىمىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 136 سوئال جاۋابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئەسەرنى ئەينى ۋاقىتتا كۆپەيتىپ تارقاتقان، ھازىر ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئېلىخان ھاجىم (ئەلى ئەمىن) بىلەن 2021 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۆيىدە كۆرۈشكەندە تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا كۆرە، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئەلقەۋائىدۇل ئىسلامىيە مەئە شەۋاھىدۇلقۇرئانىيە (القواعد الاسلامية مع الشواهد القرآنية)ناملىق بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. ئېلىخان ھاجىم ئۆزىنىڭ ئۇ ئەسەرنى كۆرگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزىنىڭ كۆچۈرگەنلىكىنى ۋە كۆچۈرۈلۈپ قولدىن

قولغا تارقىتىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.[10] بۇ ئەسەر «مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسلىرى» ناملىق ئەسەرى ياكى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ 1950 - يىللىرىدىكى قاغىلىق جامەسىدە سۆزلىگەن قۇرئان تەپسىرىنىڭ قەلەمگە ئېلىنغان شەكلى بولۇشى مۇمكىن. ئېلىخان ھاجىم، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان.

### 4. تارىخى يادنامە

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ «تارىخى يادنامە» ناملىق بۇ تارىخىي داستانى تۆت بۆلۈمگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە، تۈركلەر (ئۇيغۇرلار)نىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى تارىخى، ئىككىنچى بۆلۈمدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۇتۇق بۇغراخاندىن تارتىپ خىتاي ئىشغالىغىچە بولغان تارىخى، ئۈچىنچى بۆلۈمدە، خىتاي ئىشغالىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ زامانىغا قەدەر بولغان تارىخى ۋە تۆتىنچى بۆلۈمدە بولسا، ئۆزىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بايان قىلىنغان. شېئىرى ئۇسلۇبتا يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ خىتايلار بىلەن قىلىنغان جەڭ مەيدانلىرى تەسۋىرلەنگەن قىسمىدا مۇنداق

[10] ئەلى ئىمىن، 1942 - يىلى قاغىلىقتا تۇغۇلغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ھەبىبۇللاخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ كۈيئوغلى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە 1980 - 1993 - يىللىرىدا قاغىلىق ۋە خوتەندە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى يولىدىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1986 - يىلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە دەرس ئۆتكەن مەزگىلدە، ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنىڭ خىزمىتىنى قىلغان. ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەجەللى - مۇجەللى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە تەييارلىنىشىغا ياردەمچى بولغان. ئەلى ئىمىن 1993 - 1996 يىللىرى ئارىسىدا، مۇجاھىدلارغا ياردەم قىلغانلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئوغلى مۇھەممەد رىشات قارىم بىلەن بىرلىكتە تۈرمىگە تاشلانغان.

مىسرالار بار:

*تاراققا ـ تۇرۇق، جالاققا ـ جۇلۇققۇ،*
*باش ـ قاپاق يېرىق، پۇت ـ قول سۇنۇق.*

**5. بەدرۇددۇجا (ئەرەبچە قەسىدە)**

بۇ ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئەرەبچە يازغان 303 كۇپلېتلىق شېئىرىي ئەسىرى بولۇپ، ھەر بىر شېئىرغا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى بىلەن شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئەبجەت ھېسابى بويىچە كىرگۈزۈۋېتىلگەن. يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بۇ شېئىرلار ئەرەب ئەدەبىياتىغا تونۇشلۇق «سۇئاد» ئىسىملىك بىر ئايالنى ماختاش بىلەن باشلانغان. ئەسەر ئۇسلۇب جەھەتتە ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر «قەسىيدەئى بۇردىيە» گە ئوخشاپ كېتىدۇ. شېئىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلغان مەدھىيەلەر، ۋەتەن مۇستەقىللىقى نېمىتىنىڭ مۇھىملىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بەزى مىسرالىرىدىكى ئەبجەتى ئۇچۇرلاردىن ئۇنىڭ 1979 ـ يىلى يېزىلغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. بۇ ئەسەرنىڭ بەزى مىسرالىرى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| ضياء الرشد مصباح الرشاد | أضائت منه مرأة الفؤاد |
| أضائت ليلة الهجران طالت | فكاد الصبح من وصل السعاد |
| ألآ ان الحيات حيات حي | بحور العين فى ليل التماد |
| وللوطن الوسيع حيات نور | هو استقلال ملتنا الجواد |

...

**تــزود يا أخــي مــن كــل خير      بتقــوى لله    خيرالــزاد    زادي**
**يــزيــد لله زادك في كــل يــوم      بســوق الربــح بعــت بـلا كســاد**

## 6. ساقلىنىپ قالغان بەزى شېئىرلىرى

ئابدۇلھەمىدخــان مەخســۇمنىڭ يۇقىرىقىلاردىــن باشــقا ئەســەرلىرىمۇ بــار بولۇشــى مۇمكىــن. ئىنىســى ئاتائۇللاخــان مەخســۇمهاجىمنىڭ ئېيتىشــچە، ئابدۇلھەمىدخــان مەخســۇمنىڭ توپلاملارغــا كىرگۈزمىگــەن باشــقا شــېئىرلىرى ۋە ئەســەرلىرىمۇ بــار بولــۇپ، ئۇلارنىــڭ بىــر قىســمى كۆچــۈرۈپ تارقىتىلغــان بولســا، يەنــە بىــر قىســمى مەدەنىيــەت ئىنقىلابــى مەزگىلىــدە ئۆيلىــرى ئاختۇرۇلــۇپ مۇســادىرە قىلىنغــان. ئاتائۇللاخــان مەخسۇمهاجىم بىــر خاتىــرە دەپتىرىگــە مەخســۇمنىڭ بىــر قىســىم شــېئىرلىرىنى يېزىــپ قالدۇرغانىكــەن. بــۇ دەپتــەر ئىســتانبۇلدىكى ئىجارىگــە بەرگــەن ئۆيۈمنىــڭ نەرســە ـ كېرەكلىرىمنــى قويــۇپ قۇلۇپــلاپ قويغــان خانىســىدىن يوقــاپ كەتتــى. تۆۋەندىكىســى مەزكــۇر دەپتەردىــن ئوقۇغانلىرىمنىــڭ ئېســىمدە قالغانلىــرى:

### مۇناجات

*دىلىمگە مەرىپەت نۇرى بىلەن بەرگىن سايا يارەب،*
*كامالۇ شەۋق بىلەن ئېيتاي داۋام ھەمدۇ ـ سانا يارەب.*

*مۇھەببەت نۇرى بىلەن مەھۋەيلە نەقشى ماسىۋاللاھنى،*
*بولاي دەشتۇ پەنادا ۋەسلى پەيزىگىدىن بەقا يارەب.*
*سېنىڭ ئەھدىڭگە كامىل سىدىق بىلەن ئىمانى تەستىقىم،*

دىلىمنى قىلما ھەرگىز نۇرى ئىماندىن جۇدا يارەب.

ساڭا ئەرز ئەيلىدىم ئاجىزلىقىمنى خەستەھال بەندەڭ،
كى قەلبىمگە دەۋا بەر جۇملە رەنجىمگە شىپا يارەب.

كەرىمى كارى سازۇ، ھەم ھەكىمى چارە سازدۇرسەن،
كى ھەر مۇشكۈل ئىشىمنى ئەيلە ئاسان دائىما يارەب.

نىجاد قىل دىنۇ مىللەت يۇرتىمىزنى كۇفرى زۇلمەتتىن،
ھاياتى مۇستەقىللىق نېمىتىڭدىن قىل ئاتا يارەب.

كەچۈرگىن ھەر گۇنايۇ ئۆتتى بىزدىن خاھى ئەجدادتىن ،
ئەسىرلەرگە سائادەت نۇرىدىن بەرگىن زىيا يارەب.
ئاسارەت بىلەن بولدى بۇ ۋەتەن گويا قەپەس يەڭلىغ،
قاچان بولغايمىز ئازاد باغىمىزدا خۇش ناۋا يارەب.

ئادا قىلساق ساڭا شۈكرانە ھۆرلۈك بەختى ـ ئامەتكە،
كى ھەر بىر ۋەدىمىزگە قىل نەسىب تەۋپىق ۋاپا يارەب.

قارا يۈز ئەيلىمە ئىككى جاھاندا قىلمىغىل رەسۋا،
مۇرات مەقسۇدىمىزدۇر ھەق ئىگەم سەندىن رىزا يارەب.

نە ئىمكاندۇر ساڭا لايىق ئەمەل بەندەڭ بەسى ئاجىز،
كى ھەر نۇقسانىمىزنى ئەپۇى قىل بۇ ئىلتىجا يارەب.

ھىدايەت قىل ھەممە ئۇممەتنى ھەق يولىغا ئۆزۈڭ ھادى،
بىھەققى ھۆرمەتى دوستۇڭ مۇھەممەد مۇستاپا يارەب.
كەرەم بىرلەن ئىجابەت قىل رىزائۇلھەق مۇناجاتى،

*سىنى سۆيگەن يۈرەكتىن ئېيتىلدۇ يۈز مىڭ دۇئا يارەب.*

### نەئت[11]

*ئالەمۇ ئادەمگە سەيا ،*
*نۇرى مۇھەممەد مۇستاپا.*
*ئولمۇش تۈپەيلىڭدىن بىنا ،*
*ئەرزۇ ساماۋاتى ئۇلا.*

*ئەي خالىقۇ نۇرۇلبەشەر،*
*مىراج ساڭا ئالى سەپەر،*
*قىلساڭ شاپائەتتىن نەزەر،*
*نە خەۋپ ماڭا ئەي رەھنەما.*

*دەردىڭگە دەۋۋارە زامان،*
*رەنجىڭگە ئاۋۋارە ماكان،*
*خىلىۇ مەلائىك پاسىبان،*
*ھەردەم سالۇر رەقسۇ ساما.*

ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم مەۋلۇدى شەرىف (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئوقۇلىدىغان شېئىرىي مەدھىيە)نى ئۇيغۇرچە شېئىرىي ئۇسلۇبتا يېزىپ چىقىپ، جامائەت بىلەن ئۆيگە جەم بولۇپ بىر قانچە قېتىم

[11] بىر نەرسىنى گۈزەل ۋە ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلەش، ماختاش مەنىسىدىكى «نەئت» كەلىمەسى، تۈرك ۋە پارس تىل ـ ئەدەبىياتىدا كۆپىنچە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدھىيە ـ سەنا بىلەن سۈپەتلەنگەن شېئىر ۋە قاپىيەلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئوقۇغان. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ئاتائۇللاخان مەخسۇمنىڭ ئايالى كەرىمە خېنىم (1934 ـ 2011)نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، راشىدىن مۇپتىھاجىم ئائىلىسىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن مەزگىلىدە، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم، ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم قاتارلىق قاغىلىقتىكى ئەھلى ئىلىم كىشىلەر قاغىلىق شەھەر ئىچى دۆڭچاقادىكى راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ، تەخمىنەن 1965 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرچە مەۋلۇدى شەرىف ئوقۇغانىكەن. كەرىمە خېنىم ۋە باشقا كېلىنلەرمۇ ياندىكى ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى تىڭشىغانىكەن. بۇ ئەھۋال بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغان ئىكەن. كەرىمە خېنىمنىڭ قايپىيە شەكلىدە ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن ئېسىمدە قالغان بەزى مىسرالىرى تۆۋەندىكىچە:

*ئۇلۇغ بايرىمىمىز كەلدى رەسۇل ئەكرەم تۇغۇلغان كۈن،*
*جاھالەت زۇلمىتى شۇڭغۇپ ھىدايەتكە ئۇلانغان كۈن.*

** ** **

*ئاتىڭدۇر سېنىڭ ئەسلىڭ مۇستاپا ئۇلۇغ مۇھەممەد ،*
*پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرىنى ساچىپ.*
*بۈگۈنكى كۈندە دۇنياغا كەلگەن ئۇلۇغ مۇھەممەد ،*
*پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرىنى ساچىپ.*
*بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىن كەتكەن ئۇلۇغ مۇھەممەد.*

ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم 1990 ـ يىلى «شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئېنستىتۇتى»دا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىلىدە، ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمدىن بۇ مەۋلۇدى شەرىف ھەققىدىكى جەريانلارنى ۋە تولۇق ھالىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ

قىلغىنىمدا، باشقا بىر كۈن ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىدى. بىراق كېيىن باشقا ئىشلار بىلەن خاتىرلەپ يازالمىدىم.

ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنىڭ ئىنىسى ھامۇتخان مەخسۇمھاجىم (1934 ـ 2009) نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بەزىدە كېكەچىنى دوراپ ئەرەبچە، پارسچە ۋە خىتايچە شېئىرلارنى، بەزىدە ئۇيغۇرچىغا خىتايچىنى ئارىلاشتۇرۇپ شېئىرلار يازغان. ھامۇتخان مەخسۇمھاجىم ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىغا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، نۇرغۇن ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى يادقا بىلەتتى. بەزى سورۇنلاردا سورۇندىكى سۆھبەتكە ماسلاشتۇرۇپ، يادقا شېئىر ئوقۇپ بېرەتتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ شېئىر ئوقۇپ ئېبىرىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرى ۋە ئائىلىسى ئەۋلادمۇئەلاد يىغىپ ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەر تۆت كىشىلىك گۇرۇھ مەزگىلىدە «مىللىي بۆلگۈنچى»، «پانئىسلامچى» ۋە «پانتۈركىست» دېگەن ناملار بىلەن ئەيىبلىنىپ نابۇت قىلىۋېتىلگەن.

ـ نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنى ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچىسى ھەم ئىنسانلارنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئەقىل بىلەن پەرقلەندۈرگەن، ئەقىلنى ھەقىقىي قوللانغۇچىلارنى ئىمان بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ۋە ئەقىلنى قوللانمىغۇچىلارنى ئازغۇنلۇق بىلەن ھالاك قىلغان جانابى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار جانابى ئاللاھنىڭ دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن. جانابى ئاللاھنىڭ رەھمىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ھەقىقەتپەرۋەر ئالىم ـ ئۆلىمالارغا، ھەقىقەتنى تونۇش يولىدا ئىزدەنگەن، تونۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلىغان بارلىق ئەھلى ئىسلامغا بولسۇن ـ ئامىن!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەپ قارايدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشىغا ياردەمچى بولىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئاددىي تىل، چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار، كىتابخانلارنىڭ، جۈملىدىن ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېسىدە تۇتۇۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مۇئەللىپ كىتابنى مۇقەددىمە ۋە ئۈچ بابقا بۆلگەن بولۇپ، مۇقەددىمىنى سەككىز سوئالغا ئايرىپ، كىتابخانلارغا ئىسلام دىنى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن. بىرىنچى بابتا، بىر كىشىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولغان ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئىخچام بايان قىلىنغان. ئىككىنچى بابتا، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئادا قىلىدىغان قۇللۇق ۋەزىپىسى ۋە بۇ ۋەزىپە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇھىم تائەت ـ ئىبادەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۈچىنچى بابتا بولسا، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

مۇئەللىپ بۇ كىتابنى يېزىشتا ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ «ئەقائىدە زەرۇرىيە»، «ئىبادەتۇل ئىسلامىيىە» قاتارلىق كىتابلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن پايدىلانغان بولۇپ، كىتابتا ھەر بىر مەسىلە ئوقۇرمەن ئاسان چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بەزىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان مەقسەتلىك ھۇجۇملىرىغا رەددىيە قايتۇرۇلغان شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى مەسىلىلەرنى دەلىلى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، زۆرۈر دەپ قارالغان جايلاردا مەسىلىلەرنى ھېكمەت پەلسەپەسى بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن.

قولىمىزدا بۇ كىتابنىڭ ئىككى نۇسخىسى بار. بىرىنچىسى، كىتابنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنى مۇئەللىپ ئۆز قەلىمى بىلەن تومدە يازغان نۇسخىسى ئاساسىدا ئېلىخان ھاجىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ كىچىك ئىنىسى ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم 2010 ـ يىلى پېقىرنى مەزكۇر نۇسخىسىنىڭ كۆپەيتمە نۇسخىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى

بۆلۈمى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ نۇسخىدا دىنىي ئاتالغۇلار ئارگىنال ھالىتىدە يېزىلغاندىن سىرت، ئايەت ـ ھەدىسلەرمۇ ئەرەبچە يېزىلغان. ئىككىنچىسى، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق بىلەن يېزىلغان قول يازما تولۇق نۇسخىسى بولۇپ، تۈرمىدە كۆچۈرۈلگەن بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى. 1986 ـ يىلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنىڭ ئىنىسى ھامۇتخان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇرەشىدخان مېنى بۇ نۇسخا بىلەن تەمىنلىگەن. ئابدۇرەشىدخانغا بۇ نۇسخىنى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنى تۈرمىدىن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن پەيزىۋات تۈرمىسىگە بارغاندا، ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنىڭ تۈرمىدىكى بىر سەپدىشى بەرگەنىكەن. شەۋكەت ئەلى ئەپەندىمنىڭ دېيىشىچە بۇ نۇسخىنىڭ ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم بىلەن تۈرمىدە بىرگە ياتقان ئاتۇش سۇنتاغلىق ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. چۈنكى ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم مەخسۇم بىلەن ناھايىتى يىقىن ئىدى ۋە مەخسۇمنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىمۇ كۆچۈرەتتى.

بىز مۇقەددىمە، ئۈچ بۆلۈم ۋە خاتىمەدىن تەركىب تاپقان جەمئىي 136 سوئال ـ جاۋابلىق بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، ھەر ئىككى نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ، ئارگىنال تىل ۋە بايان قىلىش شەكلىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق. بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بەزى كەلىمەلەرگە مۇئەللىپ تىرناق ئېچىپ ئىزاھات بەرگەنىكەن، بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرگە بىز تىرناق ئېچىپ ئىزاھات بەردۇق. مۇئەللىپ ئەسەرنىڭ ئارگىنال نۇسخىسىدا بەزى ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچىسى ۋە تەرجىمىسىنى ئۆزى يازغان بولۇپ، بىز ئۇنى ئۆز پېتى بېرىشكە تىرىشتۇق. بەزى يەرلەردە ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچىسىلا بېرىلگەن بولۇپ، بىز ئۇنداق


جايلاردىكى ئايەتلەرگە مۇھەممەد سالىھ قارىھاجىمنىڭ قۇرئان تەرجىمىسىدىكى تەرجىمىسىنى بەردۇق. ئەسەرنىڭ يېڭى يېزىق ئۇيغۇرچە قول يازما نۇسخىسىدا ئايەت، ھەدىس ۋە دۇئالارنىڭ يېرى بوش قالدۇرۇپ قويۇلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەزمۇنغا ئۇيغۇن دەپ قارالغان يەرلەردە ئايەت، ھەدىس، دۇئالارنى مەنىلىرى بىلەن بىرلىكتە تولۇق يېزىشقا تىرىشتۇق. بەزى يەرلەرگە قايسى ئايەت، ھەدىس ۋە دۇئالارنىڭ يېزىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىزمۇ ئۇنداق يەرلەرنى ئۆز پېتى بوش قالدۇرۇپ قويدۇق. كىتابنىڭ يېڭى نەشرى ئىلمىي قىممىتىگە ئۇيغۇن بولسۇن ئۈچۈن، ئەسەردىكى ئايەت، ھەدىس ۋە دۇئالارنىڭ مەنبەلىرىنى مۇمكىن قەدەر كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق. كىتاب يېڭى يېزىق بىلەن ناھايىتى ئۇششاق يېزىلغانلىقى، بەزى بەتلىرىنىڭ كەم بولغانلىقى ياكى يىرتىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەزى يەرلەرگە ئۆزىمىز ئەسلىي تېكىستىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا تولۇقلىما كىرگۈزدۇق. بۇ سەۋەبتىن كىتابتا خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتابخانلارنىڭ بۇنى توغرا چۈشىنىشىنى ۋە ئىلمىي تۈزىتىش بېرىشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

بىز كىتابخانىنىڭ كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ ئەمەس، ئىچىدىكىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ، بىلگىنىگە ئەمەل قىلىشىنى ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياراملىق مۇسۇلمان بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن مۇمكىنىقەدەر ئىپسىدە قالدۇرۇشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىنسانلار دائىم باشقىلاردىن ئەيىب ۋە قۇسۇر تېپىشقا ئامراق. «ئۇ نېمە قىپتۇ، بۇ نېمە دەپتۇ» دېگەن سۆزلەرنى بىر تەرەپكە چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىدىن: «مەن ئۆزۈم نېمە قىلدىم؟ مۇسۇلمان دېگىنىم بىلەن، قەلبىم ۋە ئەمەلىيىتىم سۆزۈمگە ماسلاشتىمۇ ـ يوق؟» دەپ سوراپ كۆرۈپ، ھەر ئىشىمىزنى ئادىل

سوتچى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتى رەسۇلۇللاھ بويىچە ئۆلچىشىمىز ۋە بۇنى توغرا چۈشەنچىدە بولغان ئىسلام ئالىملىرىدىن سورىشىمىز ھەم ئۆگەنگىنىمىزنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت قولىمىزغا كېلىدۇ. جانابىي ئاللاھتىن كىتابىنىڭ مەنپەئەتلىك بولۇشىنى تىلەش بىلەن بىرگە، بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر بىر مۇسۇلمان قېرىنداشىمىزنىڭ مەرھۇمنىڭ روھى ئۈچۈن خالىس دۇئا قىلىپ قويۇشىنى سورايمىز.

ـ ئالىمجان بۇغدا (ئاتائۇللاھ)

## «مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسىي قائىدەلىرى»نىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى نۇسخىسى[1]




[1] كىتابنىڭ بۇ نۇسخىسىنى ئېلىخان هاجىم (ئەلى ئىمىن) تەمىنلىگەن.

19

ۋە ئاسمانغا يوقىتىۋېتىش، (لۇت) قەۋمىدىكى ھەممىنى

ۋە كېيىن يوۋا قالدۇرۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈۋېتىشتى، ۋە نەسلىنى

ھالاك قىلغان، ۋە ھاياتنى جۇشقۇنلاشتۇرغان

ھەر خىل ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلار ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن

ھاراملار جۈملىسىدىندۇر.

١٨ - سوئال: ئىسلام شەرىئىتى ئائىلىۋى تۇرمۇش ھوقۇقى قايسى ھۆكۈمنى

نەزەردە تۇتىدۇ؟ شەرىئەت ھوقۇقى ئەر-ئاياللارنىڭ جىنسى مۇناسىۋىتى

نى ھالال ياكى ھاراملىقى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ نىكاھسىز ھەممە تۈرلۈك مۇناسىۋەتنى

ج: ئىسلام شەرىئىتى ئائىلىۋى تۇرمۇش ھوقۇقى ئەر-خوتۇنلارنىڭ

ھەر جەھەتتىكى ھوقۇق مەنپەئىتى ۋە خۇشال-خۇرام

ھالال تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئوخشاش ئېتىبار بىلەن قارايدۇ،

ئەر-ئايال، ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئىنسانىي تۇرمۇش ھوقۇقىدە

باب-بارابەرلىكنى، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، دىل ئازادلىقىنى

ۋە ئۇنى باشقا ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشلىرىنىڭ ئىززەت ئىپتىخارى

83

تەلەشى نىڭ يوللۇق قىلوقى وە لازىملىقنى خوش بولۇپ مالىيە دەئى تورموش

شەكلى بوروجلىرىدا ھەمىشە ناچار كۆرۈنەر، ناقىس بولۇشنى ياقىلاشنى

بوزىرىشى خاتا خاھىشى دۇر. [illegible]؛ يالغۇز نى وە ياكى

تورموش مالىيە مەدەنىيەت بوروجلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى باھانە قىلىپ

مەدەنىي ھاياتنى يەھۇدى، ناسارالار بىلەن وە بەئزى كوففارلاردىن ئۆگىنىپ

ئۇلارنى بويىچە كۆچۈرۈپ قوبۇل قىلىپ ئىستىرغۇدەك ئىككى تەخسىس جەريان

بولغان ئۇلارنىڭ ئىشىنى [illegible] ھەتتاكى ئاياللارنىڭ تورموش بوروجلىرىغا

[illegible] قالا سالىھ ھەتتاكى دىيانەت [illegible] ھەممە ھەقىقىي

كىشىنى، بويرۇق بايان قىلىنغان [illegible] خىل خاھىشى بىلەن

ھەر [illegible] ئىسلام شەرىئىتى [illegible] مۇۋاپىق [illegible] مەسىلە،

[illegible] ئىسلام تەقۋا، دىيانەت، [illegible] ئىسلام دىنى

[illegible] قولۇشى بىلەن مالىيە مەدەنىيەت وە تورموش شەكلى


بوروجلىرىنى [illegible] ئۆستۈرۈش [illegible] قىلىپ

ئۇلارنى ھەر زامانداتالاشقا ھەم قىلىدۇر،

132 [illegible]؛ ھەر بىر ئىسلام [illegible] ھەم قاتتىق [illegible]

وە ھاياتى [illegible] ۲ وە [illegible]

## «مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسىي قائىدەلىرى»نىڭ لاتىن يېزىقىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى[1]



1-Kitap: Ikidat Kismi:

1-S: Iman Kilimiliri kaqqila?

J: Allaga iman kaltürüx üqün aldin bilip eqinip mazmunu-ma-
yitiga enqlik ixinix mohim bolgan Iman kelimiliri tovandi ba-
yan kilinidigan 7 kilimidur.

1-) Kalima tayyiba

manisi: bir alladin baxka hiq mabudi barhak yoktur Muhammat
alayhissalam allaning pəygəmbiri wa barhak əlqisidur.


2-) Kilima Xahadat

manisi: guwalik birimanki uningdiki jəzmən bir alladin baxka
hiq mabudi barhak yoktur, wa guwalik birimanki uningdək Mohammat,
alayhissalam allaning bəndisi, wa bizlarga iwatilgan barhak əlqisidur.

3) Kilima tawhit:

manisi: bir alladin baxka hiq mabudi barhak yoktur, ol Allaning
barlik birligini ispatlaymən. ol allaga hiqbir xerik yok-
tur, wa ol allaga hakdur həmmə alamning igidarqiliqi, wa ol alla-
ha xərəplik barlik yahxi, buyük bilən yaxaxlik tiriqkidu ol al-
la wa ol türüdu ol alla, əzəldin ol alla tirikturki olmaydu hamixa bu-
lidur, həmmə yahxilik ol allaning kolidadur wa ol alla hər bir xəyi-
gə küqi yatküqidur.

[1] كىتابنىڭ بۇ نۇسخىسىنى ئابدۇرېشىت ئابدۇكېرىم تەمىنلىگەن.



1-Kitap : Ibadat Kismi :

I-S: Iman Kilimiliri kaysila ?

J : Allaga imankaltürüx üqün aldin kitap ügünüp maz mun ma-gitiga angdik ixinix muhim bolgan Iman kalimiliri tawmada ba-gan kilinidigan 7 kilimidur.

1- Kalima tayyiba

manisi : bir alladin baxka hiq mabudi barhak yoktur Muhammat alayhissalam allaning payqambiri wa barhak alqisidur.

2 Kilima Xahadat

manisi : guwalik birimanki xuningdiki jazman bir alladin baxka hiq mabudi barhak yoktur, wa guwalik birimanki xuningdiki Muhammat, alayhissalam Allaning bandisi, wa bizlarga iwatkan barhak alqisidur.

3 Kilima tawhit :

manisi : bir alladin baxka hiq mabudi barhak yoktur, ol Allaning barlik birlikini ispatlaymana. ol allaga hiq handak xirik yok-tur, wa ol allaga haktur hamma alamning ijadarqiliqi, wa ol alla-ga mansuptur barlik yahxi, buyuk bilan yadatmaklik, tirgüzidu ol al-la wa ol türüdu ol alla, ...ol alla tirikdurki almaydu hamixa bu-kidur, hamma yahxilik ol allaning kolididur wa ol alla har bir xayi-ga kuqi yat küqidur.

4 Kilima Tamjid

## 2-Kitap Ibadət Kismi :

42-S: Taət ibadət degən nimə?.

J: Taət ibadət, bəndining öz pərwərdigariƣa boysunidiƣanliƣini, əndişə, tərək kur biju kəltürüdiƣanni körsitidiƣan əməlliri-dur xuning üqün taət ibadətlər hər hil bolidu;

43-S: Qandaķ kixi ibadətkə təklip ķilinƣuqi (mukəlləp) bolidu?


J: Islam diniƣa itiķad ķilƣuqi hər ķandaķ balaƣ əķil ər-ayal ibadətkə qaķirilƣuqidur, yəni mukəlləp ķilinidu.

44-S: Taət ibadət nimə üqün balaƣ əķil bolƣan musulman kixigə wajibdur.?

J: Taət ibadət islam dinining məjburiyiti bolƣaq, buningƣa həkƣik boluxta awwalin 1. kixining mə'min wə musulmanliķ halayiti-xərttur, 2. yixiƣa toxup rozi wə jismani jəhəttə ösüp yətkən balaƣ bolixi xərttur. 3. Taət ibadətlərni özigə has kəldə bilən orunlax üqün əķli bolixi xərttur. dimək yixiƣa toxmiƣan gödək balilar qong bop balaƣətkə yətmigiqə ibadətkə məjbur əməs-tur wə sarang kixi yaki əķlidin adaxkan, bihux halətlə bolƣan kixi həm buningƣa layiķ bolmaydu, əķli hoxiƣa kəlgəndin kiyin, həkƣiķ bolidu.

45-S: Bəndilərning taət ibadət üqün sawrap gura jəhəttiki əhwalliri nimə?.

J: Bəndilərning əhwalliri hakkiz hissidur.



Mukəddimə:

Musulmangilik kaidilirining Asasi yiltizi.

1-Sual: Dunyawi ahirət həkiki bəhit saadət nimigə baoglik?

Jawap: Həkdinni tonup qing ihlas bilən əməl kilmaklikkə baglıktur.

2-Sual: Din digən nimə? Allatalaning nəzlidə həkikaraq din kaysi dindur.?.

Jawap: Din dəp Təngri mə'bud bilən bəndining urisidiki iddiwiy muna siwət, wə itikadi tüzüm wə muəyyən orpi adət yolidur. raə wə həkdin bolsa barlik dinlərdin əng pak wə saqlam bolgan yəni Jənubi allaning nəzlidin kəlgən mukəddəs Islam dinidur. dimək Islam dini itikadi bolsa insaniyət tarihida ɵtkən barlik pəyəmbər wə kitab mukəddəslərning ortak əkidət asasidur. həkiki ilmi məripət rawxəndilik hojjətlər üs-tigə kurulgandur. Kur'an kilimi bolsa, kitabi mukəddəslərning jəw-hiri, nigizidur. wə mukəmməlləxkən Ilahi dəsturi wə kanuni [illegible] isidur. wə Muhəmmət Ələyhissalam Islam dinining [illegible] kanuni dəsturini bizlərgə yətküzgən əl Allatalaning [illegible] əlqisi əng ahirki pəyəmbiridur.

[illegible] bir tarihi dəwridə ɵtkən pəyəmbərlər ibadət xəkillirida wə [illegible] ijtimai əhkamlirida wə muamilat məsililliridə bir-birigə ohxaxmisimu, lekin tüp əkidə wə imankilimiliri jəhət-tə bir xəkil ohxaxdur. (Həkiki Tawhit Islam itikad igilirigdur).

# مۇقەددىمە

**1. سوئال: دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىي بەخت ـ سائادىتى نېمىگە باغلىقتۇر؟**

جاۋاب: ھەق دىنىنى تونۇپ، چىن ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلماقلىققا باغلىقتۇر.

**2. سوئال: دىن دېگەن نېمە؟ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىلىدە (نەزىرىدە) ھەق ۋە راست (توغرا) دىن قايسى دىندۇر؟**

جاۋاب: دىن دېگەن، تەڭرى ۋە مەبۇد بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىدىكى ئىدىيەۋى مۇناسىۋەت، ئېتىقادىي تۈزۈم ۋە مۇئەييەن ئۆرپ ـ ئادەت يولىدۇر.

ھەق ۋە راست (توغرا) دىن بولسا، بارلىق دىنلاردىن ئەڭ (ناھايىتى) پاك ۋە ساغلام بولغان يەنى جانابى ئاللاھنىڭ نەزلىدىن كەلگەن مۇقەددەس ئىسلام دىنىدۇر.

دېمەك: ئىسلام دىنى ئېتىقادى بولسا، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەر ۋە مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئورتاق ئەقىدات (ئەقىدىلەر) ئاساسىدۇر. ھەقىقىي ئىلىم ـ مەرىپەت روشەندىلىك ھۆججەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. قۇرئان كەرىم بولسا كىتاب مۇسەھەپلەرنىڭ جەۋھىرى، نېگىزىدۇر ۋە مۇكەممەللەشكەن ئىلاھى دەستۇرى ۋە قانۇن پروگراممىسىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنىي دەستۇرىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق ئەلچىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىدۇر.

ھەر بىر تارىخى دەۋردە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئىبادەت شەكىللىرىدە، شەرىئەت، ئىجتىمائىي ئەھكاملىرىدا ۋە مۇئامىلە مەسىلىلىرىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن تۈپ ئەقىدات ۋە ئىمان كەلىمىلىرى جەھەتتە بىردەك ئوخشاشتۇر (ھەقىقىي تەۋھىد، ئىسلامغا ئېتىقاد ئىگىلىرىدۇر).

### 3. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىماتى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى تەلىماتىنىڭ ئىلغار ۋە ئەۋزەللىكى بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئالغا يېتەكلەشتە ھەرخىل كۈپرى جاھالەتكە، زۇلمى ئاسارەتكە ۋە باتىل خۇراپاتلارغا قارشى ھەقىقىي پروگراماتىزىملىق (سېستىمىلىق)، ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق جانلىق نەزەرىيەنى تۇتقا قىلىپ، ئىلمىي ھەقىقەت ئاساسىدا داۋاملىق كۈرەش قىلىش بىلەن بارلىق ئەمەلىيەت، ئىجتىمائىي مۇئامىلە ۋە ئەخلاق ئەھكام ـ قائىدىلىرى تامامەن پەن ـ پەلسەپەگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئومۇمىي ھاياتنىڭ يەنى جىسمانىي، ئائىلىۋى، مىللىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشتا يوللۇق بولغان ئەڭ مۇكەممەل ئىلاھىي قانۇنىيەتكە ئاساسلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىماتى ھەممىدىن ئىلغار، ئەۋزەل، ھەق ۋە راست (توغرا) يولدۇر.

## 4. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپى ۋە ئالىي غايىسى نېمە ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئومۇمىي جەھەتتىن پاكلىق ـ ساغلاملىقنى، خالىسلىق ۋە توغرىلىقنى، ئادالەت ۋە راستچىللىقنى، ماددىي ۋە مەنىۋى، جىسمانىي ۋە روھىي كامالەتكە ئىلگىرىلەشنى پىرىنسىپ قىلىدۇ. مۇقەددەس ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنى دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئالىي غايىسى بولسا، مەئبۇدى بەرھەق بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىگە چوقۇنماسلىقنى، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھەقىقىي تىنچلىق، سالامەتلىكىنى، مەڭگۈ بەخت ـ سائادىتىنى، ئومۇمىي تەرەققىياتىنى ۋە باراۋەرلىكىنى مەقسەت قىلىدۇ.

(..........)[12]

قاتارلىق ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇنىڭغا دەلىلدۇر.

يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىدىكى زۇلۇم ـ زوراۋانلىق، باراۋەرسىزلىكلەر ۋە ھەرخىل يامان ئادەت، پاسكىنا گۇناھ، قەبىھ ئەخلاق ۋە ھەر تۈرلۈك ئادالەتسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامىيەتكە خىلاپتۇر.

## 5. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى قايسى دەلىللەرگە ئاساسلىنىدۇ ؟

جاۋاب: تۆت دەلىلگە ئاساسلىنىدۇ ۋە بۇ «أدلة أربعة» (ئەدىللەئى ئەربەئە) يەنى تۆت ئاساسىي دەلىل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار:

1 ـ كىتابۇللاھ؛ يەنى جانابى ئاللاھنىڭ كالامى (سۆزى) بولغان

---

[12] ئەسەرنىڭ قولىمىزدىكى يېگى يېزىقچە نۇسخىسىدا ئايەتنىڭ ئورنى بوش قالدۇرۇپ قويۇلغان.

قۇرئانغا ئاساسلىنىدۇ.

2 ـ سۈننەتى رەسۇلۇللاھ، يەنى پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس (سۆزى) ۋە يولىيورۇقلىرىغا ئاساسلىنىدۇ.

3 ـ ئىجمائى ئۈممەت؛ يەنى ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى دەۋردىن باشلاپ، ھەر بىر قەۋم (مىللەت)دىكى كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ بىر پۈتۈن قەۋلى (سۆزى) قارارىغا ئاساسلىنىدۇ.

4 ـ قىياسى ئىجتىھات؛ يەنى ھەر زاماندىكى مۇتەپەككۇر ئىسلامىيەت ئالىملىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئاندىن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئىجتىھادى تەپەككۇر بىلەن تەتبىقلاپ قىياس قىلىپ چىقارغان ئىلمىي ۋە ئەقلىي دەلىل ـ ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىدۇ.

### 6. سوئال: رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز، يولىيورۇقلىرى توپلانغان ئاساسلىق ھەدىس كىتابلار قايسىلار؟

جاۋاب: مەلۇم ئىسلام ئالىملىرى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن تاللاپ توپلىغان ئالتە پارچە مەشھۇر ھەدىس كىتابىدۇر. بۇنى «سىھائى سىتتە» دەپ ئاتايمىز.

1 ـ سەھىھۇل بۇخارى.
2 ـ سەھىھ مۇسلىم.
3 ـ سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد.
4 ـ جامىئۇل تىرمىزى.
5 ـ مۇۋەتتەئى ئىمام مالىك.

6 ـ سۈنەنى ئىبنى ماجە ۋە جامىئۇننەسائى قاتارلىق ئاساسەن مۇشۇ مەشھۇر كىتابلىرىدۇر. بۇ كىتابلاردا توپلانغان ھەدىسلەر

ئەنئەنىۋى سەنەد ھۆججەتلىرى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىدىغان ۋە ئالىم مۇجتەھىدلەرنىڭ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي ئىشەنچكە يارايدىغان ئېنىق پاكىتلاردۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىجما ۋە قىياس، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئانى كەرىمگە، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلىنىپ ئىسلام قانۇنىيىتىگە ھەقىقىي ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن دەلىل، ھۆججەت بولالايدۇ. مۇشۇ ماھىيەت بىلەن ئىجما ۋە قىياس (ئىجتىھات) ھەم ئومۇمىي جەھەتتە قەتئىي دەلىل ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

### 7. سوئال: قانداق كىشى راست مۇسۇلمان ۋە ھەقىقىي مۆمىنلىك سۈپىتىگە ئىگە بولالايدۇ؟

جاۋاب: رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، ئىمانىم قۇرئان، پەيغەمبىرىم مۇھەممەدۇررەسۇلۇللاھ دەپ قايىل بولۇپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىق قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭ قانۇنى دەستۇرى بولغان قۇرئانغا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز يوليورۇقلىرىغا، كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئىشىنىپ، ئىمان كەلىمىلىرى (سۆزلىرى)گە قايىل بولغان ھەرقانداق كىشى ئەلۋەتتە راست مۇسۇلمانلىق ۋە ھەقىقىي مۆمىنلىك سۈپىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

دېمەك: مۇشۇ راست مۇسۇلمانلىق سۈپىتىنىڭ ھەقىقىي كامىل بولۇشى ئۈچۈن ئىقرار ۋە تەستىقى بىر تۇتاش، ئىمانىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەمەلىي ئىپادىلىرى بولۇشى شەرتتۇر. ئىماننىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە، ئەقىدات، خاھى ئىبادات، خاھى ئىجتىمائىي ئەھكام ۋە ئەخلاق

قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بۇنىڭغا خىلاپ ئىشلاردىن ساقلىنىپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بارلىق مۇھىم ئىشلىرىنى مۇمكىن بولغان مىقداردا (تولۇق) ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

**8. سوئال: مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرى قانچە قىسىمغا مەركەز-لىشىدۇ؟**

جاۋاب: ئۈچ قىسىمغا مەركەزلىشىدۇ:

1 ـ كىتاب ئەقىدات قىسىمى : بۇ قىسىم ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ كىتاب ئىبادەت قىسىمى: بۇ قىسىم ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق دىنىي تائەت ـ ئىبادەت مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 ـ كىتاب ئىجتىمائىي ئەھكام قىسىمى: بۇ قىسىم ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئەخلاق، تۇرمۇش ۋە ئىنسانىي ئەدەپ، ئىجتىمائىي مۇئامىلات ۋە ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر قىسىمدا ئىسلام قائىدىلىرىنىڭ تېگىشلىك ھېكمەت ـ پەلسەپەلىرى بىر تۇتاش بايان قىلىنىدۇ.

# بەرنامەی بۆلۆم

# ئەقىدات

## 9. سوئال: ئىمان كەلىمىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىن بىلىپ، ئۆگىنىپ، مەزمۇن ماھىيىتىگە ئىشىنىش مۇھىم بولغان ئىمان كەلىمىلىرى تۆۋەندە بايان قىلىنغان يەتتە كەلىمىدۇر:

(1) كەلىمە تەييىبە

(لا إِلَه إِلّا الله مُحَمَّد رَسُول الله).

مەنىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد (ئىبادەت قىلىشقا لايىق) بەرھەق يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە بەرھەق ئەلچىسىدۇر.»

(2) كەلىمە شاھادەت

(أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلّا اللهُ وأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ ورَسُولُهُ).

مەنىسى: «گۇۋاھلىق بېرىمەن، چوقۇم ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بارلىق ئۈممەتلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە».

(3) كەلىمە تەۋھىد يەنى ئاللاھ تائالانى بىر بىلىش سۆزى

(لا إِلَـهَ إِلّا اللهُ وحْـدَهُ لا شَـرِيكَ لَـهُ، لَـهُ المُلْـكُ ولَـهُ الحَمْـدُ، يُحْيِـي ويُمِيـتُ وهُـوَ حَـيٌّ لا يَمُـوتُ، بِيَـدِهِ الخَيْـرُ وهُـوَ عَلـى كُلِّ شَـيْءٍ قَدِيـرٌ وإليـه المصيـر).[13]

مەنىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىبادەتكە لايىق بولغان يەنە بىر ئىلاھ يوق، ئۇ ئاللاھ بولسا، بىردۇر (يالغۇز) ۋە شېرىكسىزدۇر (ئورتاقسىزدۇر). ئاللاھ پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاھىدۇر، پۈتۈن (بارلىق) ماختاش (ماختىنىش) ئۇ ئاللاھقادۇر ۋە ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش ـ تىرىلدۈرۈشكە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ئۆزى مەڭگۈ (ئەبەدىي) تىرىك (ھايات) ۋە مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. پۈتۈن ياخشىلىق ئۇ زاتىنىڭ قولىدا (ئىلكىدە)، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر ۋە پۈتۈن ئىنسانلار ئاللاھ تەرەپكە (دەرگاھىغا) قايتقۇچىدۇر.»

(4) كەلىمە تەمجىد (ماختاش سۆزى)

(سُـبْحانَ اللهِ والحَمْـدُ لِلَّـهِ ولا إِلَـهَ إِلّا اللهُ واَللهُ أَكْبَـرُ، ولا حَـوْلَ ولا قُـوَّةَ إِلّا بِـاَللهِ العَلِـيِّ العَظِيـمِ، مـا شـاءَ اللهُ كانَ ومـا لَـمْ يَشَـأْ لَـمْ يَكُـنْ).[14]

مەنىسى: «ئاللاھنى پاكلىق بىلەن ياد قىلىمەن ۋە ھەممە ماختاش ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد يوق ۋە

[13] مۇھەممەد ئەمىن ئىھسان ئەلمۇجەددىدى ئەلبەركەتى، «ئەتتەئرىپاتۇل فىقھىييە»، داۋۇل كۇتۇبۇل ئىلمىييە نەشرىياتى، لىۋان 2002 يىلى، 184 ـ بەت.

[14] مۇھەممەد ئەمىن ئىھسان ئەلمۇجەددىدى ئەلبەركەتى، ئوخشاش مەنبە، 184 ـ بەت.

ئاللاھ ھەممىدىن كاتتىدۇر. بۈيۈك ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ. ئاللاھ نېمىنى خالىسا، شۇ بولىدۇ؛ خالىمىسا، ھېچنەرسە بولمايدۇ.»

(5) كەلىمە رەددىل كۇفرى (كۇفرىدىن قايتىش سۆزى)

(اللَّهُمَّ إِنِّي أعُوذُ بِك مِن أنْ أُشْرِكَ بِك شَيْئًا وأنا أعْلَمُ وأسْتَغْفِرُك لِما لا أعْلَمُ إنّك أنْتَ عَلّامُ الغُيُوبِ).[15]

مەنىسى: «ئى ئاللاھ! جەزمەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن پانا تىلەيمەن، ساڭا بىر نەرسىنى بىلىپ ـ بىلمەي شېرىك كەلتۈرۈپ قېلىشتىن، سەندىن تېنىپ كاپىر بولۇپ قىلىشتىن، شۇنداقلا بارلىق گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن پاناھ تىلەيمەن.»

(6) كەلىمە سەييىدۇل ئىستىغفار

(اللَّهُمَّ أنْتَ رَبِّي لاَ إلَهَ إلّا أنْتَ، خَلَقْتَنِي وأنا عَبْدُكَ، وأنا عَلى عَهْدِكَ ووَعْدِكَ ما اسْتَطَعْتُ، أعُوذُ بِكَ مِن شَرِّ ما صَنَعْتُ، أبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وأبُوءُ لَكَ بِذَنْبِي فاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إلّا أنْتَ).[16]

مەنىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇدى بەرھەق يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن

[15] مۇھەممەد ئەمىن ئىھسان ئەلمۇجەددىدى ئەلبەركەتى، ئوخشاش مەنبە، 184 ـ بەت.

[16] مۇھەممەد بىن ئىسمائىل ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەلبۇخارى ئەلجەئپى، «سەھىھۇل بۇخارى»، تۇقۇننەجات نەشرىياتى، دەمەشق 2001 ـ يىلى، 8 ـ جىلد 71 ـ بەت.

بولسام سىزنىڭ بەندەڭ، مەن سىزنىڭ ئەھدىڭىزنىڭ ئۈستىدەدۇرمەن (ساڭا بەرگەن ئەھدە ۋە ۋەدىدە چىڭ تۇرىمەن)، يەنە كۈچۈم يەتكەن مىقداردا (كۈچۈم يېتىشىچە) سىزنىڭ ياردىمىڭ بىلەن سەندىن پانا تىلەيمەن ھەر بىر قىلمىشلىرىمنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن. سىزنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭگە ۋە ئۆز گۇناھىمغا ئىقرارمەن. خۇلاسە: جەزمەن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى سەندىن باشقا كىشى كەچۈرەلمەيدۇ، مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرىشىڭنى تىلەيمەن.»

(7) كەلىمە جامىئەتۇل ئىمان

(آمَنتُ بِاللهِ كَما هُوَ بِجَميع صِفاتِهِ وقَبِلْتُ جَمِيعَ أحْكامِهِ وأرْكانِهِ و(مفصّلًا) هي آمَنتُ بِاللهِ ومَلائِكَتِهِ وكُتُبِهِ ورُسُلِهِ واليَوْمِ والقَدَرِ خَيْرِه وشَرِّه مِنَ الله تَعالى والبَعْثِ بعد المَوْتِ).[17]

مەنىسى: «مەن ئاللاھنىڭ جەمئىي سۈپەتلىرىگە قانداق بولسا، شۇ بويىچە ئىشەندىم. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ھۆكمى ۋە پۈتۈن بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلدىم. مەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا، ئاللاھنىڭ ھەممە كىتابلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا، ئاللاھنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا، سىناق (ئىمتىھان) دۇنياسىدىن كېيىنكى ھېساب كۈنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ۋە قەدەرگە، يەنى ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇن ئۆلچىمى بىلەن بولۇشىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا، ئۆلمەك ۋە ئۆلگەندىن كېيىن

[17] مۇھەممەد ئەمىن ئىھسان ئەلمۇجەددىدى ئەلبەركەتى، ئوخشاش مەنبە، 184 - بەت.

ئوتتۇرا ئالەمدىكى سوراق ـ سوئال ئۇچۇن روھنى تەننىڭ قېشىغا هازىرلاپ قوزغاشنىڭ هەق ۋە راستلىقىغا ئىشەندىم.»

**10. سوئال: ئىسلام دىنى ئېتىقادى سىناق دۇنياسىدا (هاياتى دۇنيادا) غەيبى جەهەتتە (غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش جەهەتتە) نېمىلەرگە ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ؟**

جاۋاب: يەتتە مۇهىم هەقىقەتكە ئەقلىي ۋە ئىلمىي هۆججەتلەر بىلەن ئاڭلىق هالدا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ. مانا بۇلار ئىمانى تەهقىقى يەنە هەقىقىي ئىمان دەپ ئاتىلىدۇ.

(1) ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە (پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىلاهى، مەئبۇدى بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىگە) ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

(2) ئاللاھ تائالا نۇردىن ياراتقان مالائىكىلەرنىڭ (پەرىشتىلەر) هەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

(3) ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىنىڭ هەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

(4) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ هەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

(5) ئىنسانلار ئۇچۇن سىناق دۇنياسىدىن كېيىن باقى ئالەمدە دەۋرى ئاخىرەت (بۇ هاياتى دۇنيادىن كېيىنكى ئاخىرەت ئالەمدە)، هېساب ۋە جازا كۈنىنىڭ هەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

(6) قازا ۋە قەدەرگە (هەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قانۇن ئۆلچىمى بىلەن بولۇشىنىڭ) هەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

(7) ئەلبەئىسى بەئدەلمەۋتكە يەنى ئۆلگەندىن كېيىن سوئال

- سوراق ئۇچۇن قوزغىلىشىنىڭ (تىرىلىشىنىڭ) ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

مۇشۇ يۇقىرىقى يەتتە تۈرلۈك غەيبىي ھەقىقەتنىڭ شەك - شۈبھىسىز ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ.

**11. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى نېمە؟**

جاۋاب: ئۆز ۋۇجۇدى (تەن) قۇرۇلۇشىمىز ۋە كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان ماددا، كائىنات، ئومۇمىي مەخلۇقات، ھەر بىر مۆجىزات ۋە مۇئەييەن خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار جەزمەن ئېنىق ئەمەلىي ھەقىقەتكى، بۇ ئەلۋەتتە ئىجاد قىلىپ ياراتقۇچى ۋە بىلىپ باشقۇرغۇچى بىر ئۇلۇغ زاتى پاك، كامالاتى سىپات قۇدرەتلىك جانابى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئوچۇق دەلىل - پاكىتتۇر.

بارلىق مۇمكىناتلار(كائىناتتا بار بولغان ۋە مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى بولغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، ۋاجىبۇل ۋۇجۇد (بولغان) بىر ئاللاھنىڭ يارىتىشى ۋە باشقۇرۇشىغا موھتاجدۇر. شۈبھىسىزكى، ھېچبىر مەخلۇق ياراتقۇچىسىز ۋە ھېچقانداق باشقۇرغۇچىسىز (بارلىققا كېلىشى) مۇمكىن ئەمەس. ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئالەم قانۇنىيىتىگە، تاشقى دۇنياغا ۋە ئۆز(ىنىڭ) ئىچكى (پۈتۈن) ۋۇجۇدىغا نەزەر سالسا، ئەلۋەتتە بىر ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى، ھەممە ئالەمنىڭ ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچىسى مېھرىبان پەرۋەردىگارى ئۇ جانابى ئاللاھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئۇ ئاللاھقا كامىل ئەقىدە، ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن بەندىچىلىك قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە ئۇلۇغ شان - شەرىپى ھېسابلايدۇ.

## 12. سوئال: ئاللاھنىڭ زاتى ـ سىپاتىغا قانداق ئېتىقاد قىلىمىز؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ـ سىپاتى ھېچ شەيئىگە ئوخشىمايدۇ ۋە ھېچ شەيئى ئاللاھنىڭ زاتى ـ سىپاتىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا باردۇر، بىردۇر، ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ماددىي ۋە روھىي ئالەمدىن، زاماندىن ۋە ماكاندىن ئۈستۈندۇر. ئاللاھنىڭ نۇرى جامالى قۇدرەت ئاساسى ھەممە ئالەمدە زاھىر ۋە نامايەندۇر. ئاللاھ تائالا ماددىي جەۋھەر ياكى ئارىزى سۈرەت ئەمەستۇر. بارلىق ئالەم ۋە ئومۇمىي كائىنات ئاللاھنىڭ ئىلمىي قۇدرەت قورشاۋى ئىچىدىدۇر. پۈتۈن ئالەمگە ھاكىمى مۇتلەق (مۇتلەق ھۆكمىرانى) ۋە مەئبۇدى بەرھەق (ھەقىقىي ئىبادەت ۋە قۇللۇق قىلىشقا لايىق) بىر ئاللاھتۇر دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ھەممە ئالەم مانا شۇنداق بىر ئۇلۇغ زات، كامالاتى سىپات (مۇكەممەل سۈپەت ساھىبى) ئۇ جانابى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئوچۇق ئالامەتتۇر. ئومۇمىي ئالەم ئۈچۈن ئۇ ئۇلۇغ بىر ئاللاھنىڭ ئەبەدۇلئەبەد (مەڭگۈدىن مەڭگۈگە) بولۇشى ۋاجىپ ۋە زۆرۈردۇر.

## 13. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كۈنھى زاتىنى ماددىي كۆز بىلەن ئەينەن كۆرگىلى (كۆرۈش) مۇمكىنمۇ؟

جاۋاب: مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن تەركىب تاپقان ماددا ئاناسۇر، (ماددا، ئېلېمېنت) جىسمانىي تەبىئەت جۈملىسىدىن ئەمەس ياكى بەش سەزگۈ ئەزا ۋە باشقا ۋاستە ئورگانىك ئاپپاراتلار ئارقىلىق ھېس قىلىنىدىغان ماكان ۋە زامان قورشاۋى ئىچىدىكى ھەرخىل مۇشەخەس شەكىل ـ سۈرەت ۋە جىسمى ھەيكەل جۈملىسىدىن ئەمەستۇر. بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆز زات ۋە سۈپىتىدە ھېچقانداق ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوق، بارلىق مۇمكىنات جىنسىدىن (كائىناتتا بار بولغان ۋە مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى بولغان بارلىق

مەخلۇقاتلار)دىن ئۈستۈن بىر زاتى ۋاجىبۇل ۋۇجۇد (بارلىقى ۋاجىپ بولغان)، مەزھەرى شۇھۇد (بارلىقى ياراتقانلىرى بىلەن نامايان بولغان) تەڭرى بەرھەق، مەئبۇدى مۇتلەق ۋە بارلىق ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ پانى دۇنيادىكى ماددىي ئاناسىر (ماددىدىن تەركىب تاپقان) كۆزلىرىمىزدە ۋە باشقا سەزگۈ ۋاسىتىلىرىمىزدا جانابى ئاللاھنىڭ كۈنھى زاتىنى (زاتىنىڭ ماھىيىتىنى) ئەينەن كۆرۈش ئىقتىدارى يوقتۇر ۋە سىناق دۇنياسىنىڭ قانۇنى ھېكمىتىگە ھەرگىز ئۇيغۇن ئەمەستۇر. بەلكى قىيامەتتىن كېيىن ئىنسانلار باقى ئالەمگە لايىق يارىتىلغاندا يەنى ئاخىرەتتە كۆرۈشى مۇمكىن.

## 14. سوئال: ئاللاھ تائالانى قايسى سۈپەت بىلەن تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئاللاھتائالانىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەدىس ھۆججەتلىرىدە بايان قىلىنغان مەشھۇر يۈز نەچچە ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن تونۇيمىز. بۇنىڭدىن سەككىز سۇبۇتىي سۈپەتلىرىنى تونۇش ئالدىنقى زۆرۈر شەرتتۇر.

## 15. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەشھۇر سۈپەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مەشھۇر سۈپەتلىرى:

1 - ئەدل (العدل) 2 - ئەفۇ (العفو) 3 - ئاخىر (الآخر) 4 - ئەلىي (العلي) 5 - ئەلىيم (العليم) 6 - ئاللاھ (الله) 7 - ئەزىيم (العظيم) 8 - ئەزىيز (العزيز) 9 - بائىس (الباعث) 10 - باقى (الباقي) 11 - بارى (الباري) 12 - باسىت (الباسط) 13 - بەسىر (البصير) 14 - باتىن (الباطن) 15 - بەدىئ ( البديع) 16 - بىررۇ (البر) 17 - جامىئ (الجامع) 18 - جەببار (الجبار) 19 - جەلىيل

(الجليل) 20 ـ زار (الضار) 21 ـ ئەۋۋەل (الأول) 22 ـ فەتتاھ (الفتاح) 23 ـ غەففار (الغفار) 24 ـ غەپۇر (الغفور) 25 ـ غەنىي (الغني) 26 ـ خەبىير (الخبير) 27 ـ هادي (الهادي) 28 ـ هافىز (الحافظ) 29 ـ هەفىز (الحفيظ) 30 ـ هەق (الحق) 31 ـ هەكەم (الحكم) 32 ـ هەكىيم (الحكيم) 33 ـ خالىق (الخالق) 34 ـ هەلىيم (الحليم) 35 ـ هەمىيد (الحميد) 36 ـ هەسىيب (الحسيب) 37 ـ ئەلھەي (الحي) 38 ـ قابىز (القابض) 39 ـ قادىر (القادر) 40 ـ قەھھار (القهار) 41 ـ قەۋىي (القوي) 42 ـ قەييۇم (القيوم) 43 ـ كەبىير (الكبير) 44 ـ كەرىيم (الكريم) 45 ـ قۇددۇس (القدوس) 46 ـ لەتىيف (اللطيف) 47 ـ ماجىد (الماجد) 48 ـ مالىكۇل مۇلك (مالك الملك) 49 ـ مانىئ (المانع) 50 ـ مەجىيد (المجيد) 51 ـ مەلىك (الملك) 52 ـ مەتىين (المتين) 53 ـ مۇئەخخىر (المؤخر) 54 ـ مۇغنىي (المغني) 55 ـ مۇھسىي (المحصي) 56 ـ مۇھيىي (المحيي) 57 ـ مۇئىيد (المعيد) 58 ـ مۇئىز (المعز) 59 ـ مۇقەددەم (المقدم) 60 ـ مۇقىيت (المقيت) 61 ـ مۇقسىت (المقسط) 62 ـ مۇقتەدىر (المقتدر) 63 ـ مۇسەۋۋىر (المصور) 64 ـ مۇبدىئۇ (المبدع) 65 ـ مۇجىيب (المجيب) 66 ـ مۇھەيمىن (المهيمن) 67 ـ مۇئمىن (المؤمن) 68 ـ مۇمىيت (المميت) 69 ـ مۇنتەقىم ( المنتقم) 70 ـ مۇتەئال (المتعال) 71 ـ مۇتەكەببىر (المتكبر) 72 ـ مۇزىل (المذل) 73 ـ نافىئ (النافع) 74 ـ نۇر (النور) 75 ـ رەھىيم (الرحيم) 76 ـ رافىئ (الرافع) 77 ـ رەھمان (الرحمن) 78 ـ رەقىيب (الرقيب) 79 ـ رەئۇف (الرؤوف) 80 ـ رەشىيد (الرشيد) 81 ـ رەززاق (الرزاق) 82 ـ سەبۇر (الصبور) 83 ـ سەمەد (الصمد) 84 ـ سالام (السلام) 85 ـ سەمىئ (السميع) 86 ـ شەھىيد (الشهيد) 87 ـ شەكۇر (الشكور) 88 ـ تەۋۋاب (التواب) 89 ـ ۋاجىد (الواجد) 90 ـ ۋاھىد (الواحد) 91 ـ ۋالىي (الوالي) 92 ـ ۋارىس (الوارث) 93 ـ ۋاسىئ (الواسع) 94 ـ ۋەدۇد

(الودود) 95 - ۋەھھاب (الوهاب) 96 - ۋەكىيل (الوكيل) 97 - ۋەلىي (الولي) 98 - زاھىر (الظاهر) 99 - زۇلجەلالى ۋەل ئىكرام (ذوالجلال والإكرام).

يۇقىرىدىكى ئىسىم - سۈپەتلەر ئەسمائۇلھۇسنا (أسماء الله الحسنى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىسىم - سۈپەتلەر ئىچىدىكى سەككىز سۇبۇتى سۈپەتلەر:

(1) ئەلھەي (الحي)
(2) قەدىيم (القديم)
(3) قادىر (القادر)
(4) ئەلىيم (العليم)
(5) سەمىيئ (السميع)
(6) بەسىير (البصير)
(7) مۇرىيد (المريد)
(8) مۇتەكەللىم (المتكلم)دۇر.

**16. سوئال: «ئەلھەي» (الحي)نىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ئەبەدكە تىرىكتۇر، تىرىكلىكى بىزگە ئوخشاش جىسمى جان بىلەن ئەمەستۇر، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەت بىلەن تىرىكتۇر.

**17. سوئال: «قەدىيم» (القديم)نىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئەزەلى - ئەبەد (مەڭگۈدىن مەڭگۈگە) مەۋجۇتتۇركى، ئەۋۋەلىگە ئىبتىدا (باشلىنىشى) ۋە ئاخىرىغا ئىنتىھا (ئاخىرلىششى) يوقتۇر.

**18. سوئال: «قادىر» (القادر)نىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەممىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر، ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىزدەك ماددىي ئوزۇق، قورال ـ سايمان ۋە باشقا ۋاستىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەزەلىي ـ ئەبەدىي (مەڭگۈدىن مەڭگۈگە) ئۆزىگە لايىق سۈپەت بىلەندۇر.

**19. سوئال: «ئەلىيم» (العليم)نىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەممە شەيئىنىڭ ئەھۋال ئەسرارلىرىنى ھەم ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئەزەلىي ـ ئەبەدىي (مەڭگۈدىن مەڭگۈگە) بىلگۈچىدۇر. بىلىمكى بىزگە ئوخشاش ئەقىل ـ ئىدراك ۋە باشقا ۋاستىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس سۈپەت بىلەن بىلگۈچىدۇر.

**20. سوئال: «سەمىيئ» (السميع)نىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاڭلىماقلىقى بىزلەرگە ئوخشاش قۇلاق ۋە باشقا ۋاستىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەت بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر.

**21. سوئال: «بەسىير» (البصير)نىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا (ھەممە نەرسىنى) كۆرگۈچىدۇر. كۆرمەكلىكى بىزگە ئوخشاش كۆز ۋە باشقا ۋاستىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس سۈپەت بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ھېچ قانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس.

**22 ـ «مۇرىيد» (المريد)نىڭ مەنىسى نېمە؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغۇچىدۇر. ھېچ قانداق نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە خاھىشىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە خاھىشى بىزگە ئوخشاش زۆرۈر ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن ۋە ياكى باشقا ۋاستىلارغا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە لايىق سۈپەت بىلەندۇر.

## 23. سوئال: «مۇتەكەللىم» (المتكلم)نىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا سۆزلىگۈچىدۇر. سۆزلىمەكلىكى بىزلەردەك تىل ۋە باشقا ۋاستىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەزەلىي ـ ئەبەدىي (مەڭگۈدىن مەڭگۈگە) ئۆزىگە لايىق (خاس) سۈپەت بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر.

## 24. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلىرى (نى) نېمە ئۈچۈن سۇبۇتى سۈپەتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ؟

جاۋاب: بۇ سۈپەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ زاتى بىرلىكى بىلەن سابىت، بەرقارار ۋە ئەزەلىي ـ ئەبەدىي (مەڭگۈدىن مەڭگۈگە) ئايرىلمايدىغانلىقى ۋە ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەخلۇقاتقا نىسبەت بېرىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن سۇبۇتى سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنىڭ ئەينى ياكى غەيرى دېيىلمەيدۇ. ئۇ ۋاجىبۇل ۋۇجۇد، تەڭرى مەئبۇد جانابى ئاللاھنىڭ زاتىنى ۋە سۈپەتلىرىنى ھېچقانداق مۇمكىناتقا ئوخشىتىلمايدۇ.

## 25. سوئال: تەۋھىد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ زاتى سىپاتىغا (سۈپىتىگە) ھېچ شەيئىنى شېرىك كەلتۈرمەي، بارلىقى ۋە

بىرلىكىگە كامىل ئىشىنىپ، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى چىن ئىخلاس بىلەن بەجا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ھەقىقىي كامىل ئېتىقاد ئىگىسى بولغان كىشى، مۇۋەھھىد «موحد»، مۇتتەقى «متقي» دەپ ئاتىلىدۇ. بارلىق پەيغەمبەر، ھەقشۇناس ئىنسانلارنىڭ ۋە بارلىق كىتاب، مۇسھەپلەرنىڭ ساغلام ئەسلى ئېتىقادى ۋە بىر پۈتۈن ئورتاق يولى بولغان مۇقەددەس ئىسلام پروگراممىتىزىمى مۇشۇ تەۋھىد ئۇستىگە قۇرۇلغاندۇر. تەۋھىدگە خىلاپ ھەرقانداق ئەقىدە ۋە ئادەتلەر ساپ ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ ئەمەستۇر. بەلكى ھەرخىل تارىخىي شارائىتتا كېيىن قوشۇلغان بىدئەت ـ خۇراپاتلاردۇر.

## 26. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مالائىكىلىرىگە (پەرىشتىلىرىگە) قانداق ئىشىنىمىز؟ ۋە مالائىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمە؟

جاۋاب: مالائىكىلەر بولسا، ئاللاھ تائالا ساپ نۇردىن ياراتقان پاك بەندىلىرىدۇر. ئۇلاردا نەپسى شەھۋەت، جىنسىي مۇناسىۋەت تەقەززاسى ۋە ھەرخىل گۇناھ ـ مەئسىيەت ئامىللىرى مەۋجۇت ئەمەستۇر. ئۇلارنى ئەركەك ياكى چىشى دېيىلمەيدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ھاياتىي ئالەمدىكى ھەرخىل ماددىي ئېھتىياجلاردىن خالىي، ساپ نۇرانى مەخلۇقلاردۇر. مالائىكىلەر ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش ۋە بەلگىلىك تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. (ئۇلار) ئاللاھ تائالا نەزىلىدىن (تەرىپىدىن) روھىي ۋە ماددىي ئالەمدە بەلگىلەنگەن ھەرخىل ئىشلارغا مۇئەككەلدۇر. ئاللاھ تائالا نېمىنى بۇيرىسا، شۇنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ئەمرى ئىلاھىيگە (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، بۇيرۇلغان ئىشلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنغاندۇر. ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپە ئېتىبارى بىلەن مالائىكىلەر خىلى كۆپ خىلدۇر. بۇلارنىڭ بەزىسى ئالىمى

قـۇددۇس مەلەئـۇل ئەئـلا (يەنـى يۇقىرىقـى ئالـەم) مالائىكىلىرىـدۇر. يۇقىرىقـى ئالەمدىـن تۆۋەنكـى ئالەمگـە چۈشـىدىغان ھەرخىـل ئىشلارغا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى ۋەھـيي ئىلاھىگـە (پەيغەمبەرلەرگـە يارلـىق يەتكۈزگۈچـى، ئالدىـن خـەۋەر يەتكـۈزۈش) ۋە شـۇنىڭغا دائىر ئىلھامـي ئىشـلارغا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى رىزىققـا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى بـۇ سـىناق دۇنياسـىدا (ھاياتـي دۇنيـا) كېيىنكـى ئاخىرەت ھېسـاۋى ئۈچـۈن ئىنسـانلارنىڭ نامـە ـ ئەمالـى، ياخشـى ـ يامـان ئىشـلىرىنى يېزىـپ پاكىتلاشتۇرۇشـقا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى بالىغـا جـان كىرگۈزۈشـگە مۇئەككەلـدۇر ۋە بەزىلـرى بالىغـا ۋە جىنسـىنى ئايرىشـقا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى سـۇ ۋە يامغۇرغـا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى جـان ئېلىشـقا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى روھ تۈركۈملىرىنـى ئايرىـپ ئورۇنلاشتۇرۇشـقا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى ئادەمنىـڭ ھـەر دەۋرىكـى ھاياتـى ئۆتكەللىرىـدە مۇھاپىزەتچىلىككـە مۇئەككەلـدۇر.

(مالائىكىلەرنىـڭ) بەزىلـرى ئالىمـى بەرزەخكـە (ئۆتتـۇرا ئالەمدىكـى سـوئال ـ سـوراققا) مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى سـۇر تارتىشـقا مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى قىيامەتتـە ھەشـرى ـ نەشـرىگە (تىرىلدۈرۈشـكە)، بەزىلـرى مەھشـەرگاھقا قوزغـاش ۋە ھەيدەشـكە مۇئەككەلـدۇر. بەزىلـرى ھېسـاب، مىـزان، قىلسـىراتقا، بەزىلـرى ھـەۋزى كەۋسـەر، جەننـەت ـ دەۋزەخكـە مۇئەككەلـدۇر. ئاللاھ تائالانىـڭ ھـەر تەبىقـە مالائىكىلـرى ھـەددى ـ ھېسابسـىز كۆپتـۇر. مالائىكىلەرنىـڭ ئـەڭ ئۇلۇغلـرى: جىبرىئـىل، مىكائىـل، ئىسـراپىل، ئەزرائىـل ئەلەيھىسسـالاملاردۇر.

ئالـلاھ تائالانىـڭ بۇيرۇقىنـى بەجـا كەلتۈرۈشـتە ھېچقانـداق (ھەرقانـداق) يىـراق مۇسـاپە ياكـى جىسـمانىي ئالەمدىكـى ھەرخىـل ماددىـي توسـاقلار مالائىكىلەرگـە ھەرگىـز توسـقۇنلۇق قىلالمايـدۇ. مالائىكىلەرنـى ئالـلاھ تائـالا سـاپ نۇردىـن ياراتقانلىقـى ئۈچـۈن بۇيرۇلغـان ئىشـلارنى نـۇر سـۈرئىتى تېزلىكىـدە بېجىرىـش ئىقتىدارىغا

ئىگە قىلىنغان مۇقەررەب ( يېقىن) بەندىلىرىدۇر.

**27. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مالائىكىلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتە قايسى دەلىللەرگە ئاساسلىنىمىز؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا، ئەنبىيا (پەيغەمبەر) ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان قەتئىي ھۆججەتلەرنىڭ سىرتىدا يەنە ئۆتكەن مەشھۇر قىسسە ـ ۋەقەلىكلەر ۋە ئەقلىي دەلىل ـ پاكىتلار ئەلۋەتتە تولۇق ئىلمىي ئاساسقا يارايدۇ، مانا شۇ ئاساسلىق ئىلمىي ھۆججەتلەرگە تايىنىمىز.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ (ياراتقان ئالەمنىڭ) ھەددىسىز (چەكسىز) ئىكەنلىكىنى، مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ سان ـ ساناقسىز كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر ئىلمىي نەزەر بىلەن تەپەككۇر قىلساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتتىكى مالائىكىلىرىنىڭ بولۇشى ھەرگىز ماھال (ئىمكانسىز، ئارتۇقچە) ئەمەستۇر، تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئومۇمىي ئالەمنى تەدبىر (كونترول) قىلىشىدىكى ھەقىقىي ھېكمەت، ئاجايىپ سەنئەت، ئۇلۇغ قۇدرەت، بەدىئىي ماھارەت ۋە ھەقىقىي ئۇلۇھىيەت سىپاتىنىڭ (سۈپىتىنىڭ) بارلىق مۇمكىناتقا ئالاقىدار بولغان ئەڭ مۇناسىپ ۋە مۇۋاپىقلىق ئىجابىي تەقەززاسىدۇر.

رەھمەت مالائىكىلىرى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ جامالى مېھرىبانلىق سۈپىتىنىڭ مەزھەرىدۇر (كۆرۈنۈشى). غەزەپ مالائىكىلىرى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق قەھرى ھەيۋىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر ۋە لېكىن مالائىكىلەر باشقا ماددىي جىسىملارغا ئوخشاش ھەممە كۆزلەرگە بىردەك كۆرۈنمەيدۇ. سىناق (ھاياتى)

دۇنياسىدا كىشىلەرگە نىسبەتەن مەخپىي ھالەتتە تۇرۇشى ئىلاھىي ھېكمەتكە مۇۋاپىق ھەقىقەتتۇر. بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەي: «نېمىشقا مالائىكىلەرنى كۆرمەي ئىشىنىمىز؟» دېيىش جاھالەتتۇر. مالائىكىلەرنىڭ بۇقىرىدا بايان قىلىنغان خۇسۇسىيەتلىرىگە قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى ئۇچۇق ـ دەلىل ئىسپاتتۇر؛

﴿يَا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا قُوا اَنْفُسَكُمْ وَاَهْلِيكُمْ نَاراً وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلٰٓئِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللّٰهَ مَٓا اَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ.﴾

«ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھ نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.»[18]

﴿وَلِلّٰهِ يَسْجُدُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مِن دَآبَّةٍ وَالْمَلآئِكَةُ وَهُمْ لاَ يَسْتَكْبِرُونَ. يَخَافُونَ رَبَّهُم مِّن فَوْقِهِمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر ئاللاھ قا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (ئاللاھ قا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ.»[19]

---

[18] تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

[19] نەھل سۈرىسى 50 ـ 51 ـ ئايەتلەر.

﴿تَعْـرُجُ الْمَلَائِكَــةُ وَالـرُّوحُ إِلَيْــهِ فِي يَـوْمٍ كَانَ مِقْـدَارُهُ خَمْسِــينَ أَلْــفَ سَــنَةٍ﴾

« پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) ئاللاھ قا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ.»[20]

﴿وَيُسَبِّحُ الرَّعْدُ بِحَمْدِهِ وَالْمَلاَئِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِ وَيُرْسِلُ الصَّوَاعِقَ فَيُصِيبُ بِهَا مَن يَشَاءُ وَهُمْ يُجَادِلُونَ فِي اللّهِ وَهُوَ شَدِيدُ الْمِحَالِ ﴾

«گۈلدۈرماما ئاللاھ نى مەدھىيەلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھ تىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھ چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ، ئاللاھ نىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر.»[21]

﴿فَاسْتَفْتِهِمْ أَلِرَبِّكَ الْبَنَاتُ وَلَهُمُ الْبَنُونَ. أَمْ خَلَقْنَا الْمَلَائِكَةَ إِنَاثاً وَهُمْ شَاهِدُونَ. أَلَا إِنَّهُم مِّنْ إِفْكِهِمْ لَيَقُولُونَ. وَلَدَ اللَّهُ وَإِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى ئەھلى مەككە) دىن سوراپ باققىنكى، قىزلار پەرۋەردىگارىڭغا، ئوغۇللار ئۇلارغا

[20] مەئارىج سۈرىسى 4- ئايەت.

[21] رەئد سۈرىسى 13- ئايەت.

مەنسۇپمۇ؟ ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار (بىزنىڭ ياراتقانلىقىمىزنى) كۆرۈپ تۇرغانمۇ؟ (شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەمدۇ؟ (بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغاننى توقۇپ: «ئاللاھ نىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.»[22]

## 28. سوئال: ئىنساننىڭ مالائىكىلەر ۋە روھىي ئالەم بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئىنسان بىلھەقىقەت مەۋجۇت ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئەقىل ئىگىسى نۇرلۇق ھايۋاندۇر (مەخلۇقتۇر).

دېمەك، ئىنسان جىسمانىي ھايۋانىيەت قۇۋۋىتى بىلەن بىر تۇتاش روھىي مەلەكۇتىيەت (نۇرانى ئەقىل ۋە ئىدراك) تەپەككۇر ۋە ئىستىئدات (روھى ئىنسانىيەت) ئىرسىيەت ئاساسىدا بىر پۈتۈن مۇئەييەن نىسبەتتە يارىتىلغان بىر نەۋئى سىستىمىسىدىكى مەخلۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئىلمى، ئەقلى تەپەككۇر، ئىجاد كەشپىيات، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئومۇمىي كامالەتكە سالاھىيەتلىك ئۇلۇغ ئاملدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جىسمانىي ھايۋانىيەت قۇۋۋىتى ئېتىبارى بىلەن ماددىي تەبىئەت دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاندەك، روھىي مەلەكۇتىيەت ۋە نۇرانى ئەقىل قۇۋۋىتى ئېتىبارى بىلەن روھ ئالەمگە ۋە نۇرانى مالائىكىلەر گۇرۇھىغا ھەم مۇناسىۋەتلىكتۇر.

شۇڭلاشقا باشقا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئەقىل ـ ئىدراك، نۇرانى قۇۋۋەت، ئەمەلى خىسلەت جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن (ئىنسان) ھەرخىل ھايۋاناتنى

---

[22] سافقات سۈرىسى 149 ـ 153 ـ ئايەتلەر.

ۋە ماددىي تەبىئەتنى باشقۇرالايدۇ. ياخشى ـ يامىنىنى، پايدا ـ زىيىنىنى، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ھايات كامالاتى ۋە ساغلام ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار بەخت ـ سائادەت يولىنى ئىزدەپ تاللاش، ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش، كەشىپ ئىجاد قىلىش، ئىشلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا قابىلىيەتلىكتۇر. يەنە (ئۇنىڭدىن باشقا) ئىنسان جىسمانىي قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ باشقا مەخلۇقاتقا نىسبەتەن ئەڭ مۇرەككەپ مەخلۇق بولۇپ، پۈتۈن ئالەمنى كائىناتنىڭ تېلىۋىزورى ۋە نۇسخىلىق مىسالىدۇر. ئىنسانلار نەۋئىنىڭ (تۈرى) باشقا مەخلۇقاتتىن ئۇلۇغلۇقى ۋە ئىنسانلاردىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، سىناق دۇنياسىدىكى ئىلاھىي تەكلىپلەر ۋە ھەرخىل مەخسۇس ئىبادەتلەرنىڭ ئىنساننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولۇشى، قىيامەتتىن كېيىنكى قايتا باقى ئەلەم ھاياتى (ئاخىرەت ھاياتى) دۇنيادىكى ياخشى ـ يامان ئەمەللەرگە ئاساسەن ئاخىرەتتە راھەت ياكى ئازاب، جازا ۋە مۇكاپاتقا ھەقلىق بولۇشى قاتارلىق سالاھىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساندىكى مانا شۇ مەلەكۇتىيەت ۋە روھىي نۇرانىيەت قۇۋۋىتىنىڭ بىلھەقىقەت مەۋجۇتلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. نۇرانىي مالائىكىلەرنى ۋە ئىنسان روھىنى، ماددىي ئاناسۇر تەبىئەت پەردىسى ئىچىدىكى كۆزلەرنىڭ كۆرەلمەسلىكى بىلەن، ئۇ مەۋجۇت ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئىنسان نەۋئى سىستېمىسىنى زاتى ماھىيەتتە باشقا ھايۋانلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇش ۋە مايمۇنغا نىسبەت بېرىش قاتارلىق ئېزىتقۇ يالغان سەپسەتىلەر ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بۇ خۇددى جىسمانىي ئالەمدىكى ماددىي ھەيكەلنىلا كۆرۈپ، ماددىي تەبىئەت ئىچىدە بىر پۈتۈن يارىتىلغان نۇرلۇق ئېنېرگىيە ۋە ھاياتىي قۇۋۋەتنى كۆرمەي ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش چوقۇم جاھالەتتۇر.

**29. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۆز زاتىنى، سىپاتىنى (سۈپەتلىرىنى)، ئۇلۇغ قۇدرىتىنى ئىلمىي دەلىل - ھۆججەتلەر بىلەن تونۇتۇش ئۈچۈن ۋە ئىنسانىنىڭ دۇنياۋى ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەت ھاياتى كامالاتىنى، پاك تۇرمۇش، ھالال كەسىپ ۋە ساغلام ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت يوللىرىنى بىلدۈرۈش، ھەرخىل پايدىلىق ئىلىم - پەن كەشپىيات، ماددىي تەبىئەت ئالەم قانۇنىيەتلىرىنى بايان قىلىش ۋە ھەر زاماننىڭ دەۋر شارائىتىگە مۇۋاپىق ئىلاھىي ھۆكۈم - پەرمانلارنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە «ۋەھىي» (روھى ئاڭلىتىش) ئارقىلىق كەلگەن بارلىق كىتاب، مۇسھەپلەرنىڭ ئاللاھ نەزىلىدىن ئىكەنلىكىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىنىق «ۋەھىي» ئارقىلىق چۈشكەن كىتاب، مۇسھەپلەرنىڭ تامامى مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ ھەر زاماندىكى ھەقىقىي پروگراماتىزىملىق قانۇنى دەستۇرىدۇر، ھەممىگە پەرقسىز (ئوخشاش) ئىشىنىپ ئېتىراپ قىلىش لازىمدۇر.

مەشھۇر تۆت كىتاب:

1 - مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋرات.

2 - داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان زەبۇر.

3 - ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىنجىل.

4 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ مەشھۇر تۆت كىتابتىن باشقا يەنە «سۇھۇفى ئادەم»، «سۇھۇفى شىش»، «سۇھۇفى ئىدرىس»، «سۇھۇفى نوھ» ۋە «سۇھۇفى ئىبراھىم» قاتارلىق 107 مۇسھەپ كەلگەندۇر. ھەر قايسى كىتاب، مۇسھەپلەر ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي ئەھكام جەھەتتە شۇ مۇئەييەن پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋرىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالغان) بولۇپ يېڭىلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، ئادەم (ئىنسانىيەت) تارىخىدا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچە خاتىمى (ئەڭ ئاخىرقىسى) بولۇپ، دۇنياغا ئۇنىڭدىن باشقا (كېيىن) يەنە پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن مۇقەددەس قانۇنى ئىلاھىي قۇرئاننىڭ ھۆكمى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ سىناق دەۋرى ئاياغلىشىدىغان قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر. ئىنسانلار دۇنياسىدا ئىلمىي ئىجادىيەت، پەننىي كەشپىياتلار قانچە تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر دائىرىسى كېڭەيگەنسىرى، قۇرئاننىڭ ئىلمىي ھەقىقەت سىرلىرى شۇنچە روشەنلىشىدۇ ۋە نۇرلۇق مۆجىزىلىرى ئىنسانىيەت ئومۇمىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر باياناتى ئۆز ئەينى ھەقىقىتى بىلەن ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزلۈكىدىن قايىل قىلىدۇ.

بىلىش كېرەككى، قۇرئان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلىماتىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىش ۋە ئەمەل قىلىشمۇ ماھىيەتتە قۇرئان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەستىقلىغان بارلىق كىتاب، مۇسھەپلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك بارلىق كىتاب مۇسھەپ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق ئاساسى بولغان مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا

ئىشىنىپ ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ. مۇشۇ ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن قۇرئان تەلىماتى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىقادى يولىنى)، ئەڭ ساغلام، ئەڭ مۇكەممەل ھەقىقىي پروگراماتىزىملىق ئىسلام دىنى مەڭگۈ ئۆچمەس ئەڭ توغرا پىرىنسىپلىق ھەق ۋە راست يول دەپ ئاڭلىق ئىشىنىپ ئەمەل قىلىشقا لايىقتۇر.

## 30. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر بەندىلەرنى يامان ئىشلاردىن ۋە باتىل، خۇراپات يامان ئەقىدە، يامان يوللاردىن توسۇپ، ياخشىلىققا، ھەق دىن ۋە توغرىلىققا (مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا) دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزى تاللاپ ۋەھىي، يولىيورۇق ئاڭلاتقان (كۆرسەتكەن) ھەقىقىي ئەلچىلىرى ۋە پاك راستچىل بەندىلىرى دەپ ئىشىنىمىز.

پەيغەمبەرلەر مۇرسەل ۋە نەبى دەپ ئىككى دەرىجىگە ئايرىلىدۇ:

1 ـ مۇرسەل پەيغەمبەرلەر: ھەر دەۋر ۋە ھەر زاماندا ئاللاھدە مۇستەقىل كىتاب، مۇسھەپ نازىل بولغان ۋە يېڭى شەرىئەتكە ئىگە قىلىنغان زاتلاردۇر. مەسىلەن: ئادەم، نوھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش ۋە باشقىلار.

2 ـ نەبى پەيغەمبەرلەر: مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى تۇتقۇچى ۋە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان ھەرخىل بىدئەت، خۇراپات ۋە يامان ئادەتلەرنى ئۇ مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن تازىلاپ ساغلام راۋاجلاندۇرۇپ ئىجرا قىلغۇچى زاتلاردۇر. مەسىلەن: ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇپ، يۇشەئ، زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش ۋە باشقىلار.

مۇرسەل ۋە نەبى پەيغەمبەرلەر دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ماھىيەتتە ئوخشاش پەيغەمبەرلەردۇر. ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ھەق ۋە راستلىقىنى ھەر زاماندىكى ھەقشۇناس كۆپچىلىك ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي گۇۋاھلىقى بىلەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە خاس مۆجىزىسى (ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ ئىشلار) بىلەن ۋە ئالدىنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى تەستىقلىغان ھۆججەت، تەرىپى (تەرىپلىگەن) خەۋەرلىرى بىلەن ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ئېنىق دەلىل، پاكىت، ئىلمىي ئاساسلار بىلەن ئىشىنىمىز.

ئىنسانلار تارىخىدا ھەر زامان، ھەر بىر قەۋم ئىچىدە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، بۇلارنىڭ سانى بىزگە ئېنىق ئەمەس. تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان ۋە باشقا مۇسەھەپلەردە تارىخىي قىسسە ۋە تەرىپلىرى بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەر بىر نەچچە تىپىك مىساللاردىن ئىبارەت. جۈملىدىن قۇرئاندا 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى شەرىپلىرى مەزكۇردۇر(زىكىر قىلىنغان).

1. ئادەم 2. ئىدرىس 3. نوھ 4. ھۇد 5. سالىھ 6.لۇت 7. ئىبراھىم 8. ئىسمائىل 9. ئىسھاق 10. يەقۇب 11. يۈسۈف 12. ئەييۇب 13. شۇئەيب 14. مۇسا 15. ھارۇن 16. داۋۇد 17.سۇلەيمان 18. يۇنۇس 19. ئىلىيەسەئ 20.زۇلكىفىل 21.ئىلياس 22. زەكەرىيا 23. يەھيا 24. ئىيسا 25. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

يەنە ئۇزەير، لوقمان ۋە زۇلقەرنەيننىڭ ئىسملىرى قۇرئاندا مەزكۇردۇر. بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئوچۇق ئەمەس. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن سالىھ بەندىلىرى ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. يەنە شىيت، يۇشەئ، خىزىر، بەشىر، دانىيال، ئىشنۇئىل، ئەشئىيا ۋە ئارمىيە ئىسملىك پەيغەمبەرلەر ھەدىسلەردە مەلۇم قىلىنغاندۇر.

ئالدىنقى (ئەڭ ئاۋۋالقى) پەيغەمبەر ئەبۇلبەشەر (ئىنسانلارنىڭ

ئاتىسى) ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. كېيىنكى (ئاخىرقى) پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ زاتتىن كېيىن دۇنياغا ھېچ (باشقا) پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقىي پاك ئىسلام دىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى) قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر، ھەممىمىز ئۇ زاتنىڭ ئۈممەتلىرىدۇرمىز. قۇرئان ھۆكمىدە، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئومۇميۈزلۈك ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئورتاق ئەقىداتى (ئەقىدىسى) بولغان تەۋھىدنى ئومۇمىي ئىنسانىيەت بىرلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقىي ئىسلام قانۇنى پىروگراممىسىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېتىراپ قىلىشقا ۋە جانلىق ئىجرا قىلىشقا چاقىرىدۇ.

قۇرئاننى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىش ماھىيەتتە بارلىق كىتاب، مۇسەھپەلەرگە ۋە ئۈلۈغ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك قايىل بولۇپ، ھەقىقىي ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ.

## 31. سوئال: ئاخىرەت كۈنگە (كېيىنكى باقى ئالەمدىكى ھېساب - كىتاب كۈنگە) ئىشىنىش دېگەن قانداق؟

جاۋاب: سىناق دۇنياسىدا يارىتىلغان ئىنسانلارنىڭ قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرى دۇنيا ئاياغلىشىدىغان ئۇل قىيامەتتىن كېيىنكى ئاخىرەت كۈنىدە خۇلاسە قىلىنىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېمەكتۇر. يەنى ساۋاب ۋە گۇناھقا قاراپ ياخشى - يامان جازا بېرىلىدىغان بىر دەۋرنىڭ ( باقى ئالەمنىڭ) (مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە)، ئۇل باقى ئالەمدە قىيامەت، ھەشرى - نەشرى(كۆرەك مەيدانى) بەرپا قىلىنىشىنىڭ، ھېساب، مىزان، پىلسىرات، ھەۋزى - كەۋسەر، جەننەت ۋە دەۋزەخنىڭ

مەۋجۇت ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ياخشى ـ يامان، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىدىغان (قىلالايدىغان) ئەقىل ئىدراك ۋە نۇرلۇق روھ بىلەن ياراتتى. ئاسمان ـ زېمىندىكى ماددىي مەنپەئەتلەرنى ئىنسانلار ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بەھرىمەن بولالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنساننى بۇ سىناق دۇنياغا خوجايىن قىلدى ۋە ھەممە مەخلۇقتىن ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ياراتتى. مۇشۇ ئېتىبار بىلەن، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا باشقا ھايۋانات جىنسىدىن پەرقلىق ھالدا 4 ـ دەۋرنى (باقى ئالەم (ئاخىرەت ئالەمى) ۋە ئاخىرەتتىكى ئەبەدىي ھايات دەۋرىنى جارى قىلدى.

دېمەك، ئىنسانغا باشقا ھايۋاناتقا ئوخشاش بولغان ئۈچ دەۋردىن باشقا، ھايۋانات جىنسىدىن ئارتۇق بولغان يەنە بىر دەۋر (4 ـ دەۋر) جارىدۇر. 1 ـ ۋۇجۇد (پەيدا) بولۇش دەۋرى، 2 ـ كامال (ئۆسۈپ ـ يېتىلىش) دەۋرى، 3 ـ پانى (قېرىپ ئۆلۈش ياكى ھالاك بولۇش) دەۋرى، 4 ـ بەقائۇ ئىئادەت (قايتا باقى ئالەمدە تىرىلىش) ئاخىرەت دەۋرىدۇر.

مەسىلەن: ۋۇجۇد دەۋرى ـ ياز، كامال دەۋرى ـ كۈز، پانى دەۋرى ـ قىش، ئىئادەت دەۋرى ـ ئەتىيازغا ئوخشاش. شۇ ھەقىقەت ئېنىقكى، ئىنسانلارنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھ ئەلۋەتتە يەنە قايتا تىرگۈزۈپ (تىرىلدۈرۈپ)، باقى ئالەمگە (ئاخىرەت ئالەمگە) لايىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە قادىردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن ھېچقانداق تۇسالغۇ ۋە سەلبىي ئاجىزلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بەلكى باقى ئالەم ھاياتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى بۇ پانى ئالەمدە سىناق ئۈچۈن بەلگىلىك مۇددەتتە (ئىچىدە) بەندىچىلىك تەكلىپى بىلەن يارىتىشتىكى ھېكمىتىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق تەقەززاسى ۋە ئۇلۇغ قۇدرىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

دېمەك، ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولۇشىدا ھېچ شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. سالىھ ياخشى بەندىلەر جەننەت ۋە راھەتكە سازاۋەر بولۇشى ۋە يامان زالىم كۇپپارلار دەۋزەخ ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشى، بۇ ئىككى لاگېرنىڭ باقى ئالەمدە (ئاخىرەتتە) مەۋجۇتلىقى ئەينەن ھەقىقەتتۇر. بۇنداق بولۇشى، ئول پادىشاھ ھەقىقىي ھەممە ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھنىڭ ئادالەت سۈپىتىنىڭ زۆرۈر مەزمۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئىماننىڭ بىر تەركىبى قىسمىدۇر.

## 32. سوئال: قەدەرگە (تەقدىرگە) ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدەرىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن، دۇنيادا بولغان، بولىدىغان، بولمىغان ۋە ھەر نەۋئى (تۈرلۈك) مەخلۇقات، پۈتۈن ئالەم ۋە ئادەم، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھاياتى قانۇنىيىتى، ئومۇمىي قانۇنى، ئىختىيارى قانۇنىيىتى، ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن نىسبەتتە ئاللاھنىڭ نەزىلىدە (نەزىرىدە) بولۇشقا تېگىشلىك مۇئەييەن ئۆلچەم، قىسمەت مىقتارىدا بولۇشىنىڭ ۋە ھەر ياخشىلىق ـ يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر ئىرادىسىگە باغلىق بولغان قانۇنى چەك ـ چېگرا ئىچىدە بولۇشىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

بەندە ئۆز فېئلىنى (ھەرىكىتىنى) ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، لېكىن بۇنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. ئومۇمىي ئىختىيارى ۋە ماددىي ئىمكانىيەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر. يەنى ھېچقانداق نەرسە قەدەردىن (تەقدىر ۋە قانۇنى ئىلاھىيدىن) تاشقىرى ئەمەس دەپ ئىشىنىشتۇر.

بۇ تەقدىر مەسىلىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى بەرپا

قىلىشىغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشىغا قارىمۇ ـ قارشى كەلمەيدۇ. بەلكى ماددىي تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، (ئۇنىڭدىن) قانۇنى (توغرا ئۇسۇلدا) بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن ئىلاھىي قانۇنىيەتنى ئالدىنئالا چۈشىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كۈچ سەرپ ئېتىشنى (قىلىشنى) تەلەپ قىلىدۇ. تەقدىر مەسىلىسىگە بۇنىڭ ئەكسىچە قاراش ئىسلام ئېتىقادىغا، قۇرئان تەلىماتىغا ئۇيغۇن بولمايدىغان (كەلمەيدىغان) جاھالەتتۇر.

## 33. سوئال: بەئىس (ئۆلگەندىن كېيىن قوزغىلىش)قا ئىشىنىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۆلگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم روھنى تەننىڭ قېشىدا ھازىرلاپ سىناق ئۈچۈن سوراق ـ سوئال قىلىنىشىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا، مۆمىن سالىھلارنىڭ، كافىر ـ مۇشرىكلارنىڭ روھلىرىنىڭ ئىككى لاگېرغا ئايرىلىشىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

بۇ ئىرىلدۇرۇش دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ئالەمى بەرزەختە (ئوتتۇرا ئالەمدە) بولىدىغان سوراق ـ سوئال ئەھۋالى بولۇپ، بۇ دۇنيادىكىگە ئوخشاش يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىسمانىي ھەرىكەتلەرگە باغلىق ئەمەس ياكى ئاخىرەتتە جەننەت ۋە دەۋزەختە بولىدىغان ھايات ھەم ئەمەس. بەلكى تەن بىلەن روھنىڭ جۇدالىشىش باسقۇچىدا سىناق سوئال ئۈچۈن روھقا مۇناسىۋەتلىك بىر نەۋئى (خىل) ئەھۋالدۇر. ئۆلگەن كىشى قايسى جاي ۋە قايسى ھالەتتە جان ئۈزگەن بولسۇن، ياكى ئۇنى ھايۋاناتلار يۇتۇپ كەتكەن بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئۆزىگە تونۇتۇپ قايىل قىلىش ئۈچۈن روھنى ھازىرلاپ سوراق ـ سوئال قىلالايدۇ ۋە چەكلىك ئازاب،

راھەت بىلەن تېگىشلىك مۇئامىلە قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مالائىكىلىرىگە ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىپ ئۆلگەن كىشىنى سوراق قىلىش ئۈچۈن ۋە تېگىشلىك سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھېچنەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى تىرىك ئادەم كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ ياكى باشقا ۋاستە بىلەن سېزىپ ئالالايدىغان ئەھۋال ئەمەس. بەلكى بۇ ئەھۋاللار سىناق دۇنياسىدا مەزكۇر ئۆلگەن كىشىدىن باشقا ھايات ئادەملەرگە سېزىلمەيدىغان، مەخپىي تۇتۇلغان خاس ئۆتكەلدىكى ئەھۋالدۇر. مەسىلەن: ئۇيقۇدىكى ئادەمنىڭ روھىي ھالەتتىكى ئەھۋالىنى مەيلى ئۇ راھەتلىنىۋاتقان بولسۇن ياكى قورقۇلۇق (قورقۇنۇچلۇق) ھالەتتە ئازابلىنىۋاتقان بولسۇن، ئويغاق ئادەمنىڭ بىلىشى مۇمكىن بولامدۇ؟ (ئەلۋەتتە) مۇمكىن بولمايدۇ. روھ تەندىن ئاجراپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا سوراق ـ سوئال ۋە باشقا روھىي ھالەتلەرنى ھايات ئادەمنىڭ ئاڭلاش ۋە سېزىشى قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ بۇ ھايات كىشىلەرگە (تىرىك كىشىلەرگە) نىسبەتەن سىناق دۇنياسىنىڭ ھېكمىتىگە، ئىلاھىي قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

دېمەك، مالائىكىلەرنىڭ سوراق ـ سوئاللىرىنى تىرىك ئادەملەر نېمىشقا ئاڭلىيالمايدۇ؟ روھىي ئەھۋاللار مەۋجۇت ئەمەس ۋە ھاكازا دەپ ئىنكار قىلىش ئىلمىي ھەقىقەتكە خىلاپ، يولسىز جاھالەتتۇر.

### 34. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئۆلۈم ۋە ھاياتنى بىر تۇتاش خەلق ئېتىشتىكى (يارىتىشىدىكى) ھېكمەت نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن ھايات بىلەن بىر تۇتاش (باراۋەر) ئۆلۈمنى ۋە سىناق دۇنيا دەۋرى ئاخىرلىشىدىغان قىيامەتتىن كېيىنكى ئاخىرەتنىڭ ئەبەدىي ھاياتىنى خەلق ئېتىشتىكى (يارىتىشتىكى) ھېكمەت ۋە ئىنسانلارنىڭ پانى (ھاياتى)

دۇنيادىكى ئۆمرىنى چەكلىك يارىتىشتىكى مەقسەت بولسا، ئىنسانلارنىڭ مانا شۇ چەكلىك ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزمەي، بۇ سىناق دۇنياسىدىكى بىر مەزگىللىك ھايات دەۋرىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇلۇغۋار، ياخشى ئىشلار ئۈچۈن سەرپ ئەتسۇن، شۇنىڭ بىلەن دۇنياۋى ۋە ئاخىرەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە چەكسىز راھەت ـ پەراغەتكە (باقى ئالەمدىكى ئەبەدىي نېمەت ۋە گۈزەل جەننەتكە) يېتىش ئۈچۈن تىرىشسۇن ۋە ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز ئورنىدا بۇ دۇنيادا قالىدىغان ئىز باسار ياخشى ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلسۇن، ھەر خىل ئىلمىي ئىجادىيەت، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە كەشپىياتلارنى ئىختىرا (يېڭىباشتىن بەرپا قىلىش) قىلىپ، ھەر جەھەتتىكى پەزىلەتلىك ئىشلار ئارقىلىق مەڭگۈ ئۆچمەس نام قالدۇرۇشقا، گوياكى مەڭگۈ ئۆلمەي ياشىغاندىن ئارتۇق سەئىي سەۋەب قىلىشقا بارلىق ئادەم ئەۋلادلىرى بەس ـ بەستە ئالغا ئىلگىرىلەشكە تىرىشسۇن دېگەن مەقسەت ۋە ھېكمەتنى ھاياتى ئەھمىتى بىلەن ئىلھام بېرىش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھتائالانىڭ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھەقىقىي دىنغا دەۋەت قىلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھەم مۇشۇ نۇقتا ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

دېمەك، سىناق دۇنياسى ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇ مەيدانىدۇر ۋە ئەمەلىي مۇسابىقە بەيگىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە بولىدىغان ئۇلۇغ دەرىجە، ئالىي مەرتىۋە، ھەرخىل نازۇ ـ نېمەت ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەربىر كىشىنىڭ سىناق دۇنياسىدىكى ياخشى ئەمەللىرى مىقدارى بىلەن ھېساب ـ مىزان ئىچىدە بولىدۇ. بىر زەررە مىقدارى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەرگىز يوشۇرۇلۇپ قالمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا يېزىلىپ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەجرى مۇكاپاتىنى ياكى ئازاب جازاسىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭغا

تۆۋەندىكى ئايەتلەر دەلىلدۇر:

﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ. وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ.﴾

«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»[23]

## 35. سوئال: ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى (نەزەرىدىكى) ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەندۇر؟

جاۋاب: ئىنسانلار نەۋئى (تۈرى) قايسى تىل، قايسى ئىرىق، مىللەت، قايسى قەبىلە ۋە قايسى نەسەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى (نەزەرىدىكى) ئۇلۇغلۇقى تەقۋا (پەرھىزكار)لىق بىلەندۇر. يەنى كىم تەقۋادارراق بولسا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەرتىۋە، پەزىلەت جەھەتتە شۇ كىشى ئۇلۇغراقتۇر.

تەقۋا دېگەن؛ ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە رەھمىتىنى ئىجاب قىلىدىغان (ياغدۇرىدىغان)، تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنى چىن ئىخلاس بىلەن بەجا كەلتۈرۈش ۋە اللە نىڭ قەھرى ـ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان گۇناھ يامان ئىشلاردىن پەرھىز قىلىپ، ئېھتىياتلىق بىلەن ئۆز نەپسىنى ساقلاشتۇر. شۇنداق پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ھاسىل بولغان ئادەتتىن تاشقىرى ئۇلۇغ خىسلەتلەر كارامەت دەپ ئاتىلىدۇ. ھەقىقىي تەقۋا بولسا، ئىلىم ـ مەرىپەتكە يەنى ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقىنى تونۇماقلىققا باغلىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى

---

[23] زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

شۇنداق كامىل تونۇپ، ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلغاندىلا ئۇلۇغ پەزىلەتلىك تەقۋادار مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ.

### 36. سوئال: ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق ۋە تەقۋادارلىقنىڭ ئەمەلىيىتى نېمە بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ؟

جاۋاب: بىنايى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ۋە ئىسلام رۇكنىلىرىنىڭ (تۈۋرۈك) ۋە ئىمانىنىڭ ھەر بىر شۆبە تارماقلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۆزلەشتۈرۈپ (بىرلەشتۈرۈپ) تولۇق ئورۇنداش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بى ئەمەللىك ۋە تەقۋاسىزلىقلار (تائەت ـ ئىبادەت قىلماسلىق) بولسا، پاسىقلىق ۋە يولدىن ئاداشقانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

### 37. سوئال: بىنايى مۇسۇلمانچىلىق قايسىلار؟

جاۋاب: (تۆۋەندىكى بەش ئاساستۇر):

1 ـ ئىمان
2 ـ ناماز
3 ـ زاكات
4 - روز
5 ـ ھەجدۇر.

بۇلار بىنايى ئىسلام (مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مۇھىم 5 بىناسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

### 38. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ كامالىتى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت بولغان مۇھىم رۇكنىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى توققۇز رۇكنىدۇر:

1 ـ بەندىلەرنى ئاللاھ بىرلىكىنى تونۇشقا چاقىرىش.

2 ـ ئاللاھ يولىدا ھەمىشە جىھاد قىلىشنى داۋام قىلىش.

3 ـ ئاللاھنىڭ خەلقىنىڭ (مەخلۇقاتلىرىنىڭ) ھاياتى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارغا ئىلگىرىلەش.

4 ـ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇملىششى ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىش.

5 ـ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كامىل يار ـ يۆلەكتە بولۇش.

6 ـ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا ئەمەلىي پاكىت، ھۆججەتلەرنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇش.

7 ـ ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىپ، ئومۇمىي ئىسلام بىرلىكىنى قۇۋۋەتلەش.

8 ـ رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا ھەقىقىي ئەگىشىش بىلەن بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش.

9 ـ بارلىق ئېتىقادىي، ئەمەلىي ئىشلاردا خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشنى، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەشنى ئومۇمىي ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق بارلىق نىيەتلەرنى ساغلام رۇسلاش.

مۇشۇ رۇكنىلارنىڭ بىر پۈتۈن مەركەزلەشكەن قۇرۇلمىسىنى قۇرئاندا (مۇستەھكەم تۇتقا) دەپ ئاتالغان ئىسلام ئىجتىمائىي پىروگراممىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرەت، كامالىتى ۋە ئومۇمىي تەرەققىياتى مۇشۇ توققۇز رۇكنى بويىچە ئىش كۆرۈشكە باغلىقتۇر.

﴿وَمَن يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى وَإِلَى اللَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾

«ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.»

**39. سوئال: ئىماننىڭ تارماق شاخچىلىرى نېمە؟ مىساللىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئىمان بىر چوڭ مېۋىلىك دەرەخكە مىسال قىلىنسا، ئۇنىڭ ئەقىدات (ئەقىدىلەر) ۋە ئىبادات يەنە ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىيات جەھەتلەردە ئىسلام شەرىئىتىگە ئالاقىدار ھەر قايسى ساھەلىرى ئېتىبارى بىلەن 70 نەچچە شاخچە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم، قَالَ: الإِيمَانُ بِضْعٌ وَسَبْعُونَ شُعْبَةً، والحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الإِيمَانِ.[24]

«ئىمان 70 نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھايا ـ نومۇس ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر».

«حُبُّ الوَطَنِ شعبة مِنَ الإيمانِ.»[25]

---

[24] مۇسلىم بىن ھەججاج ئەبۇلھەسەن ئەننىسابۇرى، «سەھىھۇل مۇسلىم»، ئىھيائۇتتۇراس ئەلئەرەبى نەشرىياتى، بېيرۇت (تارىخ يوق)، 1 ـ جىلد، 63 ـ بەت.

[25] بۇ سۆز بەزى كىتابلاردا ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ھەدىس ئالىملىرى بۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت قىلىنغان بىر ھەدىس ئەمەسلىكىدە ئىتتىپاق قىلغان. بەزى ئالىملار بولسا بۇ سۆزنى مەنە جەھەتتىن سەھىھ دەپ قارىغان. شەمسىددىن ئەبۇلخەير مۇھەممەد ئەسساخاۋى، «ئەلمەقاسىدۇلھەسەنە پى بايانى كەسىرىن مىنەلئەھادىس ئەلمۇشتەھەرە پىلئەلسىنە»، دارۇلكۇتۇب ئەلئىلمىيە نەشرىياتى، بېيرۇت 1985، 297 ـ بەت.

«ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىن بىر شاخچىدۇر». يەنى ۋەتەننى دوست تۇتۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، مىللەتنى سۆيۈش، ۋەتەن ـ خەلقىنىڭ ھاياتى، بەخت ـ سائادىتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلەش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، دېگەن مەقسەتنى چۈشەندۈرىدۇ.

### 40. سوئال: ئېھسان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئېھسان دېگەن، ئاللاھ تائالاغا گوياكى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك بەندىچىلىك قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ (كۆرمىسەڭمۇ) ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق مۇقامدا (يوسۇندا) كامىل دىل، ئىخلاس بىلەن بەندىچىلىك قىلىش ئېھسان دەپ ئاتىلىدۇ.

### 41. سوئال: ئەقىدات ۋە ئىبادات، ئىجتىمائىي مۇئامىلاتلارنىڭ شەرىئەت ھۆكمى بويىچە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بىر پۈتۈن كەڭ ھەسسە (قۇرۇلۇش) بولۇپ، ئەقىدات ئۇنىڭ ئاساسى ئۇلى ۋە ئالدىنقى بازىسىدۇر. ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىيات (ئىجتىمائىي مەسىلىلەر) بولسا، ئۇنىڭ ئىلتىزامى (ئايرىلماس) بىناسى ۋە ئۈستى قۇرۇلمىسىدۇر. بۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمانغا ھەق (توغرا) ئېتىقاد، پاك ئىبادەت ۋە توغرا ئىجتىمائىي ئەھكام، (ئۇنىڭ) دۇنياسى ۋە ئاخىرەتلىك ئومۇمىي ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجلىقدۇر.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئىبادەت

### 42 ـ سوئال: تائەت ـ ئىبادەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تائەت ـ ئىبادەت دېگەن، بەندىنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تەشەككۇر بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەمەللەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەت ھەرخىل بولىدۇ.

### 43. سوئال: قانداق كىشى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى (مۇكەللەپ) بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەرقانداق بالىغ (بالاغەتكە يەتكەن)، ئاقىل (ئەقلى ـ ھوشى جايىدا) ئەر ـ ئايال ئىبادەتكە چاقىرىلغۇچىدۇر، يەنى مۇكەللەپ ھېسابلىنىدۇ.

### 44. سوئال: تائەت ـ ئىبادەت نېمە ئۈچۈن بالىغ، ئاقىل كىشىگە (مۇسۇلمانغا) ۋاجىبدۇر؟

جاۋاب: تائەت ـ ئىبادەت ئىسلام دىنىنىڭ مەجبۇرىيىتى بولغاچقا، بۇنىڭغا ھەقلىق بولۇشتا ئالدىن (ئالدى بىلەن) شۇ كىشىنىڭ مۆمىن ۋە مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى شەرتتۇر. يېشىغا توشۇپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىغ بولۇشى شەرتتۇر. تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئۆزىگە خاس قائىدە بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن ئەقلى بولۇشى شەرتتۇر. دېمەك، يېشىغا توشمىغان گۆدەك بالىلار يېشىغا توشۇپ بالاغەتكە يەتمىگۈچە

ئىبادەتكە مەجبۇر ئەمەس. ساراڭ كىشى، ئەقلىدىن ئازغان ياكى بىھوش ھالەتتە بولغان كىشى ھەم بۇنىڭغا لايىق بولمايدۇ، ئەقلى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ھەقلىق بولىدۇ.

**45. سوئال: بەندىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادەت ئۈچۈن ساۋاب ـ گۇناھ جەھەتتىكى ئەمەللىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى سەككىز قىسىمدۇر:

(1) پەرز.

(2) ۋاجىپ.

(3) سۈننەت.

(4) مۇستەھەب.

(5) مۇباھ.

(6) ھارام.

(7) مەكرۇھ.

(8) مۇبرى ـ مۇستەكراھتۇر.

**46. سوئال: پەرز ـ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

جاۋاب: پەرز ــ ئاللاھ ۋە رەسۇل ئۇنى قىلىشقا بۇيرىغانلىقى قەتئىي (ئېنىق) دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ئەمەللەردۇر. پەرزنىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇنى قىلغان كىشى چوڭ ساۋابقا ئىگە بولىدۇ، قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ، ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى ئىماندىن ئاجرايدۇ. مەسىلەن: ئىمان كەلتۈرۈشكە قايىل بولۇش، بەش ۋاخ ناماز، زاكات، ھەج، روزا ۋە جىھاد فى سەبىلىللا (ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش)، ھالال كەسىپ قىلىش، ئەمرى مەئرۇپ، نەھيى مۇنكەر (ساۋابلىق ياخشى ئىشلارغا

بۇيرۇش، گۇناھ بولىدىغان يامان ئىشلاردىن توسۇش) ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئەھلى ئىسلامنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇش قاتارلىقلار پەرز دائىرىسىگە كىرىدۇ.

### 47. سوئال: پەرز ئەمەللەرنىڭ بەندىلەرگە ئىجابىي ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: پەرز ئەمەللەر، ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن دۇنياۋى، ئاخىرەتلىك ئومۇمىي ئېھتىياجىغا ماددىي ۋە مەنىۋى روھى ھاياتى كامالاتىغا ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغ ئەمەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇل جاناب ھەممىگە ئالىم، دانا، ئۇلۇغ ۋە مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىز بىزلەرنى ئۇنى قەتئىي بەجا كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. پەرز ئەمەللەرنىڭ ھەر بىرىنى تەپەككۇر قىلساق، ئومۇمىي ھاياتىمىز ئۈچۈن، دۇنياۋى، ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ مەنپەئەتلىك ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

### 48. سوئال: ۋاجىپ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ۋاجىپ شۇدۇركى، ئاللاھ تائالا ئۇنى قىلىشقا قەتئىي بۇيرۇق قىلمىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاياتىدا ھېچ تەرك ئەتمەي پەرزگە ئوخشاش ئەھمىيەت بەرگەن ئەمەلدۇر. ۋاجىبنىڭ ھۆكمى، (ئەمەل) قىلسا چوڭ ساۋاب،ئىنكار قىلغان كىشى ئىماندىن ئاجرىمىسىمۇ، ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. ۋاجىپ ئەمەللەر مەسىلەن: مۇسۇلمانچىلىق ئەخلاق تۈزۈملىرىگە ئىتائەت (رىئايە) قىلىش، مەيلى ئەر (ياكى) ئايال بولسۇن، مۇسۇلمان بىلەن نىكاھلىنىش (ھالال تۇرمۇش قۇرۇش)، مۇسۇلمانلار جامائەسى باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، ھېيت نامىزى (ئوقۇش) ۋە قۇربانلىق قىلىش، سەدىقە پىترە (بېرىش)،

ۋىتىر نامىزى (ئوقۇش)، ئۆز قولۇم ـ قوشنىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، سالامغا جاۋاب بېرىش، مېھمانغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىش، مۇسۇلمانلار جامائەسى بىلەن بىللە بولۇش، ئەھلى ئىسلامنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇش قاتارلىقلار ۋاجىپ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## 49. سوئال: سۈننەت قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: سۈننەت شۇلدۇركى بىزگە ئۇنى (مۇسۇلمانلار ئۈچۈن) قىلىشقا ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ چاغلاردا قىلغان ياخشى ئەمەللەردۇر. سۈننەتنىڭ ھۆكمى، قىلغان كىشى ساۋابلىق (لايىق) بولۇر (بولىدۇ)، ئاخىرەتتە دەرىجىسى يۇقىرى بولۇر (بولىدۇ). قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولماس لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم بولۇر (قالىدۇ). سۈننەت ئەمەللەر مۇھىملىقتا ۋاجىبقا ياندىاش ئەمەلدۇر. سۈننەت ئىككى قىسىمدۇر:

1 ـ سۈننەتى مۇئەككىدە، (ئۇنى قىلىش شەرىئەتتە تەكىتلەنگەن سۈننەت).

2 ـ سۈننەتى غەيرى مۇئەككىدە، (ئۇنى قىلىش تەكىتلەنمىگەن، ئىختىيارى ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك سۈننەتتۇر).

## 50. سوئال: نېمە ئۈچۈن سۈننەت «سۈننەت» دەپ ئاتىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سۈننەت ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر؟ مىسالى قايسىلار؟

جاۋاب: سۈننەتنىڭ مەنىسى ئوچۇق يول دېمەكتۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرى بولسا، ئەسرى سائادەتتە (سائادەتلىك دەۋر) ئەساھابى كىراملار ھەزرىتى رەسۇلۇللاھتىن بىۋاسىتە قوبۇل

قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە كۆندىلىك تائەت ـ ئىبادەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئەخلاقىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۆزلەشتۈرگەن ۋە كېيىنكى زامانلاردا كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار جامائەسى ۋە ھەقشۇناس ئالىم، مۇجتەھىدلەر ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابە ۋە تابىئىنلىرىغا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ۋە ھەر زامانغا مۇناسىپ ھالدا راۋاجلاندۇرۇلغان مەئرۇپ (ئوچۇق، مەلۇم) ۋە مەشھۇر بولغان ئەنئەنىۋى يول كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ۋە ئۆلۈغ ئىش ـ ئىزلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى (ھەر زامانغا مۇناسىپ ئوچۇق، راۋان يولى) دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈننەت ئەمەللەر بولسا ئىسلام دىنىنىڭ ھەر بىر تارماقلىرىدىكى پەرز، ۋاجىپ، ئەمەللەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. شۇڭلاشقا ئاساسەن سۈننەت ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بولسا، ھەر خىل شەيتانى يامان ئەمەللەرنى چەكلەش ۋە ھەر تۈرلۈك بىدئەت ـ خۇراپات، كۇفرى ـ زالالەت، چىرىك ئادەت ۋە ناچار ئەخلاق ئىستىللىرىغا ئورۇن بەرمەسلىك ئۈچۈن سۈننەتلەرنى چىڭ تۇتۇش ئۈممەتنىڭ دۇنياۋى، ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتى ۋە ئومۇمىي نىجاتلىقىنىڭ مەنبىئىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىدىن تېيىپ كېتىش بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىق ۋە زەبۇنلىققا، گۇمراھلىققا چۈشۈپ ھالاك بولۇشنىڭ بائىسى (سەۋەبى)دۇر.

دېمەك، تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سۈننەت ئەمەللەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، دائىرىسى كەڭرىدۇر. بۇ يەردە ئۇنىڭغا دائىر بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. سۈننەت ئەمەللەر مەسىلەن: نامىاز جامائەت، ئەزان ـ ئىقامەت، مىسۋاك قىلىش، ھەرخىل پاكلىق ۋە پاكىزلىققا داۋام قىلىش (ئەھمىيەت بېرىش) ۋە ھەر جۈمە غۇسلى تاھارەت قىلىش، مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە ئېتىبار بېرىش، بىر ـ

بىرىدىن ھال سوراش، سالام ـ سائەت قىلىش، ئۆز ئارا مېھرى ـ شەپقەت ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش، بىر ـ بىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش، ئۆلسە مۇسىبىتىنى ئۇزىتىش (قاتنىشىش)، تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئەزان ـ تەكبىر بىلەن ئىسمىنى قويۇش، خەتنە قىلدۇرۇش، مۇسۇلمانچىلىق نىكاھ رەسمىيەت ـ قائىدىلىرىنى ئۆتكۈزۈش، يول ـ كۆۋرۈك ياساش، ئاممىۋى تاھارەتخانا، غۇسۇلخانىلارنى ئەھيا (بەرپا) قىلىش ۋە ئومۇمىي ھاياتقا، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ساۋابلىق سۈننەت ئەمەللەر جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۇندىن باشقا پەرز، ۋاجىپ بىلەن بىر تۇتاش ئادا قىلىنىدىغان سۈننەت ئەمەللەر ھەم بار. مەسىلەن:

1 ـ ئىبادەتتىكى سۈننەتلەر، ناماز ۋە روزىنىڭ سۈننەتلىرى قاتارلىقلار.

2 ـ تۇرمۇش ئادىتىدىكى سۈننەتلەر، چاچ ـ ساقال تاراش، تىرناق ئېلىش، ئەۋرەتنى تازىلاش، ھەر قانداق ئىشتا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش، ھەر قېتىم تاماق يېيىش ئۈچۈن قول يۇيۇش ۋە بىسمىللاھ دېيىش قاتارلىقلار...

## 51. سوئال: مۇستەھەب قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مۇستەھەب شۇدۇركى ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ دوست تۇتۇپ بەزى ۋاقىتلاردا قىلغان ۋە بەزىدە قىلمىغان، لېكىن بىزگە ئۇنى قىلىشنى ئالاھىدە بۇيرىمىغان قوشۇمچە ساۋابلىق ئەمەلدۇر. مەسىلەن: كېچىلەردە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، ئەسىر ۋە خۇپتەندىن ئىلگىرى تۆت رەكەت نەپلى ناماز، ئىشراق چاشگاھ نامىزى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەلاتى ئەۋۋابىين قاتارلىق نامازلار.

تاھارەت ئۇچۇن ئىستىنجا قىلىش، شۈكرى ھۇزۇر (خاتىرجەملىكى ئۇچۇن تەشەككۇر)، تەھەييەتۇل مەسچىت (نامىزى ئوقۇش) ۋە تاراۋىھ نامىزىدا تەسبىھ ئېيتىش، بوش ۋاقىتلاردا قۇرئان ئوقۇش، نەپلە روزا تۇتۇش ۋە نەپلە سەدىقە بېرىش قاتارلىقلار...

مۇستەھەبنىڭ ھۆكمى، قىلسا ساۋاب ۋە قوشۇمچە ئەجىرگە ئىگە بولۇر، قىلمىسا گۇنا يوقتۇر.

### 52. سوئال: مۇباھ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مۇباھ بولسا ئۇنى قىلسا ساۋاب يوق، قىلمىسا گۇناھ يوق، ئۇنى قىلىش ـ قىلماسلىق بەندىنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئەمەللەردۇر. مەسىلەن: كىشىلەر قايسى خىل ھالال تائامنى خالىسا تويغىچە يېيىش ۋە مۇۋاپىق پورمىلادىكى (ئۆلچەمدىكى) قايسى خىل كىيىمنى خالىسا كىيىش، قايسى خىل تۇرمۇشنى ۋە مۇۋاپىق شەكلىنى ئۆزى تاللاش، ھالال كۆكۆل ئېچىش، زەرەرسىز سۆزلەرنى ئېيتىش ۋە تۇرمۇش ھاياتىدىكى نورمال ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇباھ جۈملىسىدىندۇر.

### 53. سوئال: ھارام قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ھارام ـــ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە ئۇنىڭ قەبىھ گۇناھ ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ توسقانلىقى قەتئىي دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، ئەقلەن ۋە شەرئەن چەكلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ھارام دەپ ئاتىلىدۇ.

ھارامنىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇنى قىلغان كىشى گۇناھكار بولۇپ ئازابقا ھەقلىق بولىدۇ، قىلمىغان كىشى ساۋابقا ھەقلىق بولىدۇ. ئۇنى ھالال سانىغان كىشىنى مۇسۇلمان ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

ھارام ئەمەللەر مەسىلەن: ياراتقان ھەق تائالادىن تېنىش ۋە ئىبادەتتە شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ( قاتىللىق قىلىش)، كىشىلەرگە ۋە ھايۋاناتلارغا جەبرى ـ زۇلۇم قىلىش، باسقۇنچۇلۇق، زىنا، پاھىشە، بەچچىۋازلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قىمارۋازلىق، خىيانەت، پارىخورلۇق ۋە ئىسراپچىلىق (قىلىش). ھاراق، نەشە ۋە ئەپيۇن..... قاتارلىق مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش. سېسىغان، چىرىگەن ناپاك نەرسىلەرنى ۋە ئۆزى ئۆلگەن، بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى) دەپ بوغۇزلانمىغان نەرسىلەرنى (ھايۋانلارنى) ۋە توڭگۇز (چوشقا)، ئىت، ئېيىق قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى، قاغا ـ قۇزغۇنغا ئوخشاش يىرتقۇچ ئۇچار قاناتلارنى ۋە مۇشرىك، كۇپپارلارنىڭ (كاپىرلارنىڭ) ئەتكەن تائاملىرىنى ۋە ناپاك نەرسىلەرنى يېيىش. مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قارشى بۇزغۇنچۇلۇق، بۆلگۈنچىلىك قىلىش. دۈشمەنگە جاسۇسلۇق قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىش، غەيۋەت قىلىش، يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق ئىشلار ھارام جۈملىسىگە كىرىدۇ. ھەر قانداق ھارام ئەمەلدىن باشقىلارنى توسۇش ۋە ئۆزى ھەم ساقلىنىش مۇھىم پەرز ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە ھارامغا رازىلىق بىلدۈرۈش ۋە ھېسداشلىق قىلىش ھەم ھارامدۇر.

**54. سوئال: مەكرۇھ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

جاۋاب: مەكرۇھ ئىككى قىسىمدۇر:

1 ـ مەكرۇھى تەھرىمى، بۇ ۋاجىبنىڭ ئەكسىدۇر.

2 ـ مەكرۇھى تەنزىھى، بۇ سۈننەتنىڭ ئەكسىدۇر.

مەكرۇھنىڭ مەنىسى، ئەقلەن ۋە شەرئەن كەرىھ (سەت

كۆرۈلگۈچى) دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى شۇكى، قىلسا گۇناھكار بولىۇر، قىلمىسا ساۋابلىق (ئىگە) بولىۇر. بۇنىڭ مەكرۇھلىقىنى ئىنكار قىلغان كىشى ئىماندىن ئايرىلمىسىمۇ، ئېغىر گۇناھكار بولىۇر. ھارام ئىشلارغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلار مەكرۇھى تەھرىمى ئىشلار دائىرىسىگە كىرىدۇ. گۇناھقا ياندىشىدىغان بەزى يەڭگىلرەك گۇناھلار مەكرۇھى تەنزىھى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

مەكرۇھ تەھرىمى، مەسىلەن: شەرت ـ شارائىت بار تۇرۇپ نامازغا جامائەتكە چىقماسلىق، قۇربانلىق قىلماسلىق، سەدىقە پىتىر بەرمەسلىك، ھەقمەسايىلارنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلماسلىق، مۇسۇلمانلاردىن ئايرىلغان ھالدا ياشاش، كۇپپار ۋە غەيرى دىنىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش فورمالىرىنى (ئادەتلىرىنى) ۋە كىيىم ـ كېچەك شەكىللىرىنى ياخشى كۆرۈپ قوبۇل قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مەكرۇھ تەنزىھى مەسىلەن: كىشىلەر سەسكىنىدىغان قىلىقلارنى قىلىش، بىر تۈرلۈك ۋاقىتنى زايە قىلىدىغان پايدىسىز ئويۇنلارنى ئويناش ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 55. سوئال: مۇستەكرەھ قانداق ئەمەل؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مۇستەكرەھ بولسا ھارام ياكى مەكرۇھلىقى شەرئى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ پاك تەبىئىتىگە ماسلاشمايدىغان ۋە ساۋابلىق ئىشلارنىڭ سۈپىتىنى بۇزىدىغان يامان سانالغۇچى بەزى ئەمەللەرنى مۇستەكرەھ ياكى مۇفسىد دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى قەستەن قىلسا گۇناھ، سەھۋەنلىك بىلەن قىلسا گۇناھ يوقتۇر. قىلمىسا ساۋاب بولىدۇ. مەسىلەن: نامازدا تۇرۇپ تاھارەتنى بۇزۇۋېتىش، كىشىلەردىن يىراققا بارماي

تاھارەت سۇندۇرۇش، مىشقىرىش، ئاۋازنى چىقىرىپ كېكىرىش، قولنى ياپماي (ئاغزىغا قولنى قويماي) ئەسنەش، چەپ (سول) قولى بىلەن تاماق يېيىش، ئوڭ قولى بىلەن تاھارەت تازىلاش، كوچا ـ بازارلاردا ئۆرە تۇرۇپ تائام يېيىش قاتارلىقلار...

## 56. سوئال: پەرز نەچچە قىسىمدۇر؟ پەرز ئەين بىلەن پەرز كۇپايىنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: پەرز ئىككى قىسىمدۇر: پەرز ئەين ۋە پەرز كۇپايە.

1 ـ پەرز ئەين بولسا ئەينەن ئۆزى قىلمىسا بولمايدىغان، باشقىلار ئادا قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدىغان پەرزدۇر. مەسىلەن: بەش ۋاقىت ناماز، روزا قاتارلىقلار...

2 ـ پەرز كۇپايە بولسا بەزىلەر ئادا قىلسا، باشقىلاردىن كۇپايە قىلىدىغان پەرزدۇر. مەسىلەن: مېيىت نامىزى، تېبابەتچىلىك ۋە باشقا كەسپىي ئىلىملارنى ئۆگىنىش قاتارلىقلار... بۇنى بىر بۆلۈكلەر ئادا قىلسا، باشقىلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ. ھېچكىم ئادا قىلمىسا، ھەممە كىشىنىڭ زىممىسىگە قالىدۇ.

## 57. سوئال: ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت جەھەتتە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە شەرىئەت ھۆكمىدە ياخشى دەپ تونۇلغان پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەب قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىش ۋە يامان دەپ تونۇلغان ھارام، مەكرۇھ، مۇستەكرەھ قاتارلىق ئەمەللەردىن تېگىشلىك نىسبەتتە (ئىمكانىنىڭ بېرىچە) ساقلىنىش ۋە ھەر قانداق ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئىسلام قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىش، مۇسۇلمانچىلىق

قائىدىسى بويىچە ساۋاب ۋە گۇناھنىڭ، ياخشى ۋە ياماننىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

**58. سوئال: پەرز بولغان تائەت - ئىبادەتلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى (ئۇلۇغراقلىرى) قايسىلار؟**

جاۋاب: تۆۋەندىكى بىر قانچە ئەمەللەردۇر:

1 - ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشەنگەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ جانابى ھەق بۇيرۇغان بەش ۋاخ نامازنى ھەر كۈنى ھېچ تەرك ئەتمەي ئوقۇماق.

2 - نىساب (بايلىق) ئىگىسى بولغان ھەر بىر كىشىنىڭ شەرىئەت بەلگىلىگەن قائىدە بويىچە ھەر يىلى مېلىنىڭ تېگىشلىك زاكىتىنى بەرمەك.

3 - ئۆزىنىڭ ساق - سالامەتلىكى، ئومۇمىي شارائىتى بولغان ھەر بىر كىشى يىلدا بىر ئاي روزا تۇتماق.

4 - زادە راھىلىسى (يول ۋە ئىقتىسادىي كېتەرلىك چىقىمى يېتىشسە) ئۆمرىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلماق.

5 - ئۆمرى بويىچە ئاللاھ يولىدا ھەققانىي ئىشلار ئۈچۈن جىھاد قىلماق.

6 - ھەر بىر كىشى ئۆز ئەۋلاد تەۋەلىكلىرىنى ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق سۈپىتى بىلەن تەربىيەلىمەك.

7 - مۇمكىن بولغان مىقداردا (شارائىتتا) زۆرۈر (بولغان) ئىلمىي - مەرىپەتلەرنى ئۆگەنمەك ۋە ئۆگەتمەك.

بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بىناسى ۋە مۇخ (مىخ) رۇكنىلىرى بولۇپ، بارلىق ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەللەرنىڭ مۇھىم مەركىزى نۇقتىسىدۇر. بۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەب دائىرىسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار ئۆز بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## 59. سوئال: ناماز قانداق ئىبادەت ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەت پەلسەپەلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ناماز بولسا، ئىسلام دىنىغا ئاساسەن ھەر بىر مۇكەللەپ ھېساپلانغۇچى (تەكلىپ قىلىنغۇچى) ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە ئۆمۈر بويى كۈندىلىك ۋەزىپە قىلىنغان مۇھىم پەرز ئىبادەتتۇر. مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالدىنقى پەرق نامازدۇر. ناماز ئوقۇمىغان كىشى پاسىق (ئىسلام دىنىنىڭ ھەق يولىدىن چەتنەپ كەتكۈچى) ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەلىلدۇر:

وعَنْ أَنَسِ بْنِ مالِكٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: {مَن تَرَكَ الصَّلاةَ مُتَعَمِّدًا فَقَدْ كَفَرَ جِهارًا.} [26]

تەرجىمىسى: «ھەر كىشى نامازنى قەستەن تەرك ئەتسە، ئۇ كىشى جەزمەن كۇفرىغا يېقىندۇر».

ناماز بولسا ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىنسانىي خىلقىتى

[26] ئەبۇلھەسەن نۇرەددىن سۇلايمەن ئەلھەيسەمى، «مەجمەئۇز زەۋائىد ۋە مەنبەئۇل فەۋائىد»، ئەلقۇدسى كۇتۇپخانىسى، قاھىرە 1994، 1 ـ جىلد، 295 ـ بەت.

(تەككە ـ تۇرقى) ۋە ئىسلام پىترىتى (تەبىئىتىنى) ۋە ھاياتى سالامەتلىكىنىڭ شۈكرانىسىنى، بەلگىلىك شەكىلدە مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىغان ئىبادەتتۇر.

ناماز ئوقۇيدىغان ھەر بىر بەندە بۇ ئۇلۇغ ئىبادەت ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك پاك ھالەتتە بولىدۇ. بەدەننى پاكلاپ، پاك كىيىم كىيىپ، پاك ئورۇندا تۇرۇپ، پاك ئەقىدە، پاك نىيەت بىلەن يەك دىل (قەلب بىرلىكى)، يەك جەھەت (تەرەپ بىرلىكى) بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ بەيتى بولغان كەئبەتۇللاھ تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ، تەكبىر ئېيتىش بىلەن نامازنى باشلايدۇ. ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، ھەق كالامنى تىلغا جارى قىلىپ، تازىم بىلەن باش ئېگىپ، ئەڭ غايەتتە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ سەجدە قىلىپ، پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ ۋە تەھىييە (ئېھتىرام) بىلەن تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇش بىلەن ئومۇمىي ھەرىكەتتە يەتتە ئەزاسىنى بارلىق ۋۇجۇدى قان تومۇرلىرىغىچە ئىشقا سېلىپ، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي پاك مۇسۇلمانلىق ئىخلاس مۇھەببىتىنى ھەر بىر بەندە ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش ئۈچۈن ناماز ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبادەت جەھەتتە ناماز تۆۋەندىكى يەتتە تۈرلۈك ئەمەلىي پائالىيەت ۋە ھېكمەت ـ پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇيدىغان نامىزىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ۋە باشقا ئىبادەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر پۈتۈن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى قىيام، قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە، قەئدە (ئولتۇرۇش) ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن نامازنى تامام قىلىشتىن ئىبارەت كامىل تەرتىپنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ تەرتىپ بىلەن ناماز ئوقۇغۇچى كىشى نامازنى باشلاش بىلەن تەڭ ئۆزىنى نامازنىڭ سىرتىدىكى

ئىشلاردىن چەكلەيدۇ.

2 ـ نامازنى ئوقۇغۇچى كىشى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا كامىل ئىبادەت بىلەن تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ «قىيام»نىڭ ماھىيىتىدۇر.

3 ـ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوقۇپ ھەقىقىي قايىللىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ «قىرائەت»نىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

4 ـ ئاللاھ نى ئۇلۇغ دەپ باش ئېگىپ، ھەمدە تەلبىيە ئېيتىپ، تازىم بەجا كەلتۈرىدۇ. بۇ «رۇكۇ»نىڭ ماھىيىتىدۇر.

5 ـ بەندە ئۆزىنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆزىنى ئەڭ تۆۋەن تۇتۇپ پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ ئاللاھنى يۇقىرى دەرىجىدە ئۇلۇغلاپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. بۇ «سەجدە»نىڭ ماھىيىتىدۇر.

6 ـ زاتى پاك ئاللاھغا بەندە ئۆزىنىڭ كامىل بويسۇنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ تەھىييە ئېيتىدۇ. بۇ «قەئدە» يەنى ئولتۇرۇشنىڭ ماھىيىتىدۇر.

7 ـ ئاللاھغا ئىبادەت قىلغۇچى مۇسۇلمانلار جامائەسى بىر سەپتە ۋە ئەبەدىي ئايرىلماس قېرىنداشلىق مەۋقەدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئىككى ياندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ نۇرلۇق دوستلىرى ۋە روھىي سەپداشلىرى بولغان مەلائىكىلەرگە (پەرىشتىلەرگە) سالام ـ رەھمەت يوللاش بىلەن ئۆز ئىختىيارى نامازدىن چىقىدۇ. مانا بۇ خۇرۇج بىسۇنئىھىنىڭ (نامازدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىقىشنىڭ) ماھىيىتىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن نامازنىڭ ئىچىدىكى مۇشۇ پەرز ۋە رۇكنىلاردىن بىرىدە بىرى چالا قالسا، ناماز توغرا بولمايدۇ. ئەگەر سەھۋەنلىك

بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قالسا ياكى ئازراق كېچىكىپ قالسا، سەجدە سەھۋە لازىم بولىدۇ. ناماز ئىبادەت جەھەتتىكى يۇقىرىقى ھېكمەت ـ پەزىلىتىدىن باشقا يەنە ھەرخىل رىيازەتلەر بىلەن چېنىقىش، پاكىزلىق، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە، ئىجتىمائىي ئىنتىزام، ئومۇمىي مائارىپ، ئىسلام بىرلىكى، مۇسۇلمانلار جامائەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دىنىي ھەمكارلىق قاتارلىق نۇرغۇن ھېكمەت ـ پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 60. سوئال: نامازنىڭ تېشىدىكى (سىرتىدىكى) ئادا (قىلىش) ئۈچۈن شەرت بولغان پەرزلەر قايسىلار؟

جاۋاب: بۇ، سەككىز شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ نامازنىڭ ۋاقتىنى تېپىش پەرزدۇر. دېمەك شۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلسا، ئادا تاپمايدۇ.

2 ـ بەدەننى پاكلاش، تاھارەت ئېلىش پەرزدۇر. دېمەك تاھارەتسىز ناماز ئوقۇلسا، ئادا تاپمايدۇ.

3 ـ پاك كىيىم كىيىش پەرزدۇر. ئەگەر پاك كىيىمى بار تۇرۇپ ياكى يۇيۇپ كىيىش ئىمكانى بار تۇرۇغلۇق پاسكىنا كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇلسا، ئادا تاپمايدۇ.

4 ـ پاك ئورۇندا تۇرۇش پەرزدۇر. دېمەك پاكىز بولمىغان نەرسىنىڭ ئۈستىدە ياكى ناپاك جايدا ناماز ئوقۇلسا ئادا تاپمايدۇ.

5 ـ ئەۋرەتنى يېپىش پەرزدۇر. دېمەك ئەۋرەتنى ياپقۇدەك نەرسە بار تۇرۇپ، ئەۋرەت ئوچۇق ھالدا ناماز ئوقۇلسا دۇرۇست بولمايدۇ.

6 ـ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش پەرزدۇر. دېمەك قىبلىگە ئارقىسىنى

قىلىپ ياكى قىبلىنى مۆلچەرلىمەي ئوقۇلغان ناماز ئادا تاپمايدۇ.

7 ـ نىيەت قىلىش پەرزدۇر. دېمەك ھەرقانداق ناماز ئېنىق تەيىن قىلىنمىسا ۋە ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆڭلىگە كەچۈرمىسە ئادا تاپمايدۇ.

8 ـ تەكبىر تەھرىمە ئېيتىش پەرزدۇر. يەنى نامازغا ئېھرام تۇرىدىغان ۋە نامازنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردىن ئۆزىنى يىغىدىغان بىرىنچى تەكبىر ئېيتىلمىسا، ناماز ئادا تاپمايدۇ.

**61. سوئال: نامازنىڭ ۋاقتىنى تېپىش نېمىشقا پەرزدۇر؟ بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بەش ۋاخ نامازنى ئىنسانلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۇنيالىق ھاياتى تۇرمۇشىغا دوقالما (توسقۇنلۇق) بولمايدىغان ھالەتتە ھەر ناماز ئۈچۈن خاس بولغان مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلەپ پەرز قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ۋاقتىنىڭ نامىزىنى شۇ ناماز ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ۋاقىت كىرگەندە ئاندىن ئوقۇش پەرز بولىدۇ. ئەگەر ناماز ۋاقىت كىرىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلسا، شۇ ۋاقتىنىڭ پەرز نامىزىغا ھېساب بولمايدۇ. باشقا (قايتىدىن) ئوقۇش لازىم بولىدۇ. لېكىن نەپلە، قازا نامازلارنى كۈن قىزىل ۋە كۈن قىيام بولغان ۋاقىتتىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ، مۇئەييەن ۋاقىت بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ناماز بامداتنىڭ ۋاقتى ئېنىق تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن چىققىچە.

2 ـ ناماز پېشىننىڭ ۋاقتى كۈن قىيامدىن ئېگىلگەندىن (چۈش

ۋاقتى) باشلاپ ھەر نەرسىنىڭ ئەسلى سايىسى ئىككى بارابەر (ھەسسە) بولغىچە بولىدۇ.

3 ـ ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتى ئەسلى سايە ئىككى بارابەر (ھەسسە) بولغاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغۇچە.

4 ـ ناماز شامنىڭ ۋاقتى كۈن ئولتۇرغاندىن باشلاپ ئۇپۇقتىكى قىزىللىق ياكى ئاقلىق غايىب بولغانغا قەدەر.

5 ـ ناماز خۇپتەننىڭ ۋاقتى مەزكۇر شەپەق غايىب بولغاندىن باشلاپ، تاڭ يورىغىچە كېچە (تۈن)نىڭ ھەممىسىدۇر. لېكىن كۈن چىققاندىن باشلاپ، كۈن چۈشتىن ئېگىلگەنگە قەدەر بۇ كەڭ ۋاقىتنى ئاللاھ تائالا بىز بەندىلەرنىڭ دۇنيالىق تىرىكچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن قالدۇرغاندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىت بەش ۋاخ نامازنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەت دەلىلدۇر:

قال تعالى: ﴿وجعلنا الليل لباسا وجعلنا النهار معاشا.﴾

تەرجىمىسى: «كېچىنى لىباس قىلدۇق. كۈندۈزنى (سىلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق.»[27]

## 62. سوئال: ناماز ئۈچۈن نېمىشقا تاھارەت ئېلىش شەرت؟ ئۇنىڭ تەلىپى قانداق؟

جاۋاب: ناماز ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئىبادەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن پاك ھالەتتە ئادا قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداش ئىسلام دىنىنىڭ شوئارى

[27] ئەممە سۈرىسى 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

بولغان پاكلىقتا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى ھالەتتە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئىسلام دىنى پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئېتىقاد قىلغۇچىلىرىنى مەنىۋى تەرەپتىن بۇزۇق نىيەتتىن ۋە ئارزۇلاردىن ئۇزاق تۇرۇشقا، ئىچكى دۇنياسىنى پاك تۇتۇشقا، ماددىي تەرەپتىن تاشقى قىياپەت شەكلىنى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ھەر بىر مۇسۇلمانغا نامازنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە نامازدىن بۇرۇن كىچىك تاھارەت (پاكىزلىق) ئېلىشنى پەرز قىلدى. تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل بولمايدۇ ھەم ساۋابمۇ يوق.

كىچىك تاھارەتنىڭ پەرزلىرى بولسا (تۆۋەندىكىچە):

1 ـ يۈزنىڭ ھەممە يەرلىرىنى بىر قېتىم يۇماق.

2 ـ ئىككى قولىنى جەينىكىگىچە يۇماق.

3 ـ بېشىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا قولى بىلەن مەسھ قىلماق (سىلىماق).

4 ـ ئىككى پۇتىنى ھوشۇقى بىلەن بىرگە يۇماق.

كامىل (تولۇق) ئېلىنغان كىچىك تاھارەتنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

تاھارەت ئېلىشنى مەقسەت قىلغان كىشىنىڭ ئالغان تاھارىتىدە ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىشى سۈننەت. ئالدى بىلەن، ئىككى قولىنى بېغىشىغىچە پاكىز يۇيۇش لازىم. ئەگەر تەڭلە، لېگەنگە ئوخشاش بىر قاچىدا تاھارەت ئېلىشقا توغرا كەلسە، قولىنى قاچىغا تىقىشتىن بۇرۇن سۇنى قولىغا تۆكۈپ پاكىز يۇيۇش لازىم. ئىككى قولىنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، مەزمەزە (ئاغزىنى چايقاش) ۋە ئىستىنشاق (بۇرنىنى چايقاش) لازىم. ئاغزىنى چايقىغاندا، سۇنى

گېلىغىچە ئېلىپ غارغارا قىلىدۇ. ئەگەر روزا تۇتقان بولسا، غارغارا قىلمايدۇ. بۇرنىنى چايقىغاندا، ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، سول قولى بىلەن بۇرۇن قاقىدۇ. مەزمەزە ۋە ئىستىنشاقنى ياخشى قىلىش لازىم. تاھارەت ئالغاندا، مىسۋاك بولسا، چىشلىرىنى مىسۋاك قىلىش ئالاھىدە سۈننەتتۇر. تاھارەت ئالغاندا، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە سۆزلەنگىنى بويىچە تەرتىپ بىلەن ئېلىش ۋە ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىن باشلاش، تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان پۇتۇن ئەزالارنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش سۈننەتتۇر. بۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ يۇيۇش سۈننەتكە خىلاپتۇر. تاھارەت ئالغاندا، قول ۋە پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىدىن باشلاپ يۇيۇش سۈننەتتۇر. تاھارەت ئالغۇچىنىڭ ساقىلى بولسا، ساقاللىرىنىڭ ئارىسىنى قوللىرى بىلەن خىلال قىلماق (ئارىلىماق) سۈننەتتۇر. بېشىنىڭ ھەممە يېرى مەسھ قىلىنىدۇ. مەسھ قىلغاندا ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنى بېشىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولىنى ئاجرىتىپ ئارقا تەرەپتىن ئالدى تەرەپكە قايتۇرۇپ باشنىڭ ئىككى يان قىسمىنى ئالقاننىڭ ئالدى قىسمى بىلەن سىلاپ، باشنىڭ ھەممە يېرىگە بىر قېتىم مەسھ قىلىدۇ ۋە قولىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇلاقنىڭ تۆشۈكىگە ۋە ئالقاننىڭ ئارقىسى بىلەن گەدەنگە خىلال مەسھ قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئوڭ ـ سول ئىككى پۇتنى سول قول بىلەن سىلاپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. ئەگەر ئۈچ كۈنلۈك يولغا چىدايدىغان ۋە ھوشىغىنى ياپىدىغان ئاياغ كىيىم بولۇپ تاھارەت بار ھالەتتە كىيگەن بولسا، ئىككى پۇتنىڭ ئۈستىگە ئاياغنىڭ ئۈستىدىن مەسھ قىلىشقا بولىدۇ. بۇ مەسھ مۇقىم ئۈچۈن بىر كېچە ـ كۈندۈز، سەپەردە بولغانلار ئۈچۈن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدۇر.

چوڭ تاھارەت ئېلىش ( غۇسلى قىلىش)نىڭ پەرزلىرى بولسا (تۆۋەندىكىچە):

1 ـ ئاغزىنى چايقىماق.

2 ـ بۇرنىنى چايقىماق.

3 ـ ھەممە بەدەننى بىر تال تۈك ئورنى چاللا قويماي يۇماقلىق پەرزدۇر.

غۇسلى قىلىشنىڭ كامىل تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

ئاۋۋال جۇنۇبلۇقتىن پاك بولۇشنى ۋە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ھەر قانداق نىجاسەت يۇققان جايلار پاكىز يۇيۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە تاھارەت ئېلىنىدۇ، لېكىن پۇتىنى يۇيۇش ئارقىغا قالدۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن باشتىن سۇ قويۇپ ھەممە بەدەننىڭ ئۈستىدىن ئېقتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن باش ۋە ئوڭ دولا تەرەپتىن ۋە يەنە باش ۋە سول دولا تەرەپتىن تاكى ئاياغقىچە يېتىشتۈرۈپ سۇ ئېقىتىپ، ھەممە بەدەننى سىلاپ ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئوڭ ـ سول ئىككى پۇتنى يۇيۇپ، پاك نەرسىگە دەسسەپ كىيىم كىيىلىدۇ.

تەيەممۇم قىلىش چوڭ تاھارەت ئېلىشقا ياكى كىچىك تاھارەت ئېلىشقا سۇ ۋە باشقا مۇۋاپىق شارائىت تېپىلمىغاندا شۇنىڭغا (چوڭ ۋە كىچىك تاھارەتكە) ئورۇنباسار بولىدۇ.

تەيەممۇمنىڭ پەرزى تۆتتۇر:

1 ـ چوڭ ياكى كىچىك تاھارەت ئېلىش ۋە ناماز ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىش.

2 ـ پاك تۇپراق تېپىش.

3 ـ (پاك تۇپراققا) بىر زەربە ئۇرۇپ (ئىككى) قولنىڭ ئالقىنى بىلەن يۈزنى سىلاش.

4 ـ يەنە بىر زەربە ئۇرۇپ ئىككى قولنى جەينەككىچە سىلاش پەرزدۇر.

كېيىمنىڭ ئۈستىگە قونغان چاڭ ـ توزاندا تەيەممۇم قىلسىمۇ بولىدۇ. تەيەممۇمدا يۇقىرىقىغا قوشۇمچە ئۇششاق قولنىڭ (بارماقلىرىنىڭ) ئارىسى ھەم خىلال قىلىنىدۇ. بىر قېتىملىق كىچىك تاھارەت بىلەن مەزكۇر تاھارەت سۇنغىچە قانچە كۆپ ناماز ئوقۇشقا بولىۋېرىدۇ. بىر قېتىملىق غۇسلى بىلەن يەنە غۇسلى ۋاجىب بولغىچە غۇسلىسىز كىچىك تاھارەت ئېلىپ قانچە كۆپ ناماز ئوقۇشقا بولىۋېرىدۇ.

دېمەك، چوڭ ـ كىچىك تاھارەت ئېلىش ۋە تەيەممۇم قىلىش نامازنىڭ ئۈچۈندۇر. بۇلار ناماز ئۈچۈن ۋاستىلىك ئىبادەت بولغىنى ئۈچۈن ھەر بىر ھۆكۈمدە نامازنى دەۋر قىلىدۇ.

### 63. سوئال: نېمىلەر كىچىك تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ؟ قايسى ئىشلاردا غۇسلى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى سەككىز نەرسىنىڭ ھەر بىرى كىچىك تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ:

1 ـ ئالدى ـ ئارقىدىن ھەرقانداق نىجاسەت ۋە يەلنىڭ چىقىشى.

2 ـ تاشقى بەدەننىڭ ھەرقانداق يېرىدىن قان، يىرىڭ، زەرداب چىقىپ، ئۆز ئورنىنىڭ تېشىغا ئېقىشى.

3 ـ ئېغىز تولغۇدەك قۇسۇش.

4 ـ مەست بولۇش.

5 ـ ھوشىدىن كېتىش ياكى ئەقلىدىن ئادىشىش.

6 ـ مۆدۈرۈپ چۈشكىدەك ھالەتتە يېتىپ ياكى يۆلىنىپ ئۇخلاش.

7 ـ نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاۋازلىق كۈلۈش.

8 ـ ئىماندىن ئاجراپ كېتىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش.

مۇشۇ بايان قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك ئىشنىڭ قايسىسى ئۆتەلسە (يۈز بەرسە)، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كېرەك بولغان تاھارەت ھۆكمەن يوقىلىدۇ (تاھارەت سۇنىدۇ). يېڭىدىن تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇلسا، ناماز دۇرۇست بولمايدۇ.

چوڭ تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ۋە ناماز ئۈچۈن قايتا غۇسلى قىلىش لازىم بولىدىغان ئىشلار:

1 ـ ئەر ۋە خوتۇن جىنسىي مۇئامىلە بىلەن خەتنىگاھ ئۇچراشسىلا مەنى ماڭسۇن ياكى ماڭمىسۇن، خوشلۇق بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھەر تەرەپكە (ئىككىسىگە) غۇسلى قىلىش لازىم بولىدۇ.

2 ـ ئەر ـ خوتۇن جىنسىي مۇئامىلىدە بولمىسىمۇ خوشلۇق بىلەن مەنىي ماڭسىلا، غۇسلى قىلىش لازىم بولىدۇ.

3 ـ ئۇيقۇدا ئېھتىلام بولۇپ خوشلۇق بىلەن مەنىي ماڭسىلا غۇسلى قىلىش لازىم بولىدۇ.

4 ـ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا جىنسى ماددالارنىڭ (مەنىينىڭ) ئەسىرى كۆرۈلسە، خوشلۇق مەلۇم بولسۇن ياكى بولمىسۇن، غۇسلى قىلىش لازىم بولىدۇ.

5 ـ خوتۇن كىشىلەر ئادەتتىكى ھەيز ياكى تۇغۇت نىپاسىدىن پارىغ (توختىغان) بولسا، ناماز ئۈچۈن غۇسلى لازىم بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىچىك تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار كىچىك تاھارەتنىڭ ئورۇنباسارى بولغان تەيەممۇمنىمۇ سۇندۇرىدۇ. كىچىك تاھارەت ئالغۇدەك سۇ ھازىر بولسا تەيەممۇم ئەمەلدىن قالىدۇ.

غۇسلىنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار ھەم غۇسلىغا ئورۇنباسار بولغان تەيەممۇمنىمۇ سۇندۇرىدۇ، ئالاھىدە غۇسلى تاھارەت

ئېلىپ ناماز ئوقۇش لازىم بولىدۇ.

**64. سوئال: ناماز ئوقۇغاندا كىيىم ـ كېچەكنىڭ ۋە ئورۇننىڭ پاك بولۇشى نېمە ئۈچۈن پەرز قىلىندى؟**

جاۋاب: پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرى جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنى قىلىشقا بەدەننى پاكلاش بىلەن بىر تۇتاش پاكىز كىيىم كىيىش، پاكىز ئورۇندا ئولتۇرۇش شەرتتۇر.

دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ شۇ پاكلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن پەرز قىلىنغاندۇر. مۇبادا ناپاك كىيىم، ناپاك ئورۇندا ناماز ئوقۇسا بولمايدۇ. ئەگەر ناماز ئوقۇيدىغان ھېچقانداق پاكىز كىيىم بولمىسا ياكى يۇيۇپ پاكلاشقا شارائىت تېپىلمىسا، بار بولغان كىيىمنىڭ تۆتتىنىڭ بىر قىسمى پاك بولسىلا، پاك كىيىم ھېسابلىنىدۇ، بۇ كىيىمنى كىيمەي يالىڭاچ ئوقۇش دۇرۇستتۇر. ئەگەر پەقەت كىيىمسىز ھالەتتە بولغان بولسا ياكى كىيىمنىڭ ھەممە قىسمى نىجىس بولغان بولسا، ئولتۇرۇپ ئالدى ـ ئارقا ئەۋرەتنى ئىككى يان ئارىسىدا يۆگەپ رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىما ـ ئىشارەت قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇلىدۇ ۋە ھەرقانداق ناپاك نەرسە پاكىز سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇپ ئېقىتىلسا، شۇئان پاك بولىدۇ ۋە ھەرقانداق پاكلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن يۇندى ناپاكتۇر، ئىككىنچى يەنە بىر نەرسىنى پاكلاشقا بولمايدۇ.

زېمىن ئۈستىدىكى ھەرخىل نىجاسەتلەر (يەنى تېزەك، ماياقلار) ئاپتاپتا قۇرۇپ بەد بۇيلىغى كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن: مال قوتانلىرى ۋە زېمىن ئۈستىدىكى ھەرقانداق نىجاسەتلەرنى سۇ ئېقىتقان بولسا ياكى ئاپتاپتا ئۇنىڭ ئەسىرى پەقەت يوقىتىلغان بولسا، ئۇ زېمىننىڭ

ئۈستىدە ناماز ئوقۇش دۇرۇست بولىدۇ، لېكىن تەيەممۇم قىلىش دۇرۇست بولمايدۇ.

**65. سوئال: ناماز ئوقۇغاندا نېمە ئۈچۈن ئەۋرەتنى يېپىش پەرز قىلىندى؟**

جاۋاب: ئەۋرەتنى يېپىش ھەر بىر ئادەم بالىسىغا مۇناسىپ ئىنسانىي ئەخلاق ۋە ئىسلامى ئادەت ۋە ئىمانىنىڭ شۆبىسى بولغان شەرمى ـ ھايا جۈملىسىدىندۇر. ھەر نەرسىكى بۇنىڭغا خىلاپ بولىدىغان بولسا ھەق تائالانى تەزىم قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ ناماز دېگەن ئىبادەتنىڭ ھېكمەت ـ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋرەتنى يېپىش نامازدا ئالاھىدە شەرت قىلىنغاندۇر، ئەۋرەت ئوچۇق ھالەتتە ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ.

ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتى كىندىكىدىن تىزىغىچە، خوتۇن (ئايال) كىشىنىڭ ئەۋرىتى بولسا، يۈز، قول ۋە پۇت ئالقانلىرىدىن باشقا ھەممە بەدەن ئەۋرەتتۇر. چېچى ھەم ئەۋرەت جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. خوتۇن ـ قىزلار نامازنى يۈزى ئوچۇق ھالەتتە ئوقۇيدۇ، بۇ نامازنىڭ خاس قائىدىسىدۇر.

**66. سوئال: نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇغاندا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش پەرز قىلىندى؟**

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ غايىسى ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ ھەقىقىي دىن قېرىنداشلىق، بىرلىك ـ باراۋەرلىكى ئۈچۈن بىردىل، بىر تەرەپلىك (نىشان) لازىمدۇر.

ناماز بولسا، ئىسلام ئېتىقادىنى ئەمەلىيەتتە نامايان قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىلار قايسى جايدا ناماز ئوقۇسا

ھەممە بىردەك بەيتۇللاھ تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ، بۇ قىبلىنى ئېتىراپ قىلىپ بىردىل، بىر تەرەپلىكنى ئەمەلىيەتتە ئىپادىلەش شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش پەرز قىلىنىدى. بۇ ئومۇمىي بىرلىكنىڭ ئاساسى جۈملىسىدىندۇر.

**67. سوئال: نېمە ئۈچۈن نىيەت قىلىش، تەكبىر ئېيتىش بىلەن نامازغا تۇرۇش پەرز قىلىندى؟**

جاۋاب: بىرلىكنىڭ ئاساسى ۋە بارلىق ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابقا ئىگە بولۇشى نىيەتكە باغلىقتۇر. نىيەتنىڭ لازىمى بارلىق ئىرادىنى ۋە ھەرىكەتنى شۇ نىيەت قىلغان ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى ئۇلۇغلاش بىلەندۇر. (بۇ بولسا)، تەكبىر ـ تەھرىمنىڭ ماھىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى نىيەت قىلىپ تەھرىمە (نامازغا) باغلايدىغان چاغدا غاپىل بولماي دىل جەم بولۇپ (پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ) نامازنى باشلاش شەرتتۇر.

**68. سوئال: بەش ۋاخ ناماز قايسىلار؟ قانچە رەكەت ۋە ئوقۇلۇش تەرتىپى قانداق؟**

جاۋاب: (بۇلار تۆۋەندىكىچە):

1 ـ ناماز بامدات، ئىككى رەكەت سۈننەت، ئىككى رەكەت پەرزدۇر.

2 ـ ناماز پېشىن، تۆت رەكەت سۈننەت، تۆت رەكەت پەرز، ئىككى رەكەت ئاخىرقى سۈننەت. جەمئىي ئون رەكئەتتۇر.

3 ـ ناماز ئەسىر، تۆت رەكەت پەرزدۇر.

4 ـ ناماز شام، ئۈچ رەكەت پەرز، ئىككى رەكەت سۈننەت جەمئىي بەش رەكەت.

5 ـ ناماز خۇپتەن، تۆت رەكەت پەرز، ئىككى رەكەت سۈننەت، ئۈچ رەكەت ۋىتىرى ۋاجىپ جەمئىي توققۇز رەكئەتتۇر.

ھەر جۈمە كۈنى ئەگەر جامائەت ۋە باشقا خەۋپسىزلىك شارائىتى بار جايلاردا (جامائەت تولۇق بولۇش ۋە ئالاھىدە خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچراش ئەھۋالى بولمىغان جايلاردا) ھەر جۈمە كۈنى پېشىن نامىزى ئورنىغا ئىككى رەكەت جۈمە نامىزى ئوقۇش پەرزدۇر.

بۇ بەش ۋاخ نامازدىن تاشقىرى ھەر يىلدا ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇش ئالاھىدە ۋاجىپتۇر.

1 ـ روزا ھېيت نامىزى؛ (ۋاقتى) شەۋۋال ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە.

2 ـ قۇربان ھېيت نامىزى؛ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ئوقۇلىدۇ.

مەيلى پەرز نامازلار بولسۇن (ياكى) نەپلە نامازلار بولسۇن، قىيام، قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە، قەئىدە قاتارلىق رۇكۇنلىرى ئوخشاشتۇر. (ھەرقانداق نامازنى) تەھرىمە باغلاپ باشلىغاندىن كېيىن تولۇق تاماملاش لازىم بولىدۇ. مۇبادا ھەر قانداق نامازغا شۇرۇئ قىلىپ باشلىغاندىن (نامازغا تۇرۇپ بولغاندىن) كېيىن تامام قىلىنمىسا، (ئۇنىڭ) قازاسى لازىم بولىدۇ.

**69. سوئال: نامازنىڭ ئىچىدىكى رۇكنلىرى ۋە مۇستەھەب ئەمەللىرىگىچە تولۇق ئوقۇلغان (نامازنىڭ) مىسالى قانداق؟**

جاۋاب: بۇنىڭغا ئىككى رەكەت نامازنى قانداق ئوقۇشنى مىسال كەلتۈرىمىز، قالغان نامازلار شۇنىڭغا قىياس قىلىنسا بولىدۇ. ئەگەر جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازدا ئىقتىدا قىلغۇچى

كىشى نىيەت قىلغانىدا «ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا» دېگەننى قوشىدۇ ۋە ئوقۇلغان نامازنىڭ پەرز ياكى سۈننەت ئىكەنلىكىنى تەيىن قىلىدۇ. ھەر قاچان جامائەت بىلەن ئوقۇلغان پەرز نامازدىن ئىلگىرى ئەزان، تەكبىر، ئىقامەت ئوقۇش سۈننەتتۇر. بۇنىڭ مىسالى ئەزان ئېيتقۇچى ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇننىڭ تېشىدا جامائەت ئەتراپتا ئاڭلاپ كەلگۈدەك ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇشۇ كەلىمىلەرنى ئېيتىدۇ: «الله أكبر» تۆت قېتىم،

«أشهد أن لا إله إلا الله» ئىككى قېتىم،

«أشهد أن محمد رسول الله» ئىككى قېتىم،

«حي على الصلاة» ئىككى قېتىم،

«حي على الفلاح» ئىككى قېتىم،

«الله أكبر» ئىككى قېتىم،

«لا إله إلا الله» بىر قېتىم.

تەكبىر ئىقامەتتە «حي على الفلاح»دىن كېيىن ئىككى قېتىم «قد قامت الصلاة» ئېيتىلىدۇ، باشقا تەرەپلىرى ئەزان بىلەن ئوخشايدۇ. لېكىن ئىقامەت ئەزاندىن پەسرەك ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ. «قد قامت الصلاة» دېگەندە ھەممە بىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز پەرزگە تۇرىدۇ، نىيەت قىلىپ «الله أكبر» دېگەن تەكبىر تەھرىمە بىلەن ناماز باشلىنىدۇ.

مەسىلەن ئىككى رەكەت بامدات نامىزىنىڭ پەرزى: «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن دەپ ئىككى رەكەت بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئۇشبۇ ۋاقىت بىلەن يۈزۈم قىبلىگە، قىبلەم بىجىھەتى كەئبىگە ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا خالىسەن لىللاھى تائالا ئاللاھ ئەكبەر». (ئارقىدىن) «سبحنك اللهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا إله غيرك». «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم. بسم الله الرحمن

الرحيم» دېگەندىن كېيىن، ئىمام سۈرە فاتىھە بىلەن يەنە بىر سۈرە قىرائەت قىلىدۇ. قىرائەتتىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ تەكبىر ئېيتىش بىلەن رۇكۇغا بېرىپ سۇنھانە رەببىيەل ئەزىم «سبحان ربي العظيم» ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ. ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە «سمع الله لمن حمده» دەپ رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈش بىلەن جامائەت ھەم رەببەنا لەكەل ھەمد «ربنا لك الحمد» دەپ ھەم رۇكۇدىن باش كۆتۈرىدۇ. تۈز تۇرغاندىن كېيىن، ئىمام يەنە ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ سەجدىگە بېرىش بىلەن تەڭ جامائەت ھەم ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ سەجدىگە بارىدۇ. ئۈچ قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەلا «سبحان ربي الأعلى» دېگەندىن كېيىن، يەنە ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ ئىمام بىلەن بىر تۇتاش سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ تۈز ئولتۇرىدۇ ۋە ئىمام ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ، جامائەتمۇ ھەم بىر تۇتاش سەجدىگە بارىدۇ. يەنە ئۈچ قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەلا «سبحان ربي الأعلى» دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ ئىمام بىلەن بىر تۇتاش سەجدىدىن قوپۇپ ئىككىنچى رەكئەتنى باشلايدۇ. ئىككىنچى رەكەت ھەم قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە، تەسبىھلەردە (بىرىنچى رەكئەتكە) ئوخشايدۇ. ئاندىن كېيىن قەئدىدە ئولتۇرۇپ «ئەتتەھىيياتۇ» نى ئوقۇيدۇ. ئىككى دۇرۇتنى ۋە ئۆزى بىلگەن دۇئانى ئوقۇپ، ئىمام بىلەن بىر تۇتاش ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش بىلەن نامازنى تاماملايدۇ. ئىمام قىرائەت قىلغاندا (جامائەت) ئاڭلاپ شۈك تۇرىدۇ. تەكبىر، تەسبىھ، دۇرۇت، دۇئالارنى ئىمام بىلەن بىر تۇتاش ئىچىدە ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ «السلام عليكم ورحمة الله» دەپ سالام بېرىش بىلەن ناماز تامام بولىدۇ. تۆت رەكەت ۋە ئۈچ رەكەت نامازلاردا ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىن كېيىن، قەئدىدە ئولتۇرۇپ «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇپلا تەكبىر ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ فاتىھەنى قىرائەت قىلىپ

(ئوقۇپ) باشقا سۈرە قوشماستىن رۇكۇغا بارىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قەئدىدە ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن دۇرۇت، دۇئالار ئوقۇلۇپ ئاندىن سالام بېرىلىدۇ، (شۇنىڭ بىلەن) ناماز تامام بولىدۇ. پەرزدىن باشقا ۋىتىر ۋاجىپ، سۈننەت ۋە نەفلە نامازلارنىڭ ھەممىسىدە تۆتىلى رەكئەتكە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە قوشۇلىدۇ. ۋىتىر ۋاجىبنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە سۈرە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ قول كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلۇپ، يەنە تەكبىر ئېيتىش بىلەن رۇكۇغا بارىدۇ. كۈندۈزنىڭ نامازلىرى مەسىلەن، پېشىن، ئەسىر مەخپىي (ئىچىدە) قىرائەت قىلىنىدۇ ۋە كېچىنىڭ نامازلىرى مەسىلەن، شام، خۇپتەن، بامدات نامازلىرى جامائەت بىلەن ئوقۇلغاندا ئىمام ئۈنلۈك قىرائەت قىلىدۇ. يالغۇز ئوقۇلغاندا ئۈنلۈك ياكى مەخپىي ئوقۇشىمىز ھەر ئىككىسى جائىزدۇر. جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزى، رامىزاندا ئوقۇلىدىغان تەراۋىھ، ۋىتىر قاتارلىقلار ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدۇ. جامائەت ئىمام (نىڭ) قىرائىتىگە ئىقتىدا قىلىدۇ. لېكىن تەكبىر، تەسبىھ، تەشەھھۇد دۇئالىرى ئىمامغا بىر تۇتاش ئەگىشىپ مەخپىي ئوقۇلىدۇ. نامازنى باشلىغاندىن كېيىن تاكى ئاياغلىشىپ ئىككى يانغا سالام بېرىپ نامازدىن ئۆز ئىختىيارى (بىلەن) چىقمىغىچە سەجدە يەرلىرىدىن باشقا يەرلەرگە قاراش، ناماز ئوقۇۋاتقان ئورۇندىن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىش، يۆتكىلىش نامازنىڭ سىرتىدىكى ھەرخىل ھەرىكەتلەرنى ئۆتكۈزۈش، سۆزلىشىش قاتارلىقلار نامازنى بۇزىدۇ.

**70. سوئال: ناماز جامائەتنىڭ (جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ) پەزىلىتى ۋە ھېكمىتى نېمە؟ ناماز جامائەتكە قانداق سەپ تۈزۈلىدۇ؟**

جاۋاب: جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز جامائەتسىز ئوقۇلغان

نامازدىن 25 بەرابەر (دەرىجە) ئارتۇق ساۋابقا ئىگەدۇر ۋە ئاللاھقا مەقبۇل بولۇشقا مۇناسىپتۇر. چۈنكى بىر كىشىنىڭ نامىزى جامائەت ئىچىدە قوبۇلغا لايىق ئوقۇلسا، ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ھەممە كىشىنىڭ نامىزى بىر پۈتۈن قوبۇل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى مۇھىم ھېكمەتلەر بار:

1 ـ ناماز جامائەتتە بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش بىلەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر قۇتۇبقا مەركەزلىشىشىنىڭ ئالدىنقى قەدىمى نامايان بولىدۇ.

2 ـ ھەممە باب ـ باراۋەر سەپكە تىزىلىپ ئومۇمىي ھەرىكەتتە بىر قوماندانغا بويسۇنۇش ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق كۆنۈلۈك ئىبادەت، ئىسلام ئىجتىمائىي بىرلىكى مۇھىم ئىپادىلىنىدۇ.

3 ـ جامائەتچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىلىق دىنىي قېرىنداشلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان بىرلىك ـ باراۋەرلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەممە بارلىقنىڭ ئىنتىزامى ئاساسى تىكلىنىدۇ.

4 ـ ئۇلۇغ ئىسلام غايىسى ۋە پىرىنسىپى بىلەن ياخشىلىقتا ئۆز ئارا مۇسابىقە قىلىشىپ (بەسلىشىپ) ئالغا ئىلگىرىلەشكە مۇستەھكەم ئۇل ھازىرلىنىدۇ.

5 ـ ناماز جامائەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئامىسى بىر ـ بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، داۋاملىق بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر ـ بىرىگە نازارەت قىلىپ، يامان ئىشلارنى بىرلىكتە چەكلەپ، ئومۇمغا پايدىلىق ئىشلارغا بىر ـ بىرىنى دەۋەت قىلىپ، بىر ـ بىرىنى قوللاش، قوغداش ۋە ھەققانىي ئىشلارغا ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، دىن قېرىنداشلىق، ھەقىقىي ئىتتىپاق ھەم دوستلۇق مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەن تاجاۋۇزىغا ئورتاق

قارشى تۇرۇپ، مۇداپىئەلىنىش ۋە مۇھىم تىنچلىق ۋە تىنچلىق سالامەتلىكىنى تەمىن قىلىشنىڭ (بەرپا بولۇشى ۋە قولغا كەلتۈرۈشنىڭ) يېمىرىلمەس بىرلىك سېپى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەندۇر.

ئىسلام دىنىدا بۇنىڭ ئەكسىچە، جامائەتكە خىلاپلىق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق مۇناپىقلىقنىڭ خۇسۇسىيىتى، جامائەتكە ئەھمىيەت بېرىش تەقۋادار مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى. دېمەك، ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئىسلام شوئارىنى نامايەندە قىلىدىغان مۇھىم سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئىككى كىشى جامائەت ھېسابلىنىدۇ. جۈمە، ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئەقەللىي يەتتە كىشى بولسا، كۆپ جامائەت ھېسابلىنىدۇ.

## (ئىماملىققا لايىق كىشىلەر):

1 ـ ناماز جامائەت ئۈچۈن ئىماملىققا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە ئالىم ۋە ئاملىراق (بەكرەك ئەمەل قىلىدىغان) كىشى ھەقلىقتۇر.

2 ـ ئاندىن قالسا، قىرائەتتە تەجۋىد قائىدىسىگە لايىقراق (قىرائەتتى ياخشىراق) كىشى ھەقلىقتۇر.

3 ـ ئاندىن قالسا، دىيانەتلىك، تەقۋادارراق كىشى ھەقلىقتۇر.

4 ـ ئاندىن قالسا، ياشتا چوڭراق كىشى ھەقلىقتۇر.

ناماز جامائەت ئۈچۈن سەپ تۈزۈلگەندە، ئىمامنىڭ ئارقا ئۇدۇلىدا ئىمامغا ئورۇنباسار بولالايدىغان كىشىلەر بىلەن بىر تۇتاش (بىرگە)، يېشىغا توشقان ئەرلەر سەپ تۈزىدۇ. ئاندىن

كېيىن يېشىغا توشمىغان ئوغۇل بالىلار تۇرىدۇ، ئاندىن خاتۇن (ئاياللار) كىشىلەر سەپ تۇرىدۇ. ئاندىن يېشىغا توشمىغان قىزلار سەپ تۇرىدۇ.

**71. سوئال: جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھېكمەت - پەزىلىتى نېمە؟ ئوقۇلۇش تەرتىپى (ئۇسۇلى) قانداق؟**

جاۋاب: (بۇلار تۆۋەندىكىچە):

1 - جۈمە كۈنى بولسا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە مەخسۇس ئىبادەت ۋە ئىستىراھەت ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن پەزىلەتلىك كۈندۇر. ئۇ كۈندە بىر ھەپتىلىك ئىبادەتكە ۋە ئىسلامىي ياخشى ئىشلارغا خۇلاسە ھېسابىدا ئاللاھ تائالا بىزگە كۆپ جامائەت بىلەن ئالاھىدە تەنتەنىلىك ھالدا جۈمە نامىزى ئوقۇشقا بۇيرىدى. بۇ جۈمە نامىزى ساۋابلىق جەھەتتە مىسكىنلەر (كەمبەغەل مۆمىنلەر) ئۈچۈن ھەتتا ھەجنىڭ ئورنىدا قائىم - ماقامدۇر (تۇرىدۇ). ۋە (جۈمە نامىزى) ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ ۋە ئىسلام بىرلىكىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر جاي، ھەر بىر شەھەر، قىشلاق ۋە يېزىلاردىكى كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار بىر جامائەت بولۇپ، جۈمە نامىزى ئوقۇش ئارقىلىق مۇقەددەس ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ ئىنتىزامى ئەخلاقى بىلەن تەنتەنە قىلىشىدۇ ۋە بىر - بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشىدۇ. ئىسلام پېشۋالىرى (يېتەكچىلىرى) جۈمە نامىزى مۇناسىۋىتى بىلەن خۇتبە ئوقۇپ، زۆرۈر بولغان ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىلمىي مەرىپەتلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ بولسا، ئىسلام شوئارىنى ئۈستۈن قىلىشنىڭ ئىدىيەۋى ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىدۇر.

2 - روزا ھېيت نامىزى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ رامىزان ئېيىدا ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، نەپسى شەيتان

ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ، شەرەپلىك روزا دېگەن ئۇلۇغ ئىبادەتنى تاماملاشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان نامازدۇر. ئەگەر مەلۇم سەۋەب بىلەن روزا تۇتالمىغانلار، روزا تۇتقانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ روزا ھېيت نامىزى ئوقۇپ خۇشال - خۇرام ھېيت قىلسا، تېگىشلىك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر جايدىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى بىر جايغا توپلىشىپ (يىغىلىپ) روزا ھېيت نامىزى ئوقۇش ۋە تەنتەنە بىلەن ھېيت بايرام قىلىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەپ، پەتە، زىيارەت قىلىش، بىر - بىرىگە سالام رەھمەت يوللاش ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاجىز مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ سەدىقە پىترى بېرىش ۋە باشقا خەيرى - ئېھسانلار ئارقىلىق ئۆز ئارا ئىجتىمائىي غەمخورلۇق قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي پائالىيەتلىرى جۈملىسىدىندۇر. سەدىقە پىترى بېرىش مۇشۇ جەھەتتىن ۋاجىپتۇر.

3 - ھېيت قۇربان نامىزى بولسا، ھەر بىر مۇسۇلمان بەندىگە ئۆزىنىڭ ھاياتى (تەن) سالامەتلىكىنىڭ شۈكرانىسى، بالايى - قازانىڭ بەدىلى ئۈچۈن يىلدا بىر قېتىم كۆپ جامائەت بىلەن ئوقۇش ۋاجىپ بولغان ئۇلۇغ ھېيت نامىزىدۇر.

بۇ ھېيت قۇربانىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئەنئەنىۋى جەريانى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەۋۋىلى ھەزرىتى ئادەم سەفىيۇللاھتىن نوھ نەبىيۇللاھقىچە، ئىبراھىم خەلىلۇللاھقىچە، ئىسمائىل زەبىھۇللاھقىچە ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە ھەقشۇناس ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھەر تۈرلۈك سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ ئەمرى ئىلاھىنى بەجا كەلتۈرۈشتىكى ۋە ئىسلام جامائەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ياخشى ئىشلىرىغا ئەگىشىپ ئۇلۇغ ھەج مۇراسىمىغا ماسلىشىپ، ئەڭ زور تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان

شەرەپلىك ئەڭ چوڭ ھېيتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر جايدىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ چوڭ جامائەت بولۇپ ھېيت قۇربان نامىزى ئوقۇپ قۇدرەت ئىقتىدارى يەتكەن كىشى قۇربانلىق قىلىپ ھەج مۇراسىمى كۈنلىرىدە (ئەييامۇ تەشرىقتا) ھەر جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ شاد - خۇراملىق بىلەن بىر - بىرىنى مۇبارەكلەپ سالام - رەھمەت يوللىشىپ، زىيارەت ۋە زىياپەت قىلىشىپ داغدۇغىلىق ھېيت بايرام ئۆتكۈزۈش ئىسلام دىنىدىكى ئەنئەنىۋى، دىنىي ئۆرپ - ئادەتتۇر. ھېيت قۇربانىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرى بىر پۈتۈن ھەج بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

قۇربانلىق قىلىش - مالى نىساب ئىگىسى (قۇربانلىق قىلىش شارائىتىغا ئىگە) بولغان ئاقىل، بالىغ ئەر - ئايال ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ۋاجىبتۇر. قوي، ئۆچكە بىر كىشى ئۈچۈن، كالا، تۆگە يەتتە كىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا يارايدۇ. قوي، ئۆچكە ئالتە ئايغا توشۇشى شەرت. كالا ۋە تۆگە يىلغا توشۇشى شەرت. بۇنىڭدىن كىچىك بولسا، قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدۇ. قۇربانلىق قىلىش زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 - كۈنى كۈن چىققاندىن باشلاپ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 12 - كۈنىگىچە (كۈن ئولتۇرغۇچە) بولىدۇ ۋە يەۋمى ئارەپە (ئاراپات كۈنى) (زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى) بامداتتىن باشلاپ 13 - كۈنى ئەسىرگىچە جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ھەر پەرز نامازدىن كېيىن تەكبىر (تەشرىق) ئېيتىش ۋاجىبتۇر. بۇ كۈنلەر «ئەييامى تەشرىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئاساسى مەقسەت ماھىيىتى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانىي ئېسىل ئەخلاقىنى، ئىسلام ئىجتىمائىي ئىنتىزامىنى، دىنى قېرىنداشلىق ھەقىقىي دوستلۇق ئىتتىپاقىنى، ئىسلام شۇئارىنىڭ ئەمەلى ئاساسلىرىنى، دۇنيا سەھنىسىدە نامايان قىلىدىغان بۈيۈك

تەنتەنىلىك ئومۇمىي پارات مەيدانى پەيدا قىلىش، ھەق دىننى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ غايىسى بولغان ئومۇمىي بىرلىك ـ باراۋەرلىكنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتكە ھەقىقىي ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن ۋە ئىككى ھېيت نامىزىدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇش، ئاممىۋى ئىسلام تەلىم ـ تەربىيە، ۋەز ـ نەسىھەت، ئىلمىي مەرىپەت بايان قىلىش مۇھىم ئەنئەنىۋى سۈننەتلەر جۈملىسىدىندۇر. جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئالاھىدە غۇسلى تاھارەت قىلىش ۋە ياخشى يېڭى كىيىم ـ كېچەك كىيىش سۈننەتتۇر.

جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى، كۈن قىيامدىن ئېگىلگەندىن كېيىن بولىدۇ. ئاندىن ئەزان ئوقۇلىدۇ. مەسجىدكە كىرگەن ھەر بىر كىشى ئىككى رەكەت «تەھىييەتى مەسجىت» (نامىزى) ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن تۆت رەكەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ. سەپ تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىدۇ. مۇنبەرنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى ئەزان ئوقۇلىدۇ. ئەزان تامام بولۇش بىلەنلا خۇتبە باشلىنىدۇ. بىرىنچى خۇتبە تامام بولۇپ، ئىككىنچى خۇتبە باشلىنىش ئارىلىقىدا ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرۇپ ئازراق ئارام ئالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى خۇتبە تامام بولۇش بىلەنلا جۈمە نامىزى ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىلىدۇ. جۈمە نامىزى بامدات نامىزىغا ئوخشاش ئۈنلۈك قىرائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. لېكىن ئىككى ناماز (ھېيت نامىزى) پەرز ناماز جۈملىسىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن جۈمە نامىزىدەك ئەزان، تەكبىر ئوقۇلمايدۇ، خۇتبىسى نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش تەلىم تەرتىپى (ئۇسۇلى):
«نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن دەپ ئىككى رەكەت ھېيت قۇربان ۋە روزا ھېيت نامىزىنى جەمئىي تەكبىرلىرى بىلەن ۋاجىپ ئۇشبۇ

ۋاقىت يۈزلۈم قىبلىگە قىبلەم بىجەھەتى كەئبە ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا خالىسەن لىللاھى تائالا ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» ، «سبحانك اللهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا إله غيرك» ، ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» دەپ ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ ھەر تەكبىردە ئىككى قول قۇلاقنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن فاتىھە بىلەن يەنە بىر سۈرە قىرائەت قىلىنىپ رۇكۇ ، سەجدە قىلىنىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن كېيىن ، رۇكۇنىڭ ئالدىدا يەنە ئۈچ تەكبىر ئېيتىپ قول كۆتۈرۈلىدۇ. تۆتىنچى تەكبىر بىلەن رۇكۇغا بارىدۇ. رۇكۇ ، سەجدە ، تەھىييە ، تەشەھھۇد ، دۇرۇت ـ دۇئا ، سالاملىرى باشقا ئىككى رەكئەتلىك نامازلار بىلەن ئوخشاش ھەم ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدۇ.

## 72. سوئال: خۇتبە ئوقۇش، جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزىدا قايسى مەزمۇندا بولىدۇ؟ ۋە مەسىلى قانداق؟

جاۋاب: خۇتبە ئوقۇشتىن مەقسەت ، جامائەتكە زۆرۈر بولغان ئىلمىي مەرىپەتلەرنى ئۆگىتىش ۋە دىنىي قائىدىلەرنى بايان قىلىپ ۋەز ـ نەسىھەتلەرگە دەۋەت قىلىشلاردىن (قاتارلىقلاردىن) ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن خاتىب بولغان كىشى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ خۇتبىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. خۇتبىدە بايان قىلىنىدىغان ھەرقانداق مەسىلە ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. خاس ئەرەبى يوسۇندا (ئەرەبچە تىلىدا) بولۇش شەرت ئەمەستۇر. مۇمكىنقەدەر ھەر جايدا خۇتبىگە ھازىر بولغان جامائەت ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن چۈشەنچە بېرىلسە ياكى ئۆز تىلىدا بايان قىلىنسا ، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

خۇتبىدە مەسىلە ، مەرىپەت ، ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن بىر تۇتاش ھەمدۇ سانا ، دۇرۇت ، دۇئالار ھەم ئوقۇلىدۇ. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: خۇتبىنى ئۇزۇن ئوقۇپ جامائەتنى مالال قىلماسلىق

(زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق) ۋە ھاياتى ئېھتىياجىغا (ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىك مەشغۇلاتىغا) توسالغۇ كەلتۈرمەسلىك (بولماسلىق) لازىم. جۈمە خۇتبىسىدە شۇ ھەپتە ئىچىدە ئېھتىياجلىق مەسىلە ـ مەرىپەتلەر بايان قىلىنىدۇ. روزا ھېيت خۇتبىسىدە روزا ۋە سەدىقە پىتىر، زاكات مەسىلىلىرى بايان قىلىنىدۇ. قۇربان ھېيت خۇتبىسىدە قۇربانلىق قىلىش ۋە تەكبىر تەشرىق مەسىلىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىدا ئوقۇلسا بولىدىغان بىر خۇتبىنى تەلىمى جەھەتتە مىسال كەلتۈردۇق.

( كىتابنىڭ نۇسخىلىرىدا بۇ يەر بوش قويۇلغان)

**73. سوئال: نېمە ئۈچۈن پەرز نامازلار بىلەن بىرگە سۈننەت نامازلار ئوقۇلىدۇ؟ نەپلە نامازلار قايسى؟**

جاۋاب: پەرز نامازلار ئاللاھ بۇيرۇغان كۈندىلىك ۋەزىپە بولۇپ، سۈننەت ۋە نەپلە نامازلار بۇنىڭغا قوشۇمچە زىيادە ساۋابلىق (ساۋابنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش) ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. شۇنىڭدەك مۇھىم ۋەزىپە بولغان پەرز نامازلارنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەنىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈننەت ۋە نەپلە نامازلار ئوقۇلىدۇ. (بۇنىڭ بىلەن) ناماز ئوقۇشقا ئۆزىنى كۆندۈرۈش بىلەن داۋاملىق تەييار ھالەتتە پەرز نامازلارنى كۈتۈۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەپلى نامازلارنى ھەر قانداق ۋاقىتلاردا ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ.

دېمەك، سۈننەت، مۇستەھەب ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز ئىبادەتلەرنىڭ سىرتىدا ۋاقىت، شارائىت بولسىلا دوست تۇتۇپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن ياخشى ئەمەلدۇر. قىسمەن سەپەر، جىھاد، دەۋەت ئىلىپ بېرىش ۋە

باشقا ئالدىراش، جىددىي ئېھتىياجلىق ۋاقىتلاردا ئۇ ئەمەللەرنى قىلماي پەرز ئىبادەتنىلا قىلغاندۇر. بىز ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىدۇرمىز، ھەر قانداق ئۈممەت بارلىق تائەت - ئىبادەت ۋە ئەمەللىي ھەرىكەتلىرىدە ئۆز پەيغەمبىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشى ھەق تائالانىڭ ئەمرىدۇر.

قال الله تعالى: ﴿ما آتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا﴾

تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر سىلەرنى نېمىگە بۇيرىسا ئۇنى قىلىڭلار، نېمىدىن چەكلىسە ئۇنىڭدىن ئۇزاق تۇرۇڭلار.»[28] ئايىتى كەرىمىسى بۇنىڭغا شاھىددۇر.

بىز مۇسۇلمانلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوممىي جەھەتتىن تولۇق ئەگىشىپ ماڭغان ئاساستا پەرز نامازلار بىلەن بىر تۇتاش (بىرگە) سۈننەت ۋە قوشۇمچە نەپلە نامازلارنى ئارتۇقچە ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئوقۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدا يۈرىشىمىز لازىم. نامازنىڭ سىرتىدىكى مۇستەھەب، نەپلە نامازلار:

1 ـ تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى سەھەر ۋە كېچە سائەتلىرىدە ئون ئىككى رەكەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇلىدۇ.

2 ـ كۈن چىققاندىن كېيىن ئىككى رەكەت ئىشراق نامىزى ئوقۇلىدۇ.

3 ـ كۈن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قىيام بولغىچە چاشگاھ نامىزى ئوقۇلىدۇ.

4 ـ ئەسرنىڭ ئالدىدا تۆت رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇلىدۇ.

---

[28] ھەشر سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

5 ـ شـامنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن ئالتـە رەكـەت نەپلـە نامـاز ئوقۇلىـدۇ، ئىككـى رەكئەتتىـن ئوقۇلىـدۇ. (ئىككـى رەكـەت تەۋبـە رەسـۇل، ئىككـى رەكـەت ئىمـان ۋە ئىككـى سـەلاتى ئەۋۋابىـن ئوقۇلىـدۇ.)

6 ـ خۇپتەنىنـڭ پەرزىنـڭ ئالدىـدا تـۆت رەكـەت نەپلـە نامـاز ۋە سۈننەتتىن كېيىـن ئىككـى رەكـەت سـالاتى ئىسـتىخار ئوقۇلىـدۇ.

7 ـ تاهـارەت بىلـەن يېتىشقا ئادەتلەنگـەن كىشـى ئىككـى رەكـەت ئىسـتىخار نامـزى ئوقۇيـدۇ.

يۇقىرىـدا ئېيتىلغـان مۇشـۇ يەتتـە خىـل نامـاز بولسـا، ئەهلـى ئىسـلام ئىچىـدە مەشـهۇر مۇسـتەهەب ۋە قوشـۇمچە سـاۋاب ئۈچـۈن ئوقۇلىدىغـان نەپلـە نامـازلاردۇر. بۇنىڭدىـن باشـقا بـوش، بىـكار ۋاقىـت بولسـىلا، هـەر قاچـان خالىسـا قانچـە كۆپ نەپلـە ناماز ئوقۇسـا بولىـدۇ. لېكىـن شـۇنىمۇ بىلىـش كېرەككـى هەر قانـداق نەپلـە ناماز ۋە قوشـۇمچە ئىبادەتلـەر بىلـەن پـەرز، ۋاجىـپ، سۈننەتكە ۋە دۇنيالىـق هـالال كەسـىپ ۋە نەپىقـە ئەهلـى ـ ئايـال (ئائىلـە، بـالا ـ چاقىلىرىنىڭ تۇرمـۇش تەمىناتىغـا)، مۇسـۇلمانلار جامائىتـى ۋە ئىنسـانىيەت ئومۇمـي هاياتىنىـڭ ئېهتىياجىغـا ۋە قىلىشـقا تېگىشـلىك بولغـان مۇهىـم ئىشـلارغا دەخلـى يەتمەسـلىك، مەسـىلەن: ئىلىـم ئوقـۇش ۋە هۈنـەر ئۆگىنىـش قاتارلىـق ئىشـلارغا دەخلـى يەتكۈزمەسـلىك لازىـم. دېمـەك، ئاللاھ ۋە رەسـۇلۇللاهنىڭ كۆرسەتمىسـىدە بـۇ خىـل ئىشـلار نەپلـە ئىبادەتتىـن ئارتـۇق ۋاجىبـلار جۈملىسـىدىندۇر.

## 74. سوئال: جىنـازە نامـزى قانـداق ئوقۇلىـدۇ؟ مېيىتنـى يۇيـۇپ كېپەنلـەش تەرتىپـى (ئۇسـۇلى) قانـداق؟

جـاۋاب: مېيىتنـى يۇيـۇپ كېپەنلـەپ بولغانـدىن كېيىـن، جىنازىغا سـېلىپ جامائەتنىـڭ ئالدىـدا توغـرا تۇرغۇزۇلىـدۇ. جىنـازا نامـزى

ئاساسەن مېيىتقا دۇئا ۋە ئىستىغپار ئوقۇلىدىغانلىقىدىن جامائەت قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ رۇكۇ، سەجدە قىلماستىن تاماملايدۇ. بۇنىڭ تەلىمى (ئۇسۇلى): «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن شۇبۇ مېيىت نامازىنى ھەمدۇ ساناسى ئاللاھقا، دۇرۇدى ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستافاغا، ساۋابى ئۇشبۇ مېيىتقا، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا خالىسەن لىللاھى تائالا ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» ، «سبحانك اللهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا إله غيرك» ، ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» ، «اللهم صلي على محمد وعلى آل محمد كما صليت على إبراهيم وعلى آل إبراهيم إنك حميد مجيد. اللهم بارك على محمد وعلى آل محمد كما باركت على إبراهيم وعلى آل إبراهيم إنك حميد مجيد» ، ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» ، «اللهم اغفر لحينا وميتنا وشاهدنا وغائبنا وصغيرنا وكبيرنا وذكرنا وأنثانا. اللهم من أحييته منا فأحيه على الإسلام ومن توفيته منا فتوفه على الإيمان» ، ئاللاھۇ ئەكبەر «الله أكبر» ، دەپ تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ «السلام عليكم ورحمة الله» دەپ ئوڭ ـ سولغا سالام بېرىدۇ. ھەر تەكبىر ئېيتىلغاندا، ئىككى قولىنى قۇلاقنىڭ باراۋىرىگە قەدەر كۆتۈرىدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ نامىزىدا ئىستىغفار دۇئاسىنىڭ ئورنىدا؛ «اللهم اجعله لنا فرطا واجعله لنا ذخرا واجعله لنا شافعا ومشفعا» دېگەن دۇئا ئوقۇلىدۇ.

مېيىت نامىزى ئوقۇش پەرز كۇپايىدۇر (يەنى بىر بۆلۈك كىشى ئوقۇسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ). ئەگەر بىر مۇسۇلماننىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇلماي قالسا، كۆپچىلىك ھەممە كىشى ئاللاھ تائالانىڭ نەزلىدە (نەزىرىدە) ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ. جىنازىنى كۆتۈرۈش، نامىزىنى چۈشۈرۈش ۋە دەپنە قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشتىراك قىلغان ھەر بىر كىشى ئاللاھدە چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. شەرت ـ شارائىت بولسا، جىنازە نامىزىنى قانچە كۆپ جامائەت ئوقۇسا شۇنچە ياخشى ساۋابتۇر.

مېيىتنى يۇيۇش تەرتىسى (ئۇسۇلى):

مېيىتگە يۇندى چاچرىمىغىدەك ھالەتتە تاختا شالىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلۇپ، ئاندىن كىچىك تاھارەت ئالغدۇرۇلىدۇ. ئاغزى - بۇرنى پاكىز لاتا بىلەن پاكىزلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن باش بىلەن قوشۇپ ئوڭ تەرەپنى يۇيىدۇ. ئاندىن ئوڭياننى بېسىپ ياتقۇزۇلۇپ، سول تەرەپنى يۇيىدۇ. ئەگەر يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىتنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن ياكى ئالدى - ئارقا ۋە باشقا جايدىن نىجاسەت كېلىپ قالسا، شۇ نىجاسەت يۇققان يەرلا پاكىزلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۈستىنجا قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر شەرت - شارائىت بولسا، گۇلاب (ئەتىرگۈل سۈيى)، كۆشنا قاتارلىق خۇشپۇراق نەرسىلەرنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇش تېخىمۇ ياخشى. مېيىتنىڭ سەجدە قىلغان ئەزالىرىغا مەسىلەن: پېشانە، تىز، تاپان، ئىككى قولنىڭ ئالقىنى ۋە بۇرۇن، جەينەكلىرىگە كاپۇر، ئەتىر قاتارلىق خۇشبۇي نەرسىلەرنى سۈكەش مۇستەھەبتۇر. ئاندىن كېيىن كېپەنگە ئېلىنىدۇ. مېيىتنى يۇغۇچى كىشى مېيىتنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى قوللىرىغا خالتا كىيىپ تۇرۇپ يۇيىدۇ. يالىڭاچ قولنى ئەۋرەتكە تەگكۈزمەيدۇ ۋە مېيىتقا ئەۋرىتىنى ياپىدىغان پەردە يېپىلىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشقا ھازىر بولغان كىشىلەرنىڭ مېيىتنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈشى دۇرۇست ئەمەس. مېيىتنى يۇيۇش ۋە كېپەنگە ئېلىشتا قاتتىق ـ ژىرىك سىلكىمەسلىك لازىم. كېپەننىڭ ئوتتۇرھال كۇپايە مىقدارى ئۈچتۇر:

1 ـ ئىشتان خالات. بۇ، تىزدىن كىندىكىنىڭ يۇقىرىسىغىچە بولىدۇ.

2 ـ كۆڭلەك خالات. بۇ، باشنىڭ تۆۋىنىدىن قورساققىچە بولىدۇ.

3 ـ تاش كېپەن. باش، ئاياغ ھەممە بەدەن يېپىلىدۇ.

بۇنىڭغا قوشۇمچە ئايال كىشىنىڭ ئالدىن كۆكسى تېڭىلىدۇ. باش ياغلىق، دوپپا خالات كىيگۈزۈلىدۇ ۋە ئەرلەرگە خاس دوپپا خالات كەيدۈرىلىدۇ (كىيگۈزۈلىدۇ). كېپەنگە ئېلىشىنىڭ ئالدىدا باش بارماق پۇت جۈپلەپ تېڭىلىدۇ. مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، جامائەتنىڭ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇش ۋە دەپنە قىلىشتىكى ھېكمەت شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدە ئىنسان نەۋئى ئەقىل ـ ئىدراكلىق ئۇلۇغ نۇرانە مەخلۇقتۇر. خۇسۇسەن ياراتقان زاتى پاك تەڭرىنى (ئاللاھنى) تونۇپ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى تونۇپ مۇسۇلمانلىق سۈپىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئەڭ ئۇلۇغ شەرەپلىك زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىلدە (نەزىرىدە) ئۆلارنىڭ تىرىكى ياكى ئۆلارنىڭ ئۆلۈكى بولسۇن، ئوخشاش ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە لايىق سازاۋەردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ھەر بىر ئىسلام ئەھلى، ئومۇمىي مۇسۇلمانلار جامائەسى ئۆز دىن قېرىنداشلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆلارنىڭ ھاياتى ياكى ماماتىنى ھەقىقىي مۇھاپىزەت قىلىپ قەدىرلەشكە تېگىشلىك بۇرچىدۇر.

دېمەك، ھەر قانداق مۇسۇلمان قايسى بىر جايدا كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، ھال ـ ئەھۋال سوراش، قىيىنچىلىقى بارلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇپ مەجرۇھلارنى (مېيىپ، يارىدارلارنى) ئاسراش، دۈشمەن زالىملاردىن مۇداپىئە قىلىش ۋە قوغداش، ھاياتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە، پاكىز يۇيۇپ كېپەنلەپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلىش ئۇلۇغ ئىسلام بۇرچىدۇر. ئەگەر يۇيۇپ كېپەنلەش شەرت ـ شارائىتى بولمىسا ۋە ياكى ئوق، قىلىچ، نەيزە، ۋە باشقا تىغلار بىلەن جاراھەتلىنىپ ئۆلگەن كىشىلەر ۋە غازات، جەڭ مەيدانلىرىدا شەھىد بولغانلار يۇيۇلمايدۇ. نامىزىنى ئوقۇپ

ئۆز كىيىمى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ. چۈنكى شەھىدلەرنىڭ قان كىيىملىرى ئەڭ ئۇلۇغ پەخىرلىك كېپەندۇر.

## 75. سوئال: زاكات قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: زاكات بولسا ھەر بىر مالى نىساب (يەنى بايلىق) ئىگىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي بايلىقىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئادا قىلىدىغان مالىي جەھەتتىكى ئىبادەتتۇر. زاكات بېرىش بىنايى مۇسۇلمانچىلىق (ئىسلامىيەت قۇرۇلمىسى) جۈملىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بەش پەرزنىڭ بىرىدۇر. زاكات تۆۋەندىكى ھېكمەت ـ پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ زاكات بېرىلگەن مال ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سالامەتلىككە (ھەقىقىي خەۋپسىزلىككە) ئېرىشىدۇ. بالايى ـ ئاپەتلەردىن ساقلىنىدۇ.

2 ـ زاكات بەرگۈچى دۇنياۋى، ئاخىرەت ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خەيرى ـ بەرىكەتكە، قەدىر ـ قىممەتكە ۋە ئۇلۇغ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

3 ـ زاكات بېرىلگەن مال ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئىسلامى تەقۋاغا لايىق ھالاللىق سۈپىتىگە، ھەقىقىي پاكلىققا ئېرىشىدۇ.

4 ـ زاكات بەرگۈچىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئىسلام ھاكىمىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار جامائەتى ئالدىدا قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

5 ـ زاكات بىلەن ئاجىز، مىسكىن، يېتىم، يوقسۇلنىڭ ھاياتى ئېھتىياجى تەمىنلىنىدۇ.

6 ـ زاكات بىلەن مۇسۇلمانلار جامائەتىنىڭ ئاممىۋى قوشۇنى

ۋە ئىسلام ئەسكەرلىرى تەمىن ئېتىلىدۇ، دۆلەت خەزىنىسى جانلاندۇرۇلىدۇ، كەڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكلەر بەرپا قىلىنىدۇ ۋە شەخسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنسىزلىقى چەكلىنىدۇ.

7 ـ ئىلىم ـ پەن، هۈنەر ـ سانائەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنى تىكلەش، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىنسانىيەت ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ۋە هايات ئېھتىياجىغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى لايىھەلەشكە، ئىسلام جامائەت مېلى بولغان زاكات بىلەن ئىمكانىيەت هازىرلىنىدۇ.

8 ـ زاكات هەر خىل ئىسلامىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي غەمخورلۇق، دىنىي قېرىنداشلىق ۋە هەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسىدۇر.

9 ـ زاكات دىن، مىللەت، ۋەتەننى قوغداش ۋە ئومۇمىي هاياتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ئىگە قىلىشتا زۆرۈر ئىشلارنى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

دېمەك، ئىسلام قائىدىسى بويىچە زاكات دىنىي، مىللىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي هاياتنى تەمىنلەيدىغان مالىيە (ئىقتىسادىي) مەنبەدۇر ۋە ئومۇمىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا زاكات بەرمەسلىك چوڭ جىنايەت هېسابلىنىدۇ. شەرىئەت هۆكمى بويىچە تېگىشلىك زاكات ئايرىلمىغان مال، زەبىر قىلىنماي (بوغۇزلانماي) ئۆزى ئۆلگەن تاپقا ئوخشاش هارامدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مالى نىساب (يەنى بايلىق) ئىگىسى بولغان هەر بىر مۇسۇلمان ئۆز مېلىنى مەنىۋى جەھەتتە پاكلاش ئۈچۈن تېگىشلىك زاكاتنى بېرىش مۇھىم پەرزدۇر.

## 76. سوئال: زاكاتنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟ زاكات بېرىدىغان ئورۇنلار قايسى؟

جاۋاب: زاكات ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، زېمىندىن چىقىدىغان تېرىلغۇ مەھسۇلاتنىڭ زاكىتى. يەنە بىرى مال، پۇل ۋە چارۋا مالنىڭ زاكىتى.

1 ـ زېمىندىن چىقىدىغان تېرىلغۇ مەھسۇلاتلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭ، بۇلاق، قار، يامغۇر سۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەردىن چىقىدىغان تېرىلغۇ مەھسۇلاتلىرىدىن ۋە مېۋە، كۆكتاتلاردىن ئوندىن بىر قىسمى زاكات ئايرىلىدۇ. بۇ «ئۆشرە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەم، هايۋان كۈچى بىلەن ۋە باشقا تېپىنكى نەرسىلەر بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ سۇغۇرۇلغان يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن يىگىرمىدىن بىرى زاكات ئايرىلىدۇ. بۇ «نىسبى ئۆشرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

2 ـ (بىرىنچى): نەق پۇل ئىگىلىرى ۋە تىجارەت، سودا ـ سانائەت سايمانلىرىدىن بىر يىللىق تۇرمۇش ئېهتىياجىدىن ئارتۇق يىگىرمە مىسقال ئالتۇن ۋە ئون ئىككى سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي نىسابقا ئىگە بولسا، پۇتۇن ئىگىلىكىدىن هەر يىلى بىر قېتىم قىرىقتىن بىرى () زاكات ئايرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئېهتىياجلىق كىيىم ـ كېچەك ۋە سەرەمجان كىگىز ـ بىسات ۋە مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاغلىرى، ئىش سايمانلىرى هاجىتى ئەسلىييە (زۆرۈر ئېهتىياجلىق نەرسە) جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ. لېكىن ئېهتىياجىدىن ئارتۇق قىسمى بولسا، پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ يۇقىرىقى مالغا قوشۇپ زاكات ئايرىلىدۇ.

ئىككىنچى: تۆگە، كالا، قوتاز، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ئۆي هايۋانلىرىغا ئاز كۆپلۈكى ۋە ئەمەلى ئەھۋىلىغا قاراپ تۆۋەندىكىچە

زاكات كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىر كىشىنىڭ ئىلكىدىكى تۆگە بەشكە يەتسە، بىر قوي زاكات كېلىدۇ.

25 كە يەتسە، ئىككى يىلغا ئاتلىغان بىر تايلاق.

46 گە يەتكەندە، تۆت ياشلىق بىر تۆگە.

61 گە يەتكەندە، يېشىغا يەتكەن بىر تۆگە.

76 گە يەتكەندە، ئۈچ يىلغا ئاتلىغان ئىككى تايلاق.

91 گە يەتكەندە، تۆت چىشلىق ئىككى تۆگە.

120 گە يەتكەندە، ئاندىن ھەر بىر بەش تۆگىگە بىر قوي.

125 تۆگىگە بىر كىچىك تايلاق.

150 گە يەتكەندە، تۆت ياشلىق ئۈچ تۆگە زاكات كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە ئاۋۋالقىدەك باشلىنىپ (چارۋىلارنىڭ) زىيادە قىسمىغا بار نىسبەت بويىچە زاكات كېلىدۇ.

كالا، قوتاز 30غا يەتكەندە بىر ئەركەك، بىر چىشى موزاي ۋە سانى قىرىقتىن ئاتمىشقىچە بولغاندا، چىقىشى يېگەن (بىر ياشقا كىرگەن) تورپاق ياكى غونىجىن كالا زاكات كېلىدۇ. سانى 61گە يەتسە، ئىككى موزاي ۋە ھەر قىرىقتا بىر تورپاق ياكى غونىجىن زاكات كېلىدۇ.

قوي، ئۆچكە 40تىن 120گىچە ئەملى ئەھۋالغا قاراپ بىر قوي زاكات كېلىدۇ.

120دىن ئاشسا، 200گىچە ئىككى دانە قوي، ئۇنىڭدىن ئاشسا، ھەر يۈز قويغا بىر قوي زاكات ئايرىلىدۇ.

يايلاقتا ئوتلايدىغان ئات - يىلقىلىرى (تايلىرى)، كىراغا سېلىنىدىغان ئات ۋە خېچىرلار پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ئاندىن ئۇنىڭ كۆپەيگەن قىسمى ۋە كەلتۈرگەن پايدا قىسمى (كىرادىن يىغىلغان پۇللار) بىلەن بىر پۈتۈن (قوشۇپ) ھېسابلىنىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يىللىق چىقىمىنى چىقىرىۋېتىپ ئومۇمىي يىغىندىدا (قالغان ئومۇمىي مەبلەغ) قىرىقتىن ($_{1}/^{40}$) بىر قىسمى (بىرىنى زاكاتقا بېرىدۇ).

شەخسلەرنىڭ كىراغا سالىدىغان ماشىنا، ئاپتوموبىل ۋە باشقا قاتناش ۋاستىلىرى شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ (يەنى يىللىق چىقىمىنى ئېلىۋېتىپ ئومۇمىي قىممىتىدىن قىرىقتىن ($_{1}/^{40}$) بىرىنى زاكات بېرىدۇ).

زاۋۇت، كان، سانائەت كارخانىلىرى ۋە ئۇنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ۋە سودا تىجارەت دۇكانلىرى ھەم شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ. ئومۇمىي سەرمايە ۋە پايدا كىرىم ۋە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلىرى بازار قىممىتى بويىچە بىر پۈتۈن ھېساب قىلىنىپ، ھەر يىل توشقاندا بىر قېتىم قىرىقتىن ($_{1}/^{40}$) بىرى زاكات ئايرىلىدۇ.

زاۋۇت، كان، دۇكانلارنىڭ ئۇپراش، رېمونت چىقىملىرى چىقىرلىۋېتىلىدۇ. ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىش سايمانلىرى ۋە كىچىك تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكان جەۋەنلىرىگە زاكات كەلمەيدۇ.

ئىسلام دىنى خەلقنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى ۋە ئەركىن - ئازاد ھايات كۆچۈرۈشىنى ھەر بىر كىشىنىڭ يوللۇق بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قانۇنىي ئاساستا ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا ئۆشرە، زاكاتتىن باشقا ھەر خىل نامۇۋاپىق سېلىقلار شەرىئەت مىزانىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىسلام مالىيەسى ۋە ئومۇمىي جامائەت ئىگىلىكى ئىقتىسادىي كىرىم جەھەتتە ئۆشرە،

زاكاتنى ئاساس قىلىدۇ. باج كىرىم ۋە قوشۇمچە تارماقلار ئىسلام دۆلەت خەزىنىسى (بەيتۇل مال) ئومۇمىي مالىيە كىرىمىنىڭ مەركىزى ئورنىدا ئىسلام ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئورۇنلاردا ئۆشرە، زاكاتلارنى ئومۇميۈزلۈك خەزىنىگە تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ تېگىشلىك يەرلەرگە بىر تۇتاش سەرپ قىلىدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ئىگىلىكىدىن تېگىشلىك زاكات بېرىش مۇھىم پەرز بولغىنىدەك ئۆشرە، زاكاتنى تېگىشلىك مەسرەپلەرگە (ئورۇنغا) بېرىش ۋە باشقۇرغۇچىلار مۇۋاپىق چىقىم قىلىش، بۇزۇلۇپ كەتمەسلىك، دىققەت قىلىش ۋە ئاسراش ئالاھىدە پەرزدۇر. ھەر قانداق شەخس زاكىتىنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىشلىتىپ كېتىش ۋە تېگىشلىك بولمىغان يەرلەرگە (مەسرەپلەردىن باشقا يەرلەرگە) قالايمىقان ئىشلىتىش، ئىسراپ قىلىش قاتارلىقلار شەرىئەتتە چەكلەنگەن ھارامدۇر، جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ھاكىمىيىتى ۋە ياكى مۇسۇلمانلار جامائەت خەزىنىسى مەۋجۇت ئەمەس ئورۇنلاردا ھەر بىر ئىقتىساد نىساب ئىگىسى بولغان كىشى، ئۆزىنىڭ ئىسلام بۇرچىنى ئادا قىلىشنى دىنىي مەسئۇلىيىتى دەپ (بىلىپ)، كىشىلىك زاكىتىنى تولۇقلاپ ھەر يىلى تولۇق ھېسابلاپ تېگىشلىك مەسرەپلەرگە (ئورۇنلارغا) بېرىشى شەرىئەتتە قەتئىي لازىمدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى دەستۇرى بولغان قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن زاكات بېرىلىدىغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1 - (لىلپۇقەرائى «للفقرآء»)

ئا) زەۋىل قۇربا «ذوالقربى»: ئۆز مىللەت ۋە كەمبەغەل ئۇرۇق - تۇغقان ھەممە قېرىنداشلىرىغا بېرىلسە بولىدۇ. لېكىن، زاكات بەرگۈچى بىلەن زاكات ئالغۇچى كىشى بىر ئائىلىدە تەمىنلەنگۈچى، شەرئەن (شەرىئەت بويىنچە) شۇنداق ھېساپلانغۇچى بولماسلىق

(كېرەك). مەسىلەن: ئاتا - بالا، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە زاكات بەرسە بولمايدۇ.

ب) ۋەل يەتاما «واليتامى»: ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان باش - ئىگىسىز (ئىگە - چاقىسىز) يېتىم بالىلار.

2 - ئىبنۇس سەبىل «وابن السبيل»: سەپەردە مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلار ۋە ئەسىر مەھبۇسلار.

3 - ۋەل مەساكىين «والمساكين»: ئىش - ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ۋە تۇرمۇشتا چارىسىز قالغان ئاجىزلار.

4 - ۋەل غارىمىين «والغارمين»: قەرزدارلارنىڭ قەرزىدىن قۇتۇلۇپ تۇرمۇش يولىنى تېپىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

5 - مۇئەللەپەتى قۇلۇب «والمؤلفة قلوبهم»: ئۇلارنىڭ دىلىنى جەلپ قىلىشى ئىسلام ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كىشىلەرگە زاكات بېرىلىدۇ.

6 - پى سەبىلىللاھ «في سبيل الله»: ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان ھەر تۈرلۈك ھەققانىي ياخشى ئىشلارغا.

7 - ۋە پىررىقاب «وفي الرقاب»: گەردەنلىرىنى قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ھۆرلىكىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن.

8 - ۋەل ئامىلىينە ئەلەيھا «والعاملين عليها»: زاكات ئۈچۈن ئىشلىگۈچى ئىشچى - خادىملارنىڭ مائاشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

زاكاتنىڭ پى سەبىلىللاھ «في سبيل الله» دېگەن مەسرەپ «چىقىم» دائىرىسىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ھاياتىغا ۋە ئىنسانىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ھەرخىل مۇھىم

ئېھتىياجلار كىرىدۇ.[29]

## 77. سوئال: دۆلەت ۋە جامائەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى دۇكىنىنىڭ يىللىق كىرىمدىن زاكات ئايرىلامدۇ؟

جاۋاب: زاكاتنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى مۇتلەقتۇر، ئەلۋەتتە زاكات ئايرىلىدۇ. دۆلەت ۋە جامائەت ئىگىلىكىدىكى ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ يىللىق كىرىم - چىقىم ھېساۋىنى خۇلاسە قىلىپ، شەرىئەت قائىدىسى بويىچە تېگىشلىك زاكاتنى ئايرىپ، زاكات خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، ھەم تېگىشلىك مەسرەپ (ئورۇنلارغا) بىر تۇتاش چىقىم قىلىنىدۇ ياكى باشقۇرغۇچىلار دۆلەت ۋە جامائەتكە ۋاكالىتەن كېلىشلىك (تېگىشلىك) زاكاتنى ئايرىپ، يىللىق ھېساب بويىچە تېگىشلىك مەسرەپ (ئورۇنلارغا) ئۆزلىرى ئادا قىلىدۇ (يەتكۈزۈپ بېرىدۇ). بۇنىڭ قانۇنىيىتى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش. ئىسلام ھاكىمىيىتى بولمىغان جايدىكى ئىمكانىيەتسىز ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا. ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ئىگىلىك ئىقتىدارى دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر.

## 78. سوئال: روزا قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ھېكمەت - پەزىلىتى

[29] قۇرئان كەرىمدە تەۋبە سۈرىسىنىڭ 60. ئايىتىدە زاكات بېرىلىدىغان ۋە چىقىم قىلىنىدىغان ئورۇنلار ھەققىدە ئوچۇق شەكىلدە 8 ئورۇن كۆرسىتىلگەن. مۇئەللىپ بۇ ئورۇنلارنى 9 دەپ كۆرسەتكەن بولۇپ، ئايەتتىكى بىرىنچى سىنىپ «لىلپۇقەرائى» يەنى پەقىر - كەمبەغەل گۇرۇپپىسىنى؛ زەۋىل قۇربا «ذوالقربى»: يەنى ئۆز مىللەت ۋە كەمبەغەل ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ۋەل يەتاما «واليتامى»: ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان باش - ئىگىسىز (ئىگە - چاقىسىز) يېتىم باللار دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىغان. بۇ ئايرىش ئايەتتىكى زاكات بېرىلىدىغان ۋە چىقىم قىلىنىدىغان ئورۇنلار ھەققىدىكى 8 سىنىپنى كۆپەيتكەنلىك ھېساپلانمايدۇ. پەقەت «لىلپۇقەرائى» يەنى پەقىر - كەمبىغەل گۇرۇپپىسى ھەققىدە مۇئەللىپنىڭ ئىجتىھاد ۋە كۆرىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

نېمە؟

جاۋاب: روزا بولسا، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بىر مەزگىل ئۆز نەپسىنىڭ ئۈچ چوڭ خاھىشىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن چەكلەشكە بۇيرۇغان سىناق ئۆتكىلىدىن ئىبارەت مۇھىم ئىبادەتتۇر.

ئىسلام قائىدىسى بويىچە ھەر بىر مۇسۇلمان يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدۇ. دېمەك، روزا تۇتۇش ئۈچۈن نىيەت قىلغان كىشى كۈندۈزنىڭ ھەممە سائەتلىرىدە (تاڭ يورۇغاندىن كۈن ئولتۇرغۇچە) يېمەك ـ ئىچمەك، جىما (جىنسىي مۇناسىۋەت)تىن ئىبارەت ئۆز نەپسىنىڭ ئۈچ چوڭ خاھىشىدىن كېچىدۇ. يەنى ئۆزىنى (بۇلاردىن) چەكلەيدۇ. ئەمما كېچە سائەتلىرىدە بولسا، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىماغا رۇخسەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، روزىنىڭ پەرز رۇكنى:

1 ـ نىيەت قىلىش.

2 ـ سۈبھىدىن شامغىچە ئاللاھنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ئۆز نەپسىنى يېمەك ـ ئىچمەك، جىمادىن توختىتىشتۇر.

روزا تۇتقان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ خاس سىنىقىدىن ئۆتىدىغانلىقى، بۇ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن ئالاقە ۋە باشقا بەندىنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ جىسمانىي مەنپەئەتكە تېگىشلىك ھېچقانداق تەرىپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ ئەجرى (مۇكاپاتى) ساۋابى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە مەنسۇپتۇر. بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ھەقىقىي ئىخلاس، مۇھەببەت ۋە تەقۋالىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسى قۇددىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

قال الله تعالى في الحديث القدسي: {الصوم لي وأنا أجزي به.}[٣٠]

مەنىسى: «روزا مەن ئۈچۈن خاس ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن.» ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

روزىنىڭ نىيىتى: «نىيەت قىلدىم رامىزاننىڭ پەرز روزىسىنى سۇبھىدىن شامغىچە». ئەگەر بىر كىشى روزىنى نىيەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۈندۈزنىڭ سائەتلىرىدە يېمەك ـ ئىچمەك، جىمادىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ قەستەن روزىسىنى بۇزۇۋەتسە، ئۆزىنىڭ روزا تۇتىمەن دېگەن نىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپارەت كېلىدۇ (يەنى بىر كۈنگە ئاتمىش كۈن روزا تۇتىدۇ ياكى ياكى بىر مىسكىنگە ئاتمىش كۈن، ياكى ئاتمىش مىسكىنگە بىر كۈنلۈك تائام بېرىدۇ). ئەگەر قەستەن بۇزىۋەتمەي رامىزاندا روزا تۇتالماي قالغان بولسا، بىر كۈن قازاسىنى تۇتىدۇ، لېكىن رامىزان كۈندۈزلىرىدە ئۇيقۇ ھالەتتە ياكى ئىختىيارسىز ھالەتتە مەنىي چىقىپ كەتسە روزا سۇنمايدۇ، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ. شۇنىڭدەك، كېچە سائەتلىرىدە جىمادىن ياكى ئېھتىلامدىن كېيىن، چوڭ تاھارەت ئالغۇچە تاڭ يورۇپ قالغان بولسا، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا سۇنمايدۇ. لېكىن روزا تۇتقان كۈندۈزلەردە ھېچقانداق زۆرۈرەتسىز غۇسلى تاھارەت ئېلىپ بىباكا (بىكاردىن) يۇيۇنسا ۋە خوتۇنىنى سۆيۈش، قۇچاقلىشى ۋە ئىغىزغا تۆپۈك (تۆكرۈك) جۇغلاپ سۈيلۈتۈپ ئويناش ۋە بەدەننى ھەر تۈرلۈك ھۇزۇرلاندۇرۇش، مەسىلەن، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى

[30] سەھىھۇلبۇخارى، 6. جىلد، 2723. بەت. صحيح البخاري ـ الجزء السادس ـ صحيفة: 2723.

پۇراش ۋە بىر نەرسىنى ھۆل قىلىپ سالقىنلىتىش قاتارلىقلار روزىنى سۇندۇرمىسىمۇ، لېكىن شەرئەن مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇ خىل ئىشلار روزىنى سۇندۇرىدىغان ئامىللارغا ئېلىپ بارماسلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىكتۇر.

روزا تۇتقان كىشى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى زولۇق (سوھۇرلۇق) يېيىش ۋە كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن دەرھال ئىپتار قىلىش سۈننەتتۇر. ئىپتارنىڭ نىيىتى:

{اللهم لك صمت وبك آمنت وعليك توكلت وعلى رزقك أفطرت فتقبله مني.}[٣١]

مەنىسى: «ئى ئاللاھ! سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم، ساڭا تاياندىم ۋە سېنىڭ بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ئىپتار قىلدىم، تۇتقان روزامنى دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلغايسەن».

روزا تۇتۇشنىڭ مۇھىم پەزىلىتى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ روزا تۇتقان كىشى خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆز نەپسىنىڭ ئۈچ چوڭ خاھىشىدىن ۋاز كېچىپ، ئاللاھنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ ـ ئەمەلىيەتتە (موھىم بولغان) ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق مەۋقە مەيدانىنى ئىسپاتلايدۇ.

2 ـ بۇ روزا دېگەن ئۇلۇغ ئىبادەت ئارقىلىق مۇقەددەس قۇرئان نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز

[31] بۇ سۆز بەزى ھەدىس مەنبەلىرىدە «ھەدىس» دەپ زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، بەزى ھەدىس تەتقىقاتچىلىرى؛ «ھەدىس ئەمەس، ئەسلى ۋە مەنىسى توغرا سۆز» دەپ قارىغان. موللا ئەلى قارى، «مىرقاتۇلمىفتاھ، شەرھۇ مىشكاتۇلمىسباھ»، 9 جىلد، 4. جىلد، 387. بەت.

تامامى سائەتلىرىنى داۋاملىق ئاگاھلىق بىلەن، ئۇلۇغ ساۋابلىق ئىشلار بىلەن كۆتۈۋالىدۇ.

3 ـ مۇئەييەن مەزگىل روزا تۇتۇپ، ئۆز نەپسىنى مۇشەققەت بىلەن چېنىقتۇرۇپ، ئاللاھ تائالا بەندىگە نېسىپ قىلغان يېمەك ـ ئىچمەك، جىمادىن ئايرىلىپ، بۇ خىل نازۇ ـ نېمەت، ھاياتى ئەيشى ـ ئىشرەت، ھالال مەئىشەتنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى تونۇيدۇ ۋە ھەق تائالاغا بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن تەشەككۈر، شۈكرى ـ سانا ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن خەيرى سەدىقات قىلىپ ئاجىز، مىسكىن، تۇل، يېتىم ـ يېسىر، يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ ۋە ماددىي غەمخورلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزاندا قىلغان تائەت ـ ئىبادەت، خەيرى سەدىقات، زاكات ۋە ھەر خىل ياخشى ئەمەللەر باشقا چاغدىكىلەردىن ئارتۇقچە ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا رامىزاندا سەدىقە پىتىر بېرىش ئالاھىدە ۋاجىبتۇر.

### 79. سوئال: قانداق كىشىلەردىن روزا ساقىت بولىدۇ؟ قانداق كىشىلەر رامىزاندىن كېيىن تۇتسىمۇ بولىدۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتۇشقا كۈچ ـ قۇۋۋىتى يوق، بەك قېرى، كېسەل ۋە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن زادى روزا تۇتۇشقا تاقىتى يەتمەيدىغان كىشىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ روزا تۇتقىدەك ئىقتىدارى بولمىسا، روزا ساقىت بولىدۇ، روزىنىڭ بەدىلىدە پىدىيە بېرىدۇ. بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر مىسكىننىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىنى قامدىسا، روزىغا بەدەل بولىدۇ. لېكىن ئىددەت ئىچىدىكى ھەيزدار ئاياللار ۋە يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللار نىپاسى ئىچىدىكى ھالەتتە تۇتالمىغان روزىسىنى ساقايغاندىن كېيىن بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتىدۇ. ئۇندىن باشقا ئادەتتىكى كېسەللەر، سەپەر ئۈستىدىكى مۇساپىرلار، ئەسىر مەھبۇسلار ۋە باشقا شەرت

ـ شارائىتى يېتەرسىز بولغان كىشىلەر بىر ئىلاج قىلىپ، شۇ مەزگىللەردە روزا تۇتسىمۇ ياكى باشقا چاغلاردا بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتسىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ شۇ كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا باغلىقتۇر. شۇنىڭدەك ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتكۈچى ئاياللار ئۆز پەرزەنتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن رامىزاندىن كېيىن تۇتسىمۇ بولىدۇ.

## 80. سوئال: دىنىي قائىدە بويىچە مەخسۇس رامىزان ئېيىدا قىلىنىدىغان قوشۇمچە ساۋابلىق ئەمەللەر قايسىلار؟

جاۋاب: مۇبارەك بىر ئاي رامىزاندا ھەر كۈنى ناماز خۇپتەننىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىدىن كېيىن، ۋىتىر ۋاجىبىنىڭ ئالدىدا 20 رەكئەتتىن ئاز دېگەندە سەككىز رەكئەتكىچە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇلىدۇ. ھەر تۆت رەكەت ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىلىدۇ. ئادەتتە ناماز تەراۋىھتا ئېيتىلىدىغان تەسبىھ دۇئاسى:

سُبْحانَ ذِي الْمُلْكِ وَالْمَلَكُوْتِ سُبْحانَ ذِي الْعِزَّةِ وَالْعَظَمَةِ وَالْقُدْرَةِ وَالْكِبْرِياءِ وَالْجَبَرُوْتِ سُبْحانَ الْمَلِكِ الحَيِّ الَّذِي لا يَنامُ لا يَمُوْتُ سُبُّوْحٌ قُدُّوْسٌ رَبُّ الْمَلائِكَةِ وَالرُّوْحِ لا إِلَهَ إِلاَّ اللهُ ونَسْتَغْفِرُ اللهَ نَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَنَعُوْذُ بِكَ مِنَ النّارِ.[٣٢]

---

[32] تۈركىستانلىق ۋە ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەراۋىھ نامىزىدا مۇشۇ دۇئا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسمى ھەدىس ئەسەرلىرىدە زىكىر قىلىنغان بولسا، بەزى ئەسەرلەردە پەرقلىق شەكىللەردە زىكىر قىلىنغان.

ئەگەر شەرت ـ شارائىت بولسا، جامائەت ناماز ئوقۇيدىغان مەسجىدتە قۇرئاننى تەراۋىھ نامىزى بىلەن بىر تۇتاش خەتمى تامام قىلىش (بىر قېتىم ئۆتكۈزۈش) ئالاھىدە سۈننەتتۇر. جامائەت ئىچىدىن ئەقەللىسى بىر كىشى بىر كۈن بولسىمۇ مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىش مۇستەھەبتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا نىساب بايلىق ئىگىسى بولغان كىشىلەر رامىزان ئېيىدا يىللىق ھېساۋاتىدىن زاكىتىنى ئايرىسا، زىيادە ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. رامىزان ئېيىدا تەراۋىھ ئوقۇش، رامىزان كېچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ سائەتلىرىنى تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش ۋە ئىپتاردا تاماق يېگەندىن كېيىن دەرھال ئۇخلىماي بۇ خىل ئىبادەت مەشغۇلىيىتى بىلەن بولۇش سالامەتلىكنى ئاسراش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەر جامائەت ئىچىدىكى بىر كىشىنىڭ ئېتىكاپ قىلىشى ئومۇمىي جامائەتنىڭ ئېتىكاپ قىلىپ ئۇلۇغ رامىزاننى تامامى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

### 81. سوئال: ھەج قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ھېكمەت ـ پەزىلىتى ۋە قائىدە رەسمىيىتى قانداق؟

جاۋاب: ھەج بولسا، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىشنى پەرز قىلغان ئىجتىمائىي، تارىخىي، ئەنئەنىۋىي ئىبادەتتۇر. ھەج پەرز بولۇشىنىڭ شەرتى:

1 ـ يولنىڭ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ زىيىنىدىن ئەمىن (خالىي) بولۇشى.

2 ـ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگىچە ئۆزىنىڭ ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ

---

مۇرتازا زۇبەيدى، «تەخرىج إحياء علوم الدين»، 7 جىلد، دارۇلئاسىمە نەشرىياتى، رىياد 1987. يىل، 6. جىلد، 466. بەت.

تەمىناتىغا يەتكۈدەك زادى راھىلە (ماددىي ئوزۇق ۋە ئىقتىساد)قا ئىگە بولۇشتۇر.

ھەجنىڭ پەرز رۇكنى ئۈچتۇر:

1 ـ ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ مۇھىم توختاملىق ئورۇندىن باشلاپ (مىقات يەرلىرى) ئېھرام باغلاش.

2 ـ زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەراپات تېغىغا بېرىپ توختاش.

3 ـ كەئبە بەيتۇللاھنى تاۋاپى زىيارەت قىلىشتۇر. مۇشۇ ئۈچ رۇكنىدىن بىرى كەم بولۇپ قالسا، ھەج ھېساب بولمايدۇ.

يۇقىرىقىدىن باشقا «لەببەيك» ئېيتىش، مۇزدەلىفە دېگەن جايدا كەچلەپ دۇئا تەلەپ قىلىش، چاچ ـ ساقال، تىرناق ئېلىش، «ساپا ـ مەرۋە» تېغى ئارىسىدا يۈگۈرۈش قىلىش، «ماقامى ئىبراھىم»دا ئىككى رەكەت زىيارەت نامىزى ئوقۇش، مەدىنىگە بېرىش قاتارلىقلار ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەب بولغان مەخسۇس ئەنئەنىۋى ھەج رەسمىيەتلىرىنى ۋە تارىخى يىلتىزلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ رەسمىيەتلىرى ۋە تارىخىي يىلتىزى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم سەپىيۇللاھتىن نوھ نەبىيۇللاھ، ئىبراھىم خەلىلۇللاھ، ئىسمائىل زەبىھۇللاھتىن جانابى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغىچە دەۋرى ـ داۋام قىلىپ كەلگەن تارىخىي ئەنئەنىۋى ئاساسقا ئىگىدۇر. ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئۆز قىلمىش خاتالىقى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئايرىلىپ كېتىپ، نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولىدىغان چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلھامى بىلەن كەئبەتۇللاھنى ئىزدەپ مەلۇم ئورۇندىن

ئىبھرام باغلاپ سەترى قىلىپ (ئورۇغۇچ يۆگۈنۈپ) ماڭغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى نىيەتكە كىلىپ ھەج قىلىدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئىبھرام باغلىششى ھەجنىڭ ئالدىن ئەلا قۇرۇلمىسى بولۇپ كەلگەن. ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولۇش بىلەن تەڭ، بۇلار ئەراپات تېغىنىڭ ئۈستىدە بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان (نەچچە يىللار ئايرىلغاندىن كېيىن قايتا تونۇشقان). ئەراپاتنىڭ مەنىسى «تونۇشماق» دېگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ تاغ يۇقىرىدىكى تارىخ ئاساسىدا «ئەراپات تېغى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى ئەراپات تېغىغا ھازىر بولۇش ھەجنىڭ ئىككىنچى رۇكنى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز بىر - بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ ئەراپات تېغىدىن قايتىپ كېلىپ، تەۋبىسى قوبۇل بولغانلىقى ۋە دۇئاسى ئىجابەت بولغانلىقىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن خۇشال تەنتەنە بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىنى دەۋرى قىلىپ تاۋابى زىيارەت قىلغان. مۇشۇ تارىخى ئەنئەنىۋى ئاساستا ھەج قىلغۇچىلارغا كەئبىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىش ھەجنىڭ ئۈچىنچى رۇكنى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە مۇشۇ ئۈچ رۇكنى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەجنى ئۇلۇغ پەرز ئىبادەتلەر جۈملىسىدىن قىلىپ بەلگىلىدى. كەئبە بەيتۇللاھنى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئادەم ئاتىمىز بىرىنچى قېتىم بىنا قىلغان بولسىمۇ، ئادەم يارىتىلىشتىن ئىلگىرى تارىختا ھەم ھۆرمەتلىك جاي ئىدى. دېمەك، ئادەمدىن ئىلگىرى تارىختا ئۆتكەن «بەلۇنجان» ۋە باشقا ئالدىنقى تەبىقە ئادەملەردىن باشلاپ زېمىننىڭ مەركىزى نۇقتىسىدىكى ھۆرمەتلىك جايدىن ئىبارەت ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئادەم ئاتىمىزنى يارىتىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىرگۈزۈش بىلەن ئاللاھ تائالاغا شۈكرى - سانا ئېيتىپ

شۇ كەئبەتۇللاھنىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلغان. ئاتىمىز ئادەمنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى ھەم شۇ ئورۇندا ئاڭلىدى. شۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن بەيتۇللاھنى تاۋابى زىيارەت قىلىپ دەۋرى قىلدى ۋە مالائىكىلەرنىڭ ھۆرمەت قىلىشىغا ھەم شۇ جايدا ئىگە بولغان ئىدى. ئادەم ئاتىمىز ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا يادىكارلىق ئۈچۈن مەزكۇر بەيتۇللاھنى بىر قېتىم بىنا قىلىپ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى ئىمارەتنى قالدۇرغان بولۇپ تاكى ئىككىنچى ئادەم نوھ ئەلەيھىسسالامغىچە ساقلىنىپ تېگىشلىك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە دۇنيانى «توپان» بالا سۈيى باسقاندىن كېيىن، نوھ ئەلەيھىسسالام بىلەن كېمىگە چۈشكەن 80 نەپەر كىشى قۇتۇلۇپ قالدۇ. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن توپان بالا سۈيى پەسىيىپ، ئەڭ ئاۋۋال سۇنىڭ ئىچىدىن ھازىرقى بەيتۇللاھنىڭ ئورنى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا قۇرۇقلۇقلار ئاشكارا بولغان. مۇشۇ سەۋەبلىك مەككىنى ئۇمۇل قۇرا «أم القرى» (يەنى ھەممە قۇرۇقلۇقنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

دېمەك، توپان سۇ تاشقىنى پەسلەپ كېمە قۇرۇقلۇققا چۈشۈپ، دۇنيا سەھنىسىگە تارقىلىشتىن ئىلگىرى نوھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئوغلى ھام، سام، يافەس باشچىلىقىدا 80 نەپەر كېمە ئەھلى مۆئمىن بىلەن بىر جامائەت بولۇپ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى كۈن قىيامدىن ئېگىلگەن مەھەلدە (ۋاقىتتا) مەزكۇر كەئبە بەيتۇللاھنىڭ ھازىرقى ئورنىدا ئاللاھ تائالاغا نىجاتلىق ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلغان ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىغا ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە ئىمان، ئىسلام، ساغلام ھايات كەچۈرۈشنى تاپىلاپ، ئامىمۇۋى ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە جۈمە نامىزى ئوقۇشنى يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى ئاساستا پەرز قىلىپ

ھەج قىلىشقا ئىقتىدارى يەتمىگەن كىشىلەرگە ھەجنىڭ ئورنىدا قائىم ماقام (ئورۇنباسار) قىلدى ۋە نوھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئىلھامى بىلەن ئادەم سەپىيۇللاھقا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگۈسى ئىنسان ئەۋلادلىرىغا تارىخى يادنامە ئۈچۈن مەزكۇر كەئبە بەيتۇللاھنىڭ توپان سۈيى دەۋرىدە خاراب بولغان بىناسىنى ئىككىنچى قېتىمقى ئۇلىنى ئادەمى سانى (ئىككىنچى ئادەم) نوھ ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان. ئەۋلادلىرىغا بۇ ئورۇننى مەڭگۈ ھۆرمەتلەشنى تەۋسىيە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بەيتۇللاھ داۋاملىق ھۆرمەت قىلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم خەلىلۇللاھ ھەق تائالانىڭ ئىلھامى بىلەن ئائىلە ئەھلى بەيتى بىبى ھاجەرنى ھامىلىدار ھالەتتە مەلۇم سەۋەبلىك شۇ كەئبەتۇللاھقا يۆتكەپ ئەكېلىپ مۇقىم ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرغان. بىبى ھاجەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى شۇ جايدا (بەيتۇللاھدا) تۇغقان. مەشھۇر «زەمزەم» قۇدۇقى شۇ تارىختىن باشلاپ پەيدا بولغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر ھەج مەۋسۈملىرىدە مەلۇم ئەھۋاللاردا تاۋاپ زىيارەت، دۇئا تىلەش ئۈچۈن كەلسىمۇ، سۇ ـ ئوزۇقلۇق ئېلىپ كېلەتتى. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئائىلە يوق ئىدى. بىبى ھاجەردىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ مەزكۇر زەمزەم قۇدۇقى پەيدا بولغاندىن كېيىن، مەزكۇر كەئبىگە ھەقەمسايە بولۇپ ئولتۇراقلىشىشنى خالىغان كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ كۆچۈپ كېلىپ ئورۇن تۇتۇشقا باشلىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئادەم تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى زىيارەت ئىشلىرىغا ۋە كەئبەتۇللاھتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس كەئبىنى ئاسارە ـ ئەتىقە قىلىپ ئاسراشقا يېڭى شارائىتلار ھازىرلاندى. كەئبەتۇللاھنى پاناھ تارتىپ يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پاك تەبىئەت ساھىبى ئائىلىسى بولغان بىبى ھاجەرگە ۋە نۇرانە تەبىئەت ئالىي پەزىلەت

پەرزەنتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا گوياكى كۆز قارچۇغىدەك بەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن ئاللاھ تائالا دۇنيا تارىخىدا كەڭىپىگە يورۇتقان تۇنجى مەشئەل چىراغ دەپ تونۇپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىنلىق بىلەن ئۆتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ تۇنجى پەرزەنتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا بەك ئامراق ئىدى ۋە ئايرىلىشقا پەقەت تاقىتى يوق ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئامراق ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر سىناق، ئاڭلىق ئىنسانىيەت تارىخىدا بەك مۈشكۈل مەسىلە ئىدى. لېكىن ئىبراھىم خەلىلۇللاھ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن، ئاللاھ يولىدا بۇ ئامراق پەرزەنتىنى قۇربانلىق قىلىشقا رازىلىق بىلدۈردى. ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا بۇنى ئەينى ماھىيىتى بىلەن ئېيتىپ ئۆتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆز ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

- «ئەي دادا، ئاللاھ ئۈچۈن مېنىڭ مىڭ جېنىم بولسا پىدادۇر. مېنى زەبىھ قىلىشتا خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى ھەرگىز كېچىكتۈرمىگىن، مەن رازى» - دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن (ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام) «زەبىھۇللاھ» (يەنى ئاللاھ يولىدا بوغۇزلىنىشقا رازى بولغۇچى) دەپ ئاتالدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تەييارلىق قىلىپ ئاخىرى ئېلىپ چىقتى. ئۇ مەشھۇر ئەراپات تېغىغا بېرىپ، ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، مۇناجات ۋە قوبۇل قىلىشىنى ئېيتىپ (تىلەپ) ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەراپات تېغىدىن قايتىپ مىنا تېغىغا كېلىپ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلماقچى بولدى. شۇ ئارىلىقتا يول ئۈستىدە مەلئۇن

شـەيتان ئىسـمائىل ئەلەيهىسسـالامنىڭ ئالدىنـى توسۇپ:

«داداڭ سـېنى بوغـۇزلاپ ئۆلتۈرگىلـى ماڭـدى، قېچىـپ كەتكىـن» ـ دەپ ئىغـۋا تارقاتقانـدا، ئىسـمائىل ئەلەيهىسسـالام:

«مـەن ئاللاھ يولـدا قۇربانلىـق قىلىنىشـقا رازىمـەن، لەنـەت ساڭا ئـەي شـەيتان» ـ دەپ تـاش ئېتىـپ مىنـا تېغىغـا كېلىـپ:

«ئـەي ئاتـا! ئاللاھنىـڭ بۇيرۇقىنى تېـز بەجا كەلتۈرۈڭ!» ـ دەپ ئىبراھىـم ئەلەيهىسسـالامنىڭ ئالدىـدا بېشـىنى يەرگـە قويـۇپ ياتتـى. ئىبراھىـم ئەلەيهىسسـالام پىچاقنـى بىلـەپ، قولىغـا ئېلىـپ، ئىسـمائىل ئەلەيهىسسـالامنى بوغۇزلىماقچـى بولـدى. پىچاقنـى بوغىزىغـا سـالدى. بىـراق ئاللاھ پىچاققـا كەسمەسلىكنى بۇيرىغانلىقـى ئۈچـۈن ئىبراھىم ئەلەيهىسسـالام چارىسـىز قالـدى. بىـر نەچچـە قېتىـم بىلـەپ بېقىپمۇ ئۆتكۈزەلمىدى.

دېمـەك، ئىبراهىـم ئەلەيهىسسـالام نىيـەت ۋە ئىرادىسـى بويىچـە ئاللاھنىـڭ سـىنىقىدىن ئۆتتـى. (شۇ ئەسـنادا) ئاللاھ تائـالا قوچقارنـى يەتكـۈزۈپ بـەردى. ئاللاھ تائالانىـڭ مېهـرى بىلـەن ئـالا قوچقـار ئىسـمائىل ئەلەيهىسسـالامنىڭ ئورنىـدا ياتتـى. يۇقىرىقـى غائىـپ (غەيبـى) ئەھۋالغـا ئىبراهىـم ئەلەيهىسسـالام ھەيـران بولـۇپ تۇرغـان ھالەتتـە ئاللاھ تائـالا ئىسـمائىل ئەلەيهىسسـالامنىڭ بەدىلىگـە مەزكـۇر قوچقارنـى بوغـۇزلاپ قۇربانلىـق قىلىشـنى بۇيرىـدى (ۋەھـيى كەلدى). ئىبراھىـم ئەلەيهىسسـالام پەرزەنتـى ئىسـمائىل ئەلەيهىسسـالامنى بوغـۇزلاپ قۇربانلىـق قىلىشـنىڭ ئورنىغـا قوينـى بوغـۇزلاپ قۇربانلىق قىلسـا بولىدىغانلىقىنـى ئـاڭلاپ، مەزكـۇر قوچقارنـى قۇربانلىـق قىلغاندىـن كېيىـن، مىنـا تېغىدىـن قايتىـپ كېلىـپ خۇشـال تەنتەنـە بىلـەن ھەقەمسـايە، ئەھلـى، بـالا ـ چاقىلىـرى بىلـەن بىرلىكتـە ھەممـە بىـر بولـۇپ، بـۇ ھاياتـى سـالامەتلىكنىڭ شۈكرانىسـى ئۈچـۈن ۋە ئېغىـر بالادىـن نىجات تاپقانلىقـى ئۈچـۈن ئىككـى رەكـەت

شۈكرى نامـاز ئوقۇغـان. شـۇنىڭدىن باشـلاپ هــەج قىلغۇچىلارغـا يۇقىرىقــى ئىشــلار تارىخــى، ئەنئەنــۋى مىراســلىرى جۈملىســىدىن بولـۇپ كەلگــەن. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالاملار مۇشـۇ ئاساسـتا بۇنــى داۋاملاشـتۇرغانلىقتىن بىـز ئىنسـانلارغا ۋاجىـپ بولغانــدۇر.

دېمـەك، هــەج قىلغۇچىـلار ئەراپاتتىـن قايتىـپ كېلىـپ شـەيتانغا تــاش ئېتىــپ مىنــادا قۇربانلىــق قىلىــش، چــاچ، ســاقال، تىرنــاق ئېلىــش، (زىيــارەت تاۋىپــى قىلىــش) ۋە قۇربــان هېيــت نامــىزى ئوقـۇش قاتارلىـق ئىشـلار ئۇلـۇغ هــەج قائىدىلــرى هېسـابلىنىدۇ.

تارىختـا ئـول مۇقـەددەس كەبىنـى ئىسـمائىل ئەلەيھىسسـالام چـوڭ بولغانــدىـن كېيىــن هەزرىتــى ئىبراهـىـم ئەلەيھىســسالام يېڭىباشــتىن تەمىــر قىلــدى (قــۇرۇپ چىقتــى). كەئبەتۇلــلاھ شـۇ ئىبراهــىم ۋە ئىسـمائىل ئەلەيھىسسـالام تەمىرىدىــن (قــۇرۇپ چىققانــدىـن) كېيىــن، پەيغەمبىرىمىــز مۇھەممــەد ئەلەيھىســسالام چــوڭ بولغانغـا قــەدەر شـۇ بويىچـە ســاقلىنىپ كەلگــەن. مۇھەممــەد ئەلەيھىســسالام پەيغەمبەرلىك بىلــەن مەبئـۇس بولـۇشــتىن (ئەۋەتىلىشــتىن) ئىلگــىرى قۇرەيــش قەبىلىسـى تەمىـر (رېمونـت) قىلغان ئىـدى. لېكىن قىسـمەن ماتېرىيال يېتىشـمەي، كەئبەتۇللاهنىـڭ ئىلگـىرى ئىبراهـىم ئەلەيھىسسـالام بىنـا قىلغـان ئورۇنـدىـن بىـر ئاز قىسـمى يېپىقسـىز قالغـان ئىـدى. كېيىنكى مەزگىللــەردە پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام كەئبەتۇللاهنىــڭ مۇشــۇ قېتىمقــى بىناســىنى ئىبراهـىـم ئەلەيھىســسالامنىڭ بىناســى ئاساســدا مەزكـۇر يېپىقسـىز هالەتتـە كەبىدىـن ئـورۇن ئېلىـپ زائىـد (ئارتـۇق كەئبىگــە تــەۋە ئوشــۇق) تۇرۇۋاتقــان تېمىنــى پۈتۈنلەشــتۈرۈپ، كەئبەتۇللاهنىـڭ ئەسـلى ئورنىغـا قوشـۇپ تەمىـر (رېمونـت) قىلىـش ئارزۇســىنى ســاهابىلارغا ئېيتقــان ئىــدى. رەســۇلۇللاهنىڭ مۇشــۇ ئارزۇســى بويىچــە ســاهابى كىراملاردىــن ئابدۇلــلاھ ئىبنــى زۇبەيــر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) (ئىككى ئىمامنىـڭ خلاپىت نۆۋىتىدە (دەۋرىـدە) مەككىگـە ۋالىي بولغـان كىشـى) مەزكـۇر هائىتنىـى (تامنى)

كەئبە ئۆيى بىلەن قوشۇپ پۈتۈنلەشتۈرۈپ، يەنە بىر قېتىم تەمىر قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئاۋىيە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ ئوغلى يەزىد ئىستىلا قىلغان دەۋرىدە مەككىگە ۋالىي بولغان ھەججاج ئىبنى يۇسۇف دېگەن كىشى مەزكۇر ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ تەمىرنى (رېمونت) بۇزۇپ ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم بىنا قىلغان. بەيتۇللاھ ھازىرغا قەدەر شۇ ھەججاجنىڭ تەمىرى (رېمونت) بىلەندۇر (بويىچەدۇر). بۇ، بەيتۇللاھنىڭ 6 ـ قېتىملىق تەمىردۇر (رېمونتىدۇر). بۇنىڭدىن كېيىن بەيتۇللاھنى 7 ـ قېتىم كىم، قاچان رېمونت قىلدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ ئومۇمىي ھۆججەتلىك ھەدىس، رىۋايەتلەر بار.

ئول كەئبەتۇللاھ يەر يۈزىدە ئەڭ مۇقەددەس ئىمارەت ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك جايدۇر. ھەزرىتى ئادەم ئاتىمىز يارىتىلغان چاغدا ھەم تۇنجى قېتىم شۇ كەئبەتۇللاھنىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلغان ۋە شۇ ئورۇندا دۇئاسى قوبۇل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ھۆرمەتكە لايىق جايدۇر. ھەج تاۋاپ قائىدە رەسمىيەتلىرى بولسا، مانا مۇشۇ ئاۋۋالقى ئادەم تارىخىدىن باشلاپ ھەر بىر پەيغەمبەر، ھەقشۇناس ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇئەييەن تارىخى دەۋرىدىكى ئەڭ ئومۇمىي پائالىيەتلىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىگە يۇقىرىقى تارىخنى (مۇشۇ) ئومۇمىي ئاساستا پەرز قىلغاندۇر.

ھەج قىلىش تۆۋەندىكى بەش چوڭ پەزىلەت ـ ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ ھەج قىلىش ئىنسان نەسلىنىڭ تارىخى يىلتىزىنىڭ بىرلىكىنى، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدەم جايلىرىنى، ياخشى

ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلىتىپ ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئىلھام بېرىدۇ.

2 ـ ھەج، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ ۋە ئىنسانىي بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋە ئىسلام دىن قېرىنداشلىق ھەمكارلىقنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى ۋە تارىخى كۆرگەزمىسىدۇر.

3 ـ ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر بىر قىتئەلىرىدىن ھەرمىللەت، ھەر قەۋم، ھەر تەبىقە ئىچىدىن كەلگەن كىشىلەر ماھىيەتتە ھەق رىزالىقى ئۈچۈن بىردىل، بىر نىيەتلىك بىلەن بىر ئورۇنغا توپلىنىپ، يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىكنى ئىپادىلەپ، ئىسلام شوئارىنى ئۈستۈن قىلىش بىلەن ئۆزئارا تونۇشۇپ ئىنسانىيەت تەرەققىيات يولىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پاك ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر ـ بىرىگە ئىلھام بېرىش بىلەن ئىجتىمائىي ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەش ۋە ھەرخىل ياخشى ئىشلاردا بەس ـ مۇسابىقە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئۇلۇغ مەرىكە مەيدانى، ئىجتىمائىي مۇسابىقە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

4 ـ بۇ ھەج مەۋسۇمىدا ئەراپات تېغىغا ھازىر بولغان كىشىلەرنىڭ ئېھرام ئىچىدە تۇرۇپ (لەببەيك) ئېيتىۋاتقان ھالەتتە ئۇلارنىڭ مەنزىرىسى ھەر بىر كىشىگە قىيامەتنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرخىل گۇناھ، يامان ئىشلاردىن تەۋبە قىلىش ۋە ساۋابلىق ياخشى ئىشلارغا رىغبەت قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

5 ـ ھەج قىلغان كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ چاقىرىقىنى بەجا كەلتۈرگەن ۋە سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىغا ئۆز ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن ئەگىشىپ، ئۇلۇغ ھەج مۇراسىمىنى ئادا قىلغانلىقىنىڭ ئەجرى ـ ساۋابىغا ۋە دۇنياۋى شان ـ شەرەپ ۋە خەيرى ـ بەرىكەتكە ئىگە بولىدۇ. مۇبارەك ھەج سەپىرى جەريانىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر ئاجايىپ مەخلۇقات ۋە بەدىئىي

مەسنۇئاتلىرىنى (ھۈنەرلىرىنى)، ئۇلۇغ قۇدرەت ئەسەرلىرىنى، ئىسلام شۇئارلىرى ۋە ۋەھدانىيەتنى ئىلاھىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئالامەت - پاكىتلىرىنى ئاز - ئازدىن (كۆزدىن) كەچۈرۈپ مۇشاھەدە قىلىش بىلەن ئىلمىي - مەرىپەت ۋە ئىمان ئىشەنچىسى ئارتىدۇ (ئاشىدۇ). ھەربىر تىل، ئۆرپ - ئادەتنىكى قەۋم، مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بىلەن تونۇشۇپ، ھەر جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ ئەمەلىي ماھارىتى ئاشىدۇ. ھەجدە (بۇنىڭدىن باشقا) يەنە نۇرغۇن ھېكمەتلىك پائالىيەتلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز قىلىنغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

### 82. سوئال: جىھاد فى سەبىلىللاھ قانداق ئىبادەت؟ ئۇنىڭ ھېكمەت پەزىلىتى قانداق؟

جاۋاب: جىھاد فى سەبىلىللاھ، ھەممە پەرزلەرنىڭ ئومۇمىي كېپىلى بولغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ بۈيۈك رۇكنىلىرىدىن بىرىدۇر. جىھاد فى سەبىلىللاھنىڭ مەزمۇن ماھىيىتى، مۇسۇلمان بولغان ھەر بىر ئاق كۆڭۈل بەندە خالىس ئاللاھ يولىدا ھەققانىي ئىسلام ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاقىتى يېتىشىچە تىرىشىپ، بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى بېغىشلاپ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىشىدۇر. مۇتلەق جىھادنىڭ دائىرىسى تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - دىل بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان جەڭلەر. بۇ، «جىھادى قەلب» دەپ ئاتىلىدۇ.

2 - جىھاد ئەمەلىي. سۆز ۋە قەلەم بىلەن ئىپادىلىنىدىغان جەڭلەر (ھەرخىل شەكىلدىكى مۇنازىرە ۋە قەلەم كۈرەشلىرى).

3 - جىھاد پېئلى. (پېئلى (ھەرىكىتى)، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قىلىدىغان ئەلەم كۈرىشى ۋە قورال ئارقىلىق قىلىدىغان جەڭلەر).

جىهادنىڭ تېگىشلىك قەدەم باسقۇچلىرى ۋە شەكىل قۇرۇلمىلىرى ھەر زامان ۋە ھەر دەۋردە مۇئەييەن شەرت ـ شارائىت ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجلارغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، جىهاد ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە تارماقلىرىنىڭ جان تومۇرى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىناق دۇنياسىنىڭ تارىخىي ئېقىمىنى، شەرەپ قانۇنىيەتلىرىنى ياراتتى. ئىسلام دىنى دۇنيا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بىردىنبىر قانۇن ئېقىمىدۇر. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىنىڭ كامالەتكە يېتىپ پاك ساغلام راۋاجلىنىشى ۋە ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەبەدىي غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ بەخت، دۆلەت، ھەقىقىي ئىززەت، زەپەر، نۇسرەت ۋە نۇرلۇق ھاياتى ئىستىقبالىغا مۇيەسسەر بولۇشى جىهادقا باغلىقتۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە، تارىختىكى بارلىق ھالاكەت ۋە پالاكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچى پەيتلەردىن قېچىپ، تەسلىمچىلەرگە ئالدىنىپ، جەڭگىۋار روھنى يوقاتقانلىقنىڭ كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋىتىدۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، جىهادنىڭ ئەمەلىيتى ۋە ھېكمەت ـ پەزىلىتى:

1 ـ جىهاد فى سەبىلىللاھ (ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىش)، ئەھلى ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلارنى جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن تەربىيەلەپ تەشكىللىگۈچى، جانلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىلدۇر.

2 ـ ئىسلام ئىنتىزامىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلامنىڭ ماقامىنى (ئورنىنى) ئالى قىلىش، ئىسلام شوئارىنى ۋە ئەخلاقىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىسلام ئىجتىمائىي ئەھكامىنى دادىل ئىجرا

قىلىشىنىڭ كاپالىتى ئەلۋەتتە جىھادتۇر.

3 ـ ئىسلام ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىش، ئىسلام دۆلىتى ۋە مۇسۇلمانلار جامائەسىنى ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەردىن ساقلاش، دىنىنى، مىللىتىنى، ۋەتىنىنى ۋە ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتىنى، ئىنسانىي ھۆرلۈك ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكىنى قوغداش، پاك ساغلام ھايات ۋە ئىلغار تەرەققىياتلارنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىياسىي قۇدرىتى ھەم جىھادقا باغلىقتۇر.

4 ـ جىھادقا ئاتلانغان ھەر قانداق كىشى، خالىس نىيەت بىلەن ھەققانىي ئىشلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشى ئارقىلىق شەھىدلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ شەرەپكە، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە جەننەتتە راھەتكە ۋە ئەبەدىي ئۆچمەس ھايات، تۈگىمەس ئەجرى ـ ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ھاياتى باقى قالغان بولسا، غازىلىق ئۇلۇغ مەرتىبە ۋە غەلىبە غەنىمەتكە، ئالى نىجاد (قۇتۇلۇش) خەيرى ـ ئېھسان ۋە مەڭگۈ تىنچلىق ھاياتى ئىستىقبالىغا ئېرىشىدۇ.

دېمەك، جىھاد، ئەڭ ئۇلۇغۋار ياخشى ئىشلارنىڭ ۋاستىسى بولغانلىقى جەھەتتىن ئەڭ مۇھىم پەرزدۇر. شۇنىڭدەك، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ئەقىدىلىرىنى، ئىبادەت، ھەقىقىي ئىجتىمائىي مۇئامىلات ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا شەرىئەت قائىدە قانۇنىيەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە كۈچ سەرپ ئېتىش ھەم جىھاد دەپ ئاتىلىدۇ.

جىھادنىڭ مەزمۇنى كەڭ، ئەڭ ئاكتىپ، ھەرىكەتچان ئامىل بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر زامان، ھەر دەۋردە ئەتراپلىق چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئېنىق روشەنلەشكەن ئومۇمىي ئەھۋالغا قاراپ ئىچكى ـ تاشقى شەرت ـ شارائىتنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ھەرخىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. چوڭ جىھادنى ھەربىي تاكتىكا ئۇسۇلى جەھەتتە، ھەربىي

ئىستراتېگىيە جەھەتتە، قەدەم باسقۇچ ۋە تەشكىل جەھەتتە بولسۇن، ھەربىر دەۋر، ھەر ماقامدا (ئورۇندا)، بىر ئەندىزە بىلەن مۇتلەقلەشتۈرۈلىدىغان نەرسە ئەمەس. جىھادنىڭ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن قائىدە قانۇنىيىتى شۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 83. سوئال: جىھادنىڭ ئىسلامىيەتكە ۋە ئومۇمىي ھاياتقا قانداق ئىجابىي رولى بار؟

جاۋاب: جىھاد ـ ئىسلام دىنىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر (قورالىدۇر). بارلىق ئىش غەيرەت ـ جاسارەتكە باغلىق. جۈملىدىن تېگىشلىك پەيتتە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بارىدىغان يوللۇق ھەققانىي جىھاد داۋاملىق غەيرەت ـ جاسارەتنى ئۆستۈرىدۇ، غەلىبە ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزىدۇ ۋە ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەمەلىيەتتە مۇستەھكەملەيدۇ، كىشىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىسلامىي روھقا، تەقۋا ـ دىيانەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىسلام مىزانى، ئەخلاقى ۋە ياخشى ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى جانلىق ھالدا ئۆزلەشتۈرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار جامائەسىنى تەشكىلىي ئىنتىزام بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدۇ، ئومۇمىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش يولىنى تونۇتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە قانۇنىيەتلىرىگە ھاياتى تۇرمۇشنى بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىيەتتە ئۆگىتىدۇ، دىنىي قېرىنداشلىق، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ، ماھارەتنى ئۆستۈرۈپ، بىر پەللىدىن يەنە بىر پەللىگە ئاتلىنىشقا، دۈشمەنگە باش ئەگمەي داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئىلھام بېرىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، جىھاد جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەر بىر جەھەتتىن ئىجابىي رول، تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت ئومۇمىي ھاياتى ۋە ئىسلامىيەت كامالىتىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنىڭدەك قانۇنى ئىنتىزام بىلەن ھەر قانداق

جەڭچىنى (شەخسنى) ئەمەلىيەتتە سىناپ تاللايدىغان ئەڭ ھەرىكەتچان مەيدان جىھاد مەيدانىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنى جىھاد فىي سەبىلىللاھقا ئەھمىيەت بېرىشكە ئالاھىدە تەكىتلىدى. تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر جىھادنىڭ زىيادە (تېخىمۇ كۆپ) پەزىلىتىگە شاھىدتۇر:

قال لله تعالى: ﴿وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ﴾

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار.»[33]

قال لله تعالى: ﴿فَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَجَاهِدْهُم بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا﴾

تەرجىمىسى: «كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى بارلىق كۈچۈڭ بىلەن جىھاد قىلغىن.»[34]

قال لله تعالى: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا ۚ وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾

تەرجىمىسى: «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار

[33] ھەج سۈرىسى 78 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[34] فۇرقان سۈرىسى 52 - ئايەت.

بىلەن بىلىلىدۇر.»[35]

قال الله تعالى: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾

تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ئىماندىن يېنىۋالمىغان، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار بولسا، داۋاسىدا راستچىل بولغانلاردۇر.»[36]

قال الله تعالى: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ جَاهِدِ الْكُفَّارَ وَالْمُنَافِقِينَ وَاغْلُظْ عَلَيْهِمْ ۚ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾

تەرجىمىسى: «ئى پەيغەمبەر! سەن كۇپپار ۋە مۇناپىقلار بىلەن جىھاد قىل، ئۇلارغا قاتتىق پوزىتسىيەدە بولغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي؟!»[37] قاتارلىق جىھاد ھەققىدىكى ئايەت ـ ھەدىسلەر كۇپايىدۇر.

**84. سوئال: ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى نېمە؟ ئۇمۇمىي ھاياتنىڭ بىرلىك ئىقتىدارى قانداق؟**

---

[35] ئەنكەبۇت سۈرىسى 69 ـ ئايەت.

[36] ھۇجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

[37] تەھرىم سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

جاۋاب: ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى بولسا، ئومۇمىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىنىڭ قانۇنى يولى ۋە ئومۇمىي ھاياتنىڭ بىرلىك ئىقتىدارىنى بەلگىلىگۈچى ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۇتقۇلۇق رول ئوينىغۇچى روھىي ئامىلى بولغان ئۇلۇغ ئىسلام ئىجتىمائىي سىستىماتىزىمى[38] ۋە قانۇنى ئىسلامىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مەسلىكىدۇر. چۈنكى مۇقەددەس ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۈچۈن نۇرلۇق پاك ئېتىقاد، ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەر دەۋر ھەر زاماندا پاك، ساغلام ئىجتىمائىي مۇئامىلە مۇناسىۋەت ۋە ساغلام ھايات تۈرمۇشى، ماددىي مەئىشەت يوللىرىنى ئۇلۇغ ئىنسانىي ئەدەپ ـ ئەخلاق كەيپىياتتا ئومۇمىي ئېھتىياجىغا قاراپ لايىق، جانلىق ھالدا راۋاجلاندۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ئىسلام سىستىماتىزىمى ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەر زاماندىكى ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياجدۇر ۋە ئومۇمىي ھاياتنىڭ بىرلىك ئىقتىدارىنى بەلگىلىگۈچى ئامىلدۇر. بۇنىڭ ھاياتى كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە مەنىۋى ھېكمىتى (ئۇنى) ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە جانلىق ھالدا تەتبىق قىلىشقا باغلىقتۇر.

دېمەك، ئومۇمىي ھاياتنىڭ گۈزەل ھالەتتە بىرلىككە كېلىشى، مۇۋاپىق نىسبەتتىكى مىزانى ۋە قانۇنى تەڭداشلىقى ئاساسەن ئۇنىڭ ئىسلام سىستىماتىزىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ۋە ئەمەلىيەتكە

[38] سىستېما، تەركىبىي قىسىملار ئارىسىدا بار بولغان ئورگانىك باغ ۋە ئوخشاش تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە تەشكىللىنىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن گەۋدە، مۇئەسسەسە ۋە قۇرۇلما مەنىسىگە كېلىدۇ. سىستېماتىزم بولسا، بۇ پىرىنسىپقا تايانغان پىكىر ۋە چۈشەنچە سىستېمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئورگان، سىستېمىنىڭ پارچىلىرىنى ۋە فۇنكسىيەنى بېجىرىدىغان مۇئەسسەسە، ئىدارە ۋە تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ.

تەتبىقلاش بىلەن راۋاجلىنىدۇ. چۈنكى ئومۇمىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرى يەنى جىسمانىي ھايات، ئىجتىمائىي ھايات، مىللىي ھايات، دىنىي ئىجتىمائىي ھايات، مەنىۋى ھايات، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ ھەقىقىي يۈكسىلىشى ۋە توغرا ماسلىشىشى ھەر قانداق شەرت ـ شارائىتتىكى ئىسلام سىستېماتىزىمىنىڭ ھەر بىر تارماقلىرىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلام ئىجتىمائىي ئەھكاملىرىنى توغرا جارى قىلىشقا باغلىقتۇر.

شۇڭا ئۈچۈن ھەقىقىي ئىسلام تارىخى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتلىرى تارىخىدىن ھەر زامان ئىلغارلىق ئۈستىدە بولغان. ئىنسانلارنىڭ كۇفرى ـ جاھالەتكە، باتىل ـ خۇراپاتقا، زۇلۇم ـ ئاسارەتكە ۋە ئىجتىمائىي زوراۋانلىق، ھەرخىل تەڭسىزلىقلارغا قارشى زۆرۈر بولغان ئومۇمىي كۈرىشى ۋە ھاياتى جىھادقا باغلىقتۇر.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئىجتىمائىيات (تۈزۈمى) ۋە مەكارىمى ئەخلاق

**86 ـ سوئال: قانۇنىيەتى ئىسلامىيە (ئىسلام پروگراماتىزىمى، ئىسلام قانۇنى)نىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ئۇنىڭ دۇنيا ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىدىكى ئىجابىي رولى قانداق؟**

جاۋاب: قانۇنىيەتى ئىسلامىيە (ئىسلام دىنىنىڭ پروگراماتىزىملىق ھەقىقىي ئىلمى قانۇنىيەت يولى) ھەر بىر مۇئەييەن دەۋرى زاماندا ھەقىقىي ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئومۇمىي ئەھۋالغا تەتبىقلاپ نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئومۇمىي ھاياتىدا ھەممە جەھەتتە ساغلام، جانلىق ئىجرا قىلىشنىڭ ئىلمىي ـ ئىجتىھادىي (تىرىشچانلىق) يولىدىن ئىبارەت. «ئىنسان ئومۇمىي ھاياتى» دېگەن سۆزدە؛ خاھى جىسمانىي ھايات، ئائىلىۋى ھايات، خاھى مىللىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھايات، خاھى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھايات، ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئومۇمىي ئالەم ئارا پۈتۈن دۇنيا ئادەم تارىخىدا ئەڭ پاك ۋە مۇقەددەم (قەدىم)، ئەڭ ساغلام ۋە مۇقەددەس، ھەق ۋە راست دىندۇر (پاك تەۋھىد ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر).

ئىسلام ئېتىقادى بولسا، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەر ۋە ھەقشۇناس (ھەقىقەتپەرۋەر) ئىنسانلارنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن بارلىق كىتاب مۇسھەبلەر (سەھىپىلەر) نىڭ ئورتاق ئەقىدات (ئەقىدە) ئاساسى بولۇپ، ھەر زاماندا ئۆتكەن

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى شۇ دەۋر ـ زاماندىكى ئىسلام دىنىنىڭ پىروگراماتىزىملىق قانۇنى رەھبەرلىرىدۇر. ھەر بىر كىتاب ۋە مۇسەھەپ (ئىلاھى يادنامە)لەر مۇئەييەن ئۆز دەۋرىنىڭ ھەقىقىي پروگراماتىزىملىق ئىسلام قانۇنى دەستۇرىدۇر. ھەر بىرى ئۆز دەۋرىدە ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئىجابىي رول ئوينىغان. (يەنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەر بىر دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش (تۈزىتىش) ۋە ئومۇمىي ھاياتنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ساغلاملاشتۇرۇش جەھەتتە ئىلغار (ئالاھىدە) تەسىر كۆرسەتكەن (رول ئوينىغان). شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇشۇ ئەمەلىي ھەقىقەتنى بىر پۈتۈن ئېتىراپ قىلىشنى بۇيرىدى. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەت بولغان ھەر بىر كىشى يۇقىرىقى ئومۇمىي ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغان ئاساستا تاكى قىيامەتكىچە دەۋر ئىگىسى بولغان ئەھلى ئىسلام ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ ۋە بارلىق كىتاب ـ مۇسەھەپ (ئىلاھى يادنامە)لەرنىڭ ئاخىرقى مۇكەممەل جەۋھىرىي نېگىزىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، ھەممە پەيغەمبەر ۋە شەرىئەت ئىگىسى بولغان بارلىق مۇرسەل (پەيغەمبەر)لەرنىڭ ھەممىدىن كېيىنكى (ئەڭ ئاخىرقى) تۈگەنچى خاتىمىدۇر. ئومۇمىي ئەنبىيا، مۇرسەل (پەيغەمبەر)لەرنىڭ شەرىئىتىنى بىر پۈتۈن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كامالىغا يەتكۈزگۈچى، دۇنيا ئىنسانىيەت ۋە ئىسلامىيەت تارىخىنىڭ ئاخىرقى زامان دەۋر ئىگىسى بولغان ئاممەتەن (پۈتۈن خەلققە) پەيغەمبىرى ۋە ئومۇمىي ۋەكىلىدۇر. قۇرئاندىن كېيىن دۇنياغا يەنە بىر ئىلاھىي دەستۇر بولغان كىتاب كەلگەن ئەمەس ۋە كەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە بىر ئالاھىدە شەرىئەت ئىگىسى پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس ۋە كەلمەيدۇ.

دېمەك، قۇرئان دۇنيادا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قانۇنىيەتنى

ئىسلامىيە (ئىسلام پروگراماتىزىمى)نىڭ ھەممە دەستۇرلىرىنى ئەسلى ھەقىقەتتى بويىچە ئېنىق روشەنلەشتۈرۈپ، دەۋرى زامانغا لايىق ئەڭ مۇكەممەل ھالدا ئىجابىي رول ئوينىغۇچى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئەڭ ئىلغار تەسىر كۆرسەتكۈچى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى دۇنيانىڭ دەۋرى ئاياغلاشقىچە جانلىق ئىجرا قىلىنغۇچى ئەڭ يۈكسەك ھاياتى كۈچكە ئىگە ئۈچمەس نۇرلۇق ئىلمىي ھۆججەت ۋە ئىلاھىي ھېكمەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ھۆكمى بىلەن ھەممە كىتاب ۋە مۇسھەپلەرنىڭ ھۆكمى مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالدۇرغان) بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرى بىلەن ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋرى ئاياغلاشقاندۇر. ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلىك ماھىيەتتە قۇرئان ئۇنى تەستىق قىلغان ھەممە كىتاب ۋە مۇسھەپلەرگە ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرمەسلىك ماھىيەتتە ھەممە كىتاب ۋە مۇسھەپلەرگە ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەنلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا قانۇنىيەتتى ئىسلامىيە (ئىسلام پروگراماتىزىمى)نى ھازىرقى زامان دەۋرىدە قۇرئان تەلىماتىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى سىرەت (تەرجىمىھالى) ۋە روشەن سۈننەت (يول)لىرىغا ئاساسلانغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پاك، ئىلغار، ئىلمىي، ئىجتىھادىي يولىدىن ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرۈلسە، ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام، ئىنسانىيەت تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئالغا يۈكسىلىۋاتقان تارىخى داۋامى ۋە ئىنسانىيەت ئومۇمىي ھاياتىنىڭ ئىلغار قانۇنى ئىقىمىدۇر. قۇرئان ئەنە شۇ ئىسلامنىڭ مۇقەددەس ئىلمىي نەزەرىيە مىزانى ۋە تۈپ ئاساسى پىروگرامىسىدۇر. ئىسلام شەرىئىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى (يول كۆرسەتمىسى) بويىچە ئەنە شۇ قۇرئان تەلىماتىنى ئومۇمىي

ئەھۋالغا تەتبىقلاپ ئىجتىھادىي ئاساستا تاكى دۇنيا دەۋرى ئاياغلاشقىچە توختىماي ئالغا راۋاجلىنىدىغان ئادالەت مىزانىدىكى ئەڭ ھەققانىي ئەنئەنىۋى يولدۇر.

ئەنە شۇ ماھىيەتتىكى شەرىئەتنىڭ مۇقتەدالىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك، ساغلام ۋارىسلىرى) ھەققانىي ئالىم مۇجتەھىدلەر تاكى قىيامەتكىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىنىڭ ھەقىقىي پىروگراماتىزىمچى ئىسلام رەھبەرلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان تەلىماتى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەرىئىتى بويىچە ماڭغان بارلىق ئەھلى ئىسلام ئومۇمىي ھەقشۇناس مۇسۇلمانلار جامائەسىنى، دۇنيا ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى ئۇلۇغ دەۋر ئىگىسى ھەقىقىي ئىسلام قانۇنى پىروگراماتىزىمچى ئىلغارلار قوشۇنى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەقلىقتۇر.

شۇ ھەقىقەت ئېنىقكى، ئىسلام شەرىئىتى پاك ئېتىقاد، ساغلام ئەمەل ۋە ئىبادەتكە بۇيرۇيدۇ، ئەڭ ئادىل ۋە راستچىل ھەققانىي ئىجتىمائىي مۇئامىلات ھۆكۈملىرىنى ھاياتى تۇرمۇشنىڭ قانۇنى ئۆلچىمى قىلىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئەڭ پاك، ئۇلۇغ (ئېسىل) ئىنسانىي مەكارىمى ئەخلاق بىلەن ئىسلاھ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار تەرەققىيات يولى ۋە ماددىي ۋە مەنىۋى كامالاتكە يۈزلىنىشىنىڭ قانۇنى مەسلىكى (يولى) ھەقىقىي ئىسلام پروگراماتىزىمدىن ئىبارەت بولغان ئۇلۇغ ئىسلام شەرىئىتىدۇر.

يەنە شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، قىسمەن يولدىن ئازغان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ باتىل خۇراپات، ھەرخىل بىدئەت ۋە يامان ئەخلاق ئادەتلەرنى قوللىنىپ، يەنە مۇئەييەن شارائىتتا «دىن مۇقتەداسى» (دىن پېشۋاسى) دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ

قالغان بەزى شەخسلەرنىڭ ناتوغرا يامان قىلىقلىرى ھەرگىز پاك ئىسلام شەرىئىتىگە ۋە ئومۇمىي ئەھلى ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مۇقەددەس ئىسلام دىنى بۇنداقلاردىن بىزاردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ئۈممىتى بولغان مۇنەۋۋەر، ساغلام ئەھلى ئىسلام يولباشچىلىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پاك شەرىئەت ۋە ساپ تەرىقەت پېشىۋالىرى بۇنداقلارنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇنداق مۇتەئەسسىپ يامان شەخسلەرنىڭ نۇقسانلىرىنى مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا نىسبەت بېرىش، دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستلىك تۆھمەتلىرىدۇر. دۈشمەنلەرنىڭ ھەر قانداق يامان غەرەزلىك ھۇجۇمىنى قەتئىي رەت قىلىشىمىز لازىم.

**87. سوئال: ئىسلام شەرىئىتى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قولۇم - قوشنىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە بولۇشقا بۇيرۇيدۇ؟ ھەققى قەرابەت (ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ھوقۇقى) ۋە ھەققى ھەقەمسايە (قوشنىدارچىلىق ھوقۇقى) نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قولۇم - قوشنىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەقىقىي بەخت - سائادىتى ۋە ئىنسانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر جەھەتتە ئۆز ئارا بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلىشقا، سىلەئى رەھىم (ئۇرۇق - تۇققانچىلىق رىشتىنى كۈچلەندۈرۈش)، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈشكە، خالىس نىيەت بىلەن بىر - بىرىگە خەيرىخاھلىق قىلىپ، بىر - بىرىگە ئېتىبار بېرىپ تىنچ - ئىناق، ئىتتىپاق بولۇپ ئومۇمىي ھاياتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىچىدە ياخشى ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. يۇقىرىقى مەسىلە قۇرئاندىكى كۆپ ئايەتلەر بىلەن تەكىتلەنگەندۇر. (بۇ يەردە) خۇلاسە مەزمۇنى بايان قىلىندى.

ھەممىگە ئوچۇق مەلۇمكى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەم ياخشى ئۆتۈشى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھاياتى ساغلاملىقى (ئۈچۈن ئەڭ) ئالدى بىلەن ئىچكى جەھەتتە ئۆز ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قولۇم - قوشنىلار بىلەن نورمال ياخشى مۇئامىلە مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ۋە تىنچ - ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈشكە باغلىقدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتى ۋە بەخت - سائادىتىنى بۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلام شەرىئىتىدە ھەققى قەرابەت (ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ھوقۇقى) ۋە ھەققى جىۋار (قوشنىدارچىلىق ھوقۇقى)نىڭ ئەمەلىي ئۆلچىمى ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ۋاجىپ ئىشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قولۇم - قوشنىلار بىر - بىرىنىڭ قانۇنى ئىگىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش.

2 - بىر - بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئائىلىۋى ھاياتىغا ۋە ئۆزىگە خاس ئايرىم تۇرمۇش ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش.

3 - بىر - بىرسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىناۋىتىگە ۋە تېگىشلىك ئىززەت - ئىپتىخارىغا ھۆرمەت قىلىش.

4 - بىر - بىرىنىڭ جىسمانىي ھاياتىنى، مال - مۈلكىنى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئاسراش ۋە قوغداش.

5 - بىر - بىرىگە ۋە ئائىلە بالا - چاقىلىرىغا خالىس نىيەتتە خەيرخاھلىق قىلىش، ھەرگىز خىيانەت قىلماسلىق.

6 - بىر - بىرىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ۋە قىيىنچىلىقتىن چىقىشىغا (قۇتۇلۇشىغا) كۆڭۈل بۆلۈش.

7 - بىر - بىرىنى ۋە مال - مۈلكىنى يامان نىيەتتە بولغۇچىلاردىن،

ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەردىن مۇداپىئە قىلىش ۋە قوغداش.

8 ـ باشقىلارنىڭ زورلۇق ـ زوراۋانلىق قىلىشى ۋە بوزەك ئېتىشىدىن بىر ـ بىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش.

9 ـ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە يول قويۇش، بىر ـ بىرىنىڭ ھاياتى مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ھاياتى مەنپەئەتى بىلەن بىر قاتاردا ھېسابلاش.

10 ـ كۈندىلىك تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان قازان ـ قومۇش، پالتا ـ كەكە، ئەلگەك ـ غەلۋىر، ئارا ـ گۈجەك، كەتمەن قاتارلىق قۇرئاندا «مائۇن» دەپ سۈپەتلەنگەن سەرەمجانلىرىنى ئۆز ـ ئارا يۈرۈشتۈرۈپ (ئۆتنە بېرىپ) ئىشلىتىپ پايدىلىنىش، بېخىللىق قىلماسلىق.

11 ـ مۇمكىن بولغان مىقداردا غىزا ـ تاماق، ماددىي مەئىشەتلەردىن بىر ـ بىرىنى نېسىبدار قىلىش.

12 ـ بىر ـ بىرىدىن ھال سوراش، بىر ـ بىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم مۇسىبەت بولۇپ قالسا ئالدىن ھازىر بولۇپ، بىرگە ئۇزىتىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق، قوشنىدارچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئىپادىلەش.

13 ـ ئاچلىقتا ـ توقلۇقتا، خاپىلىقتا ـ خۇشاللىقتا، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە راھەت ـ پاراغەتتە ئورتاقلىقنى ئىپادىلەش.

14 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قولۇم ـ قوشنىلار ھېيت ـ ئايەملەردە، تەكلىپ قىلىنغان ھەر خىل توي ـ مەرىكىلەردە ۋە ئۆرپ ـ ئادەت يىغىلىشلاردا ئالدىن ھازىر بولۇپ، سەممىي ھەمكارلىق پوزىتسىيەدە بولۇش.

15 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار ھەرخىل سۆز ـ ھەرىكەت، مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتتە ئادىل، راستچىل بولۇش، ياخشى مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش، كىبىرى ـ تەكەببۇر (چوڭچىلىق) قىلماسلىق، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى چۆكەمەسلىك (تۆۋەن چاغلىماسلىق)، بىر ـ بىرىگە مېھرىبان بولۇش، ئاق كۆڭۈل، ھەققانىي، پاك ۋىجدان، ئوچۇق ـ يورۇق، سەممىي، ئىنسانىي ۋە ھەقىقىي نۇرلۇق ئىسلامى پوزىتسىيەدە بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشى لازىم. بىر ـ بىرىگە ئالاقىدار ئىشلاردا ئالدىن مەسلىھەتلىشىش، تولۇق رازىلىقنى ئېلىش لازىم.

مۇشۇ يۇقىرىقى ئاساسلىق 15 مەسىلە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار تولۇق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان كىتابۇللاھ (ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم) ۋە سۈننەتى رەسۇلۇللاھ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يول رەۋىشلىرى) نىڭ روھى مەزمۇنىچە ئىسلام شەرىئىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىدۇر. لېكىن ئىسلام پىرىنسىپىغا ئوچۇق خىلاپ كېلىدىغان، ياكى ئاللاھنىڭ ھۇدۇدىغا (توختامىغا) ئائىت ئىشلاردا ۋە چوقۇم ھارامغا ياتىدىغان مەسىلىلەردە قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يول قويۇشقا بولمايدۇ. مەيلى ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ياكى قولۇم ـ قوشنا، ھەقەمسايىلىرى بولسۇن، بەلكى (ھەتتا) ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بولسا ھەم (بولسىمۇ)، ئۇنىڭغا رىئايە خاتىرە (خاتىرە يۈزىسىدىن) قىلىپ سۈكۈت قىلىپ كارى بولماسلىققا شەرىئەت رۇخسەت قىلمايدۇ. دېمەك، بۇ ھەققۇللاھ (ئاللاھ ھەققى) مەسىلىسىدۇر. ئىسلام شەرىئىتىدە ھېچقانداق مۇسۇلمان ئۆز خاھىشىنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويۇشقا يول يوقتۇر.

**88. سوئال: ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسى بويىچە نېمىلەر ھارام**

جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئاساسلىق ھارام تۆۋەندىكى 36 تۈرلۈك (نەرسىلەردىن) ئىبارەت:

1 ـ مەئبۇدى بەرھەق جانابى ئاللاھنىڭ بارلىق ـ بىرلىكىگە تېنىش (بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىنكار قىلىش) ۋە غەيرىنى (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرۈش (نفي الـه وشرك بالله)دىن ئىبارەت.

2 ـ بىغەيرى قىساس (قىساس بولمىغان ھالەتتە) ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، قاتىللىق قىلىش، مەيلى تىغ بىلەن مەيلى (ياكى) زەھەر بىلەن، مەيلى (ۋەياكى) باشقا (ھەرقانداق) ۋاستەلەر بىلەن ئۆلتۈرسۇن (قانداق يول بىلەن بولسا بولسۇن)، بىغەيرى نەپس ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھەممە تۈرلىرى ھارامدۇر.

3 ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاغىشىنى ئېلىش (ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇرۇش، تىللاش، ھاقارەتلەش، قاخشىتىش، رەنجىتىشلەر).

4 ـ ئىنسانغا ۋە ھايۋانغا جەبرى ـ زۇلۇم قىلىش (كىشىلەرنى ئۇرۇش، دەشنام قىلىش، ھايۋاننى ئاچ قويۇش، كۈچى يەتمەيدىغان ئېغىر ئىشلارغا زورلاپ جەبرى قىلىش ۋە ئۆز قارمىقىدىكى ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ ھاياتىغا زىيان يېتىشى بىلەن كارى بولماسلىق).

5 ـ ھەرخىل شەكىلدە ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق قىلىش (كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈش).

6 ـ ئوغرى ـ بۇلاڭچىلار بىلەن شېرىكلىشىش، قازناقچىلىق قىلىش، ۋاستىلىك پايدىلىنىش، مېلىنى سېتىپ بېرىش ۋە قانات ئاستىغا ئېلىش.

7 ـ جازانىخورلۇق، گۆرەكەشلىك قىلىش ياكى ۋاستىلىك

پايدىلىنىش، جازانە پۇل بىلەن (ئۆسۈملۈك پۇل بىلەن) كەسىپ تىجارەت قىلىش.

8 ـ ھەر شەكىلدە قىمار ئويناش، قىمارغا ۋاستىلىك قاتنىشىش، جەزە قىلىش ۋە پۇل سەرپ قىلىش.

9 ـ ھەر شەكىلدە پارا ئېلىش ۋە پارا بېرىش، پارىخورلار بىلەن شېرىكلىشىش ۋە جەمئىيەتنى چىرىكلەشتۈرۈشكە يول قويۇش.

10 ـ ھاراق، مۇسەللەس، نەشە، ئەپيۇن، ھەرخىل مەست قىلىدىغان ئىچىملىك ـ چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش.

11 ـ ئەقىلنى زائىل (يوق) قىلىدىغان، ھاياتنى زەھەرلەيدىغان ئىچىملىك ـ چېكىملىكلەرنى تارقىتىش ۋە ئېلىم ـ سېتىم تىجارىتى قىلىش.

12 ـ چىرىگەن، سېسىغان ھەرخىل زىيانلىق پاسكىنا نەرسىلەرنى يېيىش ۋە تارقىتىش.

13 ـ چوڭ، كىچىك پاسكىنا ھەرخىل نىجىس ھايۋانات، توڭگۇز گۆشى، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ، تاپ يەيدىغان خەبىسلەرنىڭ گۆشى ۋە ئايرىپ تۆكۈلگەن قان قاتارلىق ناپاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش.

14 ـ ئۆزى ئۆلگەن، «بىسمىللاھ» دەپ بوغۇزلانمىغان ۋە ئاللاھنىڭ غەيرىگە تەزىم قىلىپ (ئاللاھتىن باشقىنى ئۇلۇغلاپ) مازار ـ ماشايىخلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان ھەرخىل تاپلارنى يېيىش.

15 ـ ئىسلام شەرىئىتىدە ناپاك ھېسابلىنىدىغان ھەرخىل مۇشرىك، كۇپپارلار ئەتكەن تائاملىرىنى يېيىش.

16 ـ مۇسۇلمان ئوغۇل ـ قىزلىرى كۇپپارلار بىلەن نىكاھلىنىش

ياكى ئۇلار بىلەن بىر ئائىلە ئەزالىرىغا ئوخشاش تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش.

17 ـ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن ئايرىلىش.

18 ـ ئىسلام دىنىدىن چېكىنىش ۋە ئەھلى ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، كۇپپارلار بىلەن بىرلىشىش.

19 ـ ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ دوست بولۇش ۋە ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇۋېلىش.

20 ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئىزباسارى بولغان چاھارىيارلىرىمىزغا، ساھابىلەرگە ھاقارەت بىلەن ئېغىز ئېچىش (تىل تەگكۈزۈش)، ئۇلارنىڭ ھەققىدە ناشايان سۆزلەرنى قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىسىنى كەمسىتىش ۋە ئىنكار قىلىش.

21 ـ كىتابۇللاھ (قۇرئان) ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھتا (سۈننەتتە) ئوچۇق دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان پەرزگە خىلاپلىق قىلىش.

22 ـ ئىسلام پىرىنسىپى بويىچە ئادالەت مىزانىدا ھەققانىي توغرا ئىش بېجىرىپ ماڭغان ئۇلۇغئەمىر (ئىش ئۈستىدىكى) ئىسلام رەھبەرلىرىگە ۋە شەرىئەت ھۆكمىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىش.

23 ـ ئاللاھ ۋە رەسۇلي ھەققىدە، بەندىلەر ھەققىدە ۋە ھەق تەلەپ گۇۋاھلىق ئىشلىرىدا يالغان ئېيتىش.

24 ـ توغرا ئىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن تەكىتلەنگەن ئەھدى قەسەمدە تۇرماسلىق.

25 ـ يالغـان سـۆزلەش، ۋەدىگـە خىلاپلىـق قىلـىش، ئامانەتكـە خىيانـەت قىلىش، كىشىلەرگە نىپـاق (ئىككى يۈزلىمىلىك) بىلـەن مۇئامىلـە قىلـىش.

26 ـ غەيـۋەت قىلـىش، كىشـىلەرنىڭ ئىناۋىتىگـە دەخلـى يەتكـۈزۈش، ئىنسـانىي مۇناسـىۋەتكە بۇزغۇنچىلىـق قىلىـپ گـەپ توشـۇش.

27 ـ كىشـىلەرگە يالغاندىـن بوھتـان چاپـلاش، سۇيىقەسـت قىلـىش، كىشـىلىك ھاياتقـا ۋە خاتىرجەملىككـە زىيانكەشـلىك قىلـىش.

28 ـ زالىملارغـا يانتايـاق بولـۇش (يـان بېسـىش)، چېقىمچىلىـق قىلىش، دۈشـمەنلەر ئۈچـۈن جاسۇسـلۇق ۋە ئىشـپىيونلۇق قىلـىش.

29 ـ ئـەر ـ ئاياللارنىـڭ ئائىلـە مۇناسـىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىـق قىلـىش، ئـەر ـ خاتۇنلارنـى بـۇزۇپ نىكاھتىـن ئاجراشـتۇرۇش.

30 ـ ئەھلـى ئىسـلامنى پـاك، ئىلغـار ئەخلاقـى ئىسـتىلدىن ئازدۇرىدىغـان ۋە چىرىكلەشـتۈرىدىغان قەبىـھ، پاسـكىنا ئويـۇن ـ تاماشـا بىلـەن (تانسـا) بىلـەن شـۇغۇللىنىش ۋە (ئۇنىڭغـا) سـۈكۈت (شۈك تۇرۇپ) قىلىپ باشقىلارنى تەرغىب قىلىش.

31 ـ زىنـا، پاھىشـە ۋە باسـقۇنچىلىق قىلـىش، ئەرلـەر بىلـەن ئەرلـەر، ئايالـلار بىلـەن ئايالـلار جىنسـىي مۇناسـىۋەت (بەچچىۋازلىـق قىلـىش) ۋە بۇلغـار (ئاشـنا) ئويـنـاش.

32 ـ ئـەر ـ خوتۇنـلار ئۆزىنىـڭ ھـالال جۈپتىدىـن باشـقا نىكاھسـىز كىشـىلەر بىلـەن بەدىنىنـى يوپۇشـتۇرۇپ (تەگكۈزۈشـۈپ)، شـەيتانى ئويۇنلارنـى ئويـنـاش.

33 ـ پايدىلىنىشـقا بولىدىغـان نەرسـىلەرنى ۋە ھەرخىـل

نېمەتلەرنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، بىھۇدە ئىسراپ قىلىش.

34 ـ ئالدامچىلىق، مەككارلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە كىشىلەرگە پەرىپتە ئىشلىتىپ، گوللاپ، (ئۇلارنىڭ) نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىلىۋېلىش.

35 ـ يېتىم ۋە يېتىملارنىڭ پۇل ـ مېلىدىن قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، يولسىزلىق بىلەن پايدىلىنىش ۋە ئاسرىماي يوقىتىۋېتىش.

36 ـ قورساقتىكى ھامىلەنى ۋە كىچىك بوۋاقلارنى ئاسرىماي ئۆلتۈرۈۋېتىش، نەسلىنى ھالاك قىلىدىغان ۋە ھاياتنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان ھەرخىل ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلار ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن ھاراملار جۈملىسىدىندۇر.

**89. سوئال: ئىسلام شەرىئىتى ئائىلىۋى تۇرمۇش ھۆكمىدە قايسى ھېكمەتنى نەزەردە تۇتىدۇ؟ شەرىئەت ھۆكمىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟ نىكاھنىڭ ھېكمەت پەلسەپەسى نېمە؟**

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتى ئائىلىۋى تۇرمۇش ھۆكمىدە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ۋە خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئوخشاش ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئىنسانىي تۇرمۇش ھوقۇقىدا باب ـ باراۋەرلىكىنى، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، دىل ئازادىلىكىنى ۋە ئىزباسار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىززەت ـ ئېتىبارى، ھاياتى كامالىتىنى ۋە ئومۇمىي ھاياتىدىكى ھەقىقىي بەخت ـ سائادىتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى نەزەردە تۇتىدۇ. ماددىي ـ مەنىۋى ھاياتنى ئەڭ پاك ئىلغار ئىسلام ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھاياتى، ئەيش ـ ئىشرەت، جىنسىي

مۇناسىۋەت يولى جەھەتتە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە كۆپچىلىكنىڭ گۇۋاھلىقى ياكى خەۋەردارلىقى ئاساسىدا بولىدىغان نىكاھنى شەرت قىلىدۇ.

بۇ خىل نىكاھ بولسا ئىنسانلار جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە باشقا ھايۋاناتتىن مۇمتاز پەرقلىق بولغان پاك ئىنسانىي مەدەنىيەت ۋە ئىلغار ئىسلامى ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئائىلىۋى جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق قانۇنى يولدۇر. ئىسلام شەرىئىتىدە ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ھالاللىقى ئەنە شۇ يوللۇق بولغان قانۇنى نىكاھنى ئاساس قىلىدۇ ۋە نىكاھسىز جىنسىي مۇناسىۋەتنى ھارام دەپ بىلىدۇ. نىكاھنىڭ ھېكمەت - پەلسەپىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - نىكاھ ئارقىلىق ئەر - خوتۇنلۇق نەسلىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بالىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە پاك نەسەبى قائىدىلىك ھالدا مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

2 - ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئابرۇيى - ئىناۋىتى «پاھىشىۋاز» دېگەن قەبىھ نامدىن ساقلىنىدۇ.

3 - ئاتا - ئانىسىنىڭ تولۇق مەسئۇللىقى بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

4 - نىكاھلىق جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ھەرخىل يۇقۇملۇق سىبلىس ۋە جىنسىي ئەزا كېسەللىكىدىن ساقلىنىدۇ.

5 - ھالال نىكاھلىق ئائىلىۋى تۇرمۇش ھەرخىل پاسكىنا، گۇناھ، يامان ئەخلاقىي ئىستىللەرگە توسالغۇ بولۇپ، جەمئىيەت ھاياتىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ.

6 ـ ھالال نىكاھ ئارقىلىق زىنا، پاھىشە ۋە ھەرخىل ناپاك ئەيش ـ ئىشرەتلەرگە ئورۇن قالمايدۇ.

7 ـ نىكاھلىق ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈللىنىشى ئارقىلىق دۇنيا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاۋات بولۇشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ئومۇمىي ھايات ھەقىقىي كامىللىققا قاراپ راۋاجلىنىدۇ.

دېمەك، ھالال نىكاھ بىلەن بولغان ئائىلىۋى تۇرمۇش ئارقىلىق ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچ، ئىخلاس ۋە ئائىلىۋى ھاياتىدىكى ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىقى ۋە تۇرمۇش مەسئۇللۇقى كۈچىيىدۇ. نەسلىنى قۇرتىدىغان ۋە نوپۇسنى ھالاك قىلىدىغان ئامىللار ئازىيىدۇ ۋە شەيتانى نەپسى ـ شەھۋەت، ناپاك ئەيش ـ ئىشرەتلەر ۋە ھەرخىل بۇزۇق كەيپى ـ ساپالارغا بازار قالماي تەدرىجىي ھالدا چەكلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلۇغ ئىنسانىي ئەخلاق، ئىسلامىي مەدەنىيەت ۋە پاك ئۆرپ ـ ئادەت ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئومۇمىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە نىكاھلىنىشنى بۇيرىدى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىكى ھالاللىقنىڭ ئاساسى ھالقىسىنى «نىكاھ» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر شاھىدتۇر:

قال الله تعالى: ﴿فَانْكِحُوا مَا طَابَ لَكُمْ مِنَ النِّسَاءِ مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً﴾

تەرجىمىسى: «ئەگەر يېتىم قىزلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقتىن قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى

ئېلىشىڭلارغا يول بار، ئەگەر ئۇلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىڭلار...»[39]

قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: النظر إلى محاسن المرأة الأجنبية سهم من سهام إبليس.

تەرجىمىسى: «نامەھرەم ئاياللارغا يامان كۆز بىلەن قاراش، ئىبلىس شەيتاننىڭ ئوقلىرىدىن بىرىدۇر.»[40]

عن عائشة عن النبي عليه الصلاة والسلام قال: «النكاح سنتي فمن رغب عن سنتي فليس مني».

تەرجىمىسى: «نىكاھ مېنىڭ سۈننىتىمدۇر، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس.»[41]

قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «قد جعل الله النكاح سنة للأنام وفاصلا بين الحلال والحرام».

تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالا نىكاھنى پۈتۈن ئۈممەت ئۈچۈن سۈننەت (توغرا يول) ۋە ھالال ـ ھارام ئوتتۇرىسىدىكى توساق قىلدى.»[42]

---

[39] نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[40] تىرمىزى، «نوادر الأصول في أحاديث الرسول»، 4 ـ جىلد، دارۇلجىل نەشرىياتى، بېيرۇت، 3. جىلد، 181.بەت؛ جالالىددىن سۇيۇتى، «ئەلجامىئۇلكەبىر»، 25 جىلد، ئەزھەر ھەرپ نەشرىياتى، قاھىرە 2005. يىل، 4. جىلد، 205. بەت.

[41] ئىسمائىل بۇخارى، «سەھىھۇلبۇخارى»، دارۇ ئىبنى كەسىر نەشرىياتى، دەمەشق 1993، 7 جىلد، 5. جىلد، 1949. بەت.

[42] بۇ سۆز بەزى كىتابلاردا ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەدىس دەپ رىۋايەت

وقال تعالى: ﴿وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَا ۖ إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلًا﴾

تەرجىمىسى: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ يامان ئەخلاق ۋە ئەسكى يولدۇر.»[43] (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 32 - ئايەت

وقال تعالى: ﴿وَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ مِنْكُمْ طَوْلًا أَنْ يَنْكِحَ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ فَمِنْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ مِنْ فَتَيَاتِكُمُ الْمُؤْمِنَاتِ وَاللَّهُ أَعْلَمُ بِإِيمَانِكُمْ بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ فَانْكِحُوهُنَّ بِإِذْنِ أَهْلِهِنَّ وَآتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ مُحْصَنَاتٍ غَيْرَ مُسَافِحَاتٍ وَلَا مُتَّخِذَاتِ أَخْدَانٍ﴾

تەرجىمىسى: «سىلەردىن مۆمىن ئاياللارنى ئېلىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. ئاللاھ ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى ئاللاھقا تاپشۇرىڭلار). سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن دىندىشسىلەر، ئۇلارنىڭ ۋەلىلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش بىلەن ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار بولىدۇ،

قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى قىسمى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ <نىكاھ>قا مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان. ھەدىس ئالىملىرى بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت قىلىنغان ھەدىس ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر قىسىم ئۆلىمالار بۇ سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

[43] ئىسرا سۈرىسى 32 - ئايەت.

ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار. لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە (ئىپپەتلىك) بولۇشلىرى لازىم.»[44]

الناكح راغب والمنكوحة مرغوبة والمهر بما تراضيا.

تەرجىمىسى: «تـوي ئۈچـۈن ئوغۇلنىڭمـۇ، قىزنىڭمـۇ رىغبىتى بولۇشـى لازىـم، مەھـر ئىككـى تەرەپنىـڭ ئۆزئـارا رازىلىقـى ۋە پۈتۈشـى بىلـەن بولىـدۇ.»[45]

وقال تعالى: ﴿وَلَنْ تَسْتَطِيعُوا أَنْ تَعْدِلُوا بَيْنَ النِّسَاءِ وَلَوْ حَرَصْتُمْ فَلَا تَمِيلُوا كُلَّ الْمَيْلِ فَتَذَرُوهَا كَالْمُعَلَّقَةِ وَإِنْ تُصْلِحُوا وَتَتَّقُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا﴾

تەرجىمىسى: «ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاياللىرىڭلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، يەنە بىرىنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر بۇ جەھەتتىكى كەمچىلىكىڭلارنى تۈزەتسەڭلار، يەنى ئاياللىرىڭلارغا زۇلۇم قىلمىساڭلار، ئاللاھ ئەلۋەتتە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ.»[46]

[44] نىسا سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[45] بۇ سۆز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ھەدىس ئالىملىرى بىردەك بۇنىڭ ھەدىس ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر قىسىم ئۆلىمالار بۇ سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن توغرا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

[46] نىسا سۈرىسى 129 ـ ئايەت.

وقـال تعالـى: ﴿وَآتُـوا النِّسَـاءَ صَدُقَاتِهِـنَّ نِحْلَـةً فَـإِنْ طِـبْنَ لَكُـمْ عَـنْ شَيْءٍ مِنْـهُ نَفْسًـا فَكُلُـوهُ هَنِيئًـا مَرِيئًـا﴾

تەرجىمىسى: «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى پاك ساغلام (ھالال) تۇرمۇشۇڭلار ئۈچۈن ئىشلىتىڭلار.»[47]

مۇشۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھى مەزمۇنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ يۇقىرىقى قائىدىلىرىنى ئىسپاتلايدۇ.

**90. سوئال: قانداق نىكاھ شەرىئەت ھۆكمىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ؟ نىكاھنىڭ پاسىد (قانۇنسىز) بولماسلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت نېمە؟ نىكاھتىن ئاجرىششىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلىرى نېمە؟**

جاۋاب: نىكاھنىڭ شەرىئەت ھۆكمىدە كۈچكە ئىگە بولۇشى، نىكاھنىڭ شەرىئەت مىزانىغا مۇۋاپىق باغلىنىشى ۋە ھۆكۈمدە بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرتلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1 ـ نىكاھلىنىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە رازى ـ راغىپلىقى ۋە تۇرمۇش قۇرۇشنى چىن كۆڭلىدىن ئىختىيار قىلىشى ۋە «نىكاھنى قوبۇل قىلدىم» دەپ بىۋاستە ئۆز ئاغزى بىلەن ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئۆز رازىلىقىنى ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىشى ئاساسى شەرتتۇر.

---

[47] نىسا سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

2 ـ مەزكۇر ئىقرارغا ئاساسەن نىكاھنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىغا ئەقەللىي (ئەڭ ئاز) بولغاندا ئىككى ئەر كىشى ياكى بىر ئەر، ئىككى خوتۇن كىشىنىڭ (كۆپچىلىكنىڭ) گۇۋاھلىقى ياكى ئەينى ئەھۋالدىن خەۋەردارلىقى شەرتتۇر.

شەرىئەت ھۆكمىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ياكى باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بولغان نىكاھ ۋە نىكاھلىنىدىغان قىز ـ ئوغۇلنىڭ خەۋىرى يوق ياكى رازىلىقى رىغبىتى بولمىغان نىكاھ دۇرۇست بولمايدۇ. ئەگەر قىز نىكاھتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، رەت قىلسا ھەقلىقتۇر. شۇنىڭدەك كۆپچىلىكنىڭ خەۋەردارلىقى (خەۋىرى) بولمىغان ۋە ھېچقانداق گۇۋاھ شاھىدسىز يەڭ ئىچىدە ئۆزى قىلىۋالغان، شەكلىدە زىناغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نىكاھ شەرىئەت ھۆكمىدە كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر. شەرىئەت مىزانىغا مۇۋاپىق تۈزىتىلمىسە، بۇ خىل نىكاھلار پاسىد بولىدۇ (بۇزۇق نىكاھ بولىدۇ). ئەمما ھەققى مېھرى (خوتۇنغا نىكاھ ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان نەق ۋە نېسى تويلۇق) نىكاھنىڭ يوللۇق بولۇشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ئەمەس. بۇ پەقەت قىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەرنىڭ زىممىسىگە بۇيرۇلغان ھەق بولۇپ، ئالدىن تاپشۇرۇلمىغان بولسىمۇ، نىكاھ پاسىد بولمايدۇ. لېكىن قىز تەرەپ ئۆز ھەم تەڭلىرىنىڭ (تەڭتۇشلىرىنىڭ) ئوخشىشىدىكى ھەققى مېھرىنى ھەر قاچان تەلەپ قىلسا ھەقلىقتۇر. ئالدىن توختام قىلىشمىغان بولسا ھەم مۇۋاپىق مىقداردا تۆلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەققى مېھرى شەرىئەت ھۆكمىدە نىكاھنىڭ قوشۇمچە شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى (ئىسلام قانۇنى) قىز ـ ئاياللارنى خارلاشقا ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھۆرمىتىنى ۋە ئىنسانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە مۇھاپىزەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ھوقۇقى

شەرىئەت ھۆكمىدە قىز ـ ئاياللارغا بېرىلگەندۇر. قىز ئەگەر «قوبۇل قىلدىم» دەپ ئىپادە بىلدۈرمىسە، شەرىئەت ھۆكمىدە نىكاھ باغلانمايدۇ. ئەگەر ھەققى مېھرى نىكاھنىڭ ئاساسى شەرتى دېيىلىدىغان بولسا، قىز تېگىشىپ ئالماشتۇرۇلىدىغان مالنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. بۇ چاغدا قىز ـ ئاياللارنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ۋە ئىنسانىي ھۆررىيىتىگە نۇقسان يەتكەن بولىدۇ. بۇ نىكاھنىڭ ھېكمەت ـ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شەرىئەت ھۆكمىدە ھەققى مېھرى ۋە توي رەسمىيەتلىرى نىكاھنىڭ شەرتى ھېسابلانمايدۇ، بەلكى قىز تەرەپنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە نىكاھتىن كېيىن ئەرنىڭ ئائىلىسى بولۇپ قىلىدىغان خىزمەت تۆھپىسى ئۈچۈن شەرىئەت بەلگىلىگەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئالدىن بەدەل تاپشۇرىدىغان ھالال ئەجرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى (ئىسلام قانۇنى) ھەققى مېھرى ۋە توي رەسمىيەتلىرىنىڭ ئەقىلدىن تاشقىرى ئېغىر بولماسلىقىنى، بەلكى ئاددىي، يەڭگىل بولۇشىنى، سەرپىياتى كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانىلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرماسلىقىنى، نورمال تۇرمۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىكىنى بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

قال النبي عليه الصلاة والسلام: {خير النساء أرخصهن مهورا.}

تەرجىمىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى؛ «خوتۇنلارنىڭ ئەڭ ياخشىراقلىرى ئۇلارنىڭ تويلۇق مېھرلىرى يەڭگىلرەك بولغىنىدۇر»[48] يەنى، سالىھە ياخشى خوتۇنلار ھەرگىز ئېغىر

[48] ئىمام ھامىد غازالى، «إحياء علوم الدين»، داۋۇلمەئرىفە نەشرىياتى، بېيرۇت، 4 جىلد، 2. جىلد 40. بەت.

تويلۇق سالماسلىقى كېرەك، دېگەن بولىدۇ.

قىز - ئاياللارنىڭ ئۆز رازىلىقى، ئىختىيارى رىغبىتى بىلەن قانۇنى رەسمىيەت ئاساسىدا ئەرنىڭ ئەقدى نىكاھىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ھالال جۈپتىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنى باشقۇرۇش، ئۇنىڭغا ھاياتى تۇرمۇشتا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇللۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى ئەرگە مەنسۇپتۇر. بۇ ئەرنىڭ خوتۇنىغا بولغان ئائىلىۋى ئىگىدارچىلىقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم قانۇنى مەنپەئەتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىش (تالاق قىلىش) ھوقۇقى ئەرگە بېرىلگەن. ئانداقكى (خۇددى) قىز ياكى قىز تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى «نىكاھنى قوبۇل قىلدىم» دەپ ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرمىسە، ئوغۇل مىڭ قېتىم «ئالدىم» ياكى «قوبۇل قىلدىم» دېگەن بىلەن ئەقدى نىكاھ تىكلەنمىگەندەك، ئەر ئۆز ئاغزى بىلەن ياكى ئۆز قەلەم خەت ئىمزاسى بىلەن «تالاق قىلدىم» دېمىسە، خوتۇن مىڭ قېتىم ئۆزىنى - ئۆزى تالاق قىلماق بىلەن نىكاھتىن ئاجرىمايدۇ.

دېمەك، شەرىئەت ھۆكمىدە نىكاھ ئەڭ مۇھىمى ئاساسەن قىز - ئاياللارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، نىكاھ ھوقۇقى خوتۇنغا (ئايالغا) بېرىلگەندۇر. تالاق (نىكاھتىن ئاجرىشىش) ئارقىلىق ئەر ئۆزىنىڭ بىر نەچچە تەرەپلىمە چوڭ مەنپەئەتى ۋە خوتۇنغا بولغان ئائىلىۋى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە نىكاھ ئۈچۈن تەيىن قىلغان ھەققى مېھرى ۋە باشقا ماددىي سەرپىياتىنىڭ تېگىشلىك خىزمەت بەدىلىدىن ئايرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن تالاق قىلىش (نىكاھتىن ئاجرىشىش) ھوقۇقى ئەرگە بېرىلگەندۇر. مانا بۇ تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر ۋە ئىسلامنىڭ ئادالەت پرىنسىپى مىزانىغا ئۇيغۇندۇر. شۇڭلاشقا ئەر ئۆز خوتۇنىنى تالاق قىلىش ئارقىلىق ئەقدى

نىكاھتا تىكلەنگەن بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزى ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن قىز تەرەپ نىكاھ ۋاقتىدا توختام قىلىشقان تويلۇق ھەققى مېھرىنى تالاق قىلغاندا تەلەپ قىلسا، شەرىئەت ھۆكمىدە قىزغا بۇيرۇلىدۇ. قىز تەرەپ خالىسا ئەردىن ھەممىسىنى تەلەپ قىلىپ ئالسۇن، خالىسا بىر بۆلۈكىنى ئېلىپ، بىر بۆلۈكىنى ئالماي ياكى تامامىنى ئالماي ئۆتنۈۋەتسۇن، قىزنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ.

ھەققى مېھرى شەرىئەت ھۆكمىدە قىزنىڭ دەخلىسىز قانۇنى ھەققىدۇر (ھالال ئەجرىدۇر). نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ (ئايالنىڭ) قوسىقىدا ھامىلىسى بولسا، تۇغۇپ يەڭگىگۈچە ياكى ھامىلىسى يوقلىقى ئېنىقلىنىپ ئىددىتى توشقۇچە قانچە مەزگىل ئۆتسە، يۇقىرىقى ھەققى مېھرىنىڭ سىرتىدا ئەر تەرەپ ئايالنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ جاي قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش نەپىقىسىگە (چىقىمىغا) مەسئۇل بولىدۇ. ئىككى تەرەپ قايتا يارىشىشنى خالىسا، قانۇنى نىكاھ ئارقىلىق ئائىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە بولىدۇ. لېكىن مەزكۇر ئايالنىڭ ئىددىتى پۈتكۈچە باشقا ئەر بىلەن نىكاھلىنىشى دۇرۇست بولمايدۇ. ئەگەر ئەر كىشى ئۆز خوتۇنىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەزكۇر خوتۇن بىلەن تۆتىنچى قېتىم قايتا يارىشىپ نىكاھلىنىش ھوقۇقى بولمايدۇ. دېمەك، ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتى بولغان خوتۇنىنى قەدىرلىمەي ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۈچ قېتىم ئەقدى نىكاھدىن جۇدا قىلىپ تالاق قىلغاندىن كېيىن قايتا يارىشىش ھوقۇقى چەكلەنگەندۇر. مۇبادا تەھلىلسىز[49]

[49] <ھالال قىلماي تۇرۇپ> دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، باشقا بىر ئەر بىلەن نىكاھلىنىپ، نورمال شەرتلەر ئىچىدە كېيىن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ دەسلەپكى ئېرى بىلەن قايتا نىكاھلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

(قايتا) ياراشسا (ئۇ نىكاھ) نىكاھ بولمايدۇ (ھېسابلانمايدۇ). بەلكى مەزكۇر خوتۇن ئۆز ئەركىن ئىختىيارى بىلەن باشقا ئەرگە تۇرمۇشقا چىقىشقا ھەقلىقتۇر. مەزكۇر خوتۇن ئىككىنچى تۇرمۇشقا چىققان ئەردىن ئۆزى ئاجراشمىسا، ئەۋۋەلقى (دەسلەپكى) ئەرنىڭ ھېچقانداق تەلەپ قويۇشىغا ۋە مۇداخىلە قىلىشىغا شەرئەت ھۆكمىدە يول يوقتۇر. بۇنداق بولۇشى قىز ـ ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىپ خارلىشىغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەتتۇر.

### 91. سوئال: قانداق كىشىلەر ئارىسىدا نىكاھلىنىش راۋا (جائىز) بولىدۇ؟ قانداق كىشىلەر ئارىسىدا راۋا (جائىز) بولمايدۇ؟

جاۋاب: «نىكاھلىنىش دۇرۇست بولمايدۇ دەپ قۇرئاندا ئوچۇق بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى چەكلىمىلەردىن باشقا بىر ـ بىرىگە كۆپۈۋ كېلىدىغان (قۇرۇلمىدا تەڭ كېلىدىغان) ھەر قانداق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان ئۆز رازىلىقى ۋە ئىختىيارى بويىچە كامىل ئىككى گۇۋاھچى خەۋەر تاپقان شەرت ئاستىدا بىر ـ بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى دۇرۇست بولىدۇ. ئەنە شۇنداق نىكاھ بىلەن بولغان جىنسىي مۇناسىۋەت ھالال ۋە يوللۇقتۇر. لېكىن نىكاھسىز بولغان ھەر قانداق جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە نىكاھ دۇرۇست بولمايدىغان ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت شەرئەت ھۆكمىدە ھەرقاچان ئوچۇق ھارام ۋە يولسىزدۇر. بىر ـ بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى قۇرئاندا «ھارام» دەپ چەكلەنگەن، نىكاھ دۇرۇست بولمايدىغان كىشىلەر:

1 ـ كىشىنىڭ نىكاھىدىكى ياكى ئىددەت ئىچىدىكى خوتۇنلار بىلەن نىكاھ راۋا (جائىز) بولمايدۇ.

2 ـ ئاتا ـ ئانا، ئەجدادلار ئۆز ئەۋلاد ـ ئەۋلادلىرى بىلەن ياكى ئەۋلادلار ئۆز ئەجدادلىرى بىلەن نىكاھلىنىشى راۋا (جائىز) بولمايدۇ.

3 ـ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىلىپ ـ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرى بىلەن ئەۋلادلىرىنىڭ، ياكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلىپ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرى بىلەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نىكاھلىنىشى دۇرۇست بولمايدۇ.

4 ـ ئۆزىنىڭ نەسەب جەھەتتىكى ياكى ئىملىدەش جەھەتتىكى تاغىلىرى ۋە هاممىلىرى بىلەن نىكاھ راۋا (جائىز) بولمايدۇ.

5 ـ ئۆزىنىڭ نەسەب ياكى ئىملىدەش جەھەتتىكى بىر تۇغقانلىرى بىلەن نىكاھ راۋا (جائىز) بولمايدۇ.

6 ـ سۈت بەرگۈچى (سۈت ئانىسى) تەرەپتىكى ئىملىدەش بىر تۇغقانلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەندىكى ھېچقانداق بىر تۇغقانلىرى بىلەن، يەنە (سۈت) ئەممىگەن بىر تۇغقانلىرى (دادا بىر تۇغقانلىرى) بىلەنمۇ نىكاھ راۋا (جائىز) بولمايدۇ. لېكىن سۈت بەرمىگەن خاسلام سۈت ئەمگەن تەرەپنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەر بىلەن نىكاھ هارام بولمايدۇ.

7 ـ ئۆز خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئۆگەي بالىسى بىلەن (ئەرنىڭ ئۆگەي قىزىنى ئېلىشى، ئايالنىڭ ئۆگەي ئوغلىغا تېگىشى) ياكى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ تاغىلىرى ۋە هاممىلىرى بىلەن نىكاھ راۋا (جائىز) بولمايدۇ. ئىككى بىر تۇغقاننى (تەڭلا بىر ۋاقىتتا نىكاھىغا) ئېلىش راۋا (جائىز) بولمايدۇ.

8 ـ ھەرقانداق مۇسۇلمان ئەر ـ ئايالنىڭ يەنە بىر مۇشرىك (بۇتپەرەس) بىلەن نىكاھلىنىشى دۇرۇست بولمايدۇ.

9 ـ هەر قانداق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان ئىسلام دىنىغا زىت بولغان هەر خىل دىندىكى هەر تەبىقە كۇپپارلار (كافىرلار) بىلەن ياكى ئاللاهنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن ياكى ئىسلام دىنىدىن قايتىپ مۇرتەد بولغانلار بىلەن نىكاھلىنىشى دۇرۇست بولمايدۇ.

10 ـ كىتابىلار (ئەھلى كىتابلار) مەسىلەن، يەهۇدىي ۋە ناسارالارغا (خرىستىئانلارغا) قىز بېرىش دۇرۇست بولمايدۇ. لېكىن زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلاردىن قىز ئېلىش دۇرۇست بولىدۇ. بۇنىڭدىكى هېكمەت، ئەھلى ئىسلام ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك هاياتىنى پاك، ساغلام مۇهاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەت.

**92. سوئال: شەرىئەت هۆكمىدە تالاقنىڭ (نىكاهتىن ئاجرىششىنىڭ) قائىدىسى قانداق؟ تالاق قىلىنغۇچى ئاياللارنىڭ ئىددەت تۇتۇش قائىدىلىرى قانداق؟**

جاۋاب: هەر بىر مۇكەللىپ (قانۇنى جاۋابكارلىق يۈكلىنىدىغان) مۇسۇلمان ئەر ئۆزىنىڭ نىكاھىدىكى خوتۇنىنى ئېغىز ياكى خەت ئارقىلىق «تالاق قىلدىم» (قويدۇم سېنى) دېسە ياكى شۇ مەزمۇننى ئىپادە قىلىدىغان كىنايە سۆزنى ئېيتسا، شەرىئەت هۆكمىدە بىر تالاق ئىسپاتلىنىدۇ (هېسابلىنىدۇ) مەزكۇر خوتۇن ئۇ ئەرنىڭ نىكاھىدىن جۇدا بولۇپ، ئۆز ئىختىيارى ئۆز قولىغا ئۆتىدۇ. گۇۋاهچى هازىرلاپ ئۇ خوتۇنىنىڭ (ئايالىنىڭ) قوبۇل قىلىشى بىلەن قايتا نىكاه قىلىنمىغۇچە ئۆزئارا جىنسىي مۇناسىۋەت (ئۆتكۈزۈش) دۇرۇست بولمايدۇ. چۈنكى ئەر ئۆز خوتۇنىغا بولغان ئائىلىۋى ئىگىدارچىلىقتىن ئىبارەت نىكاھ بىلەن باغلانغان هوقۇقنى ئۆزى بىكارچى قىلدى. خوتۇنىنىڭ (ئايالىنىڭ) نىكاھىدىن ئىلگىرىكى ئائىلىۋى ئەركىنلىك هوقۇقى ئۆز قولىغا كەلدى. شۇڭلاشقا تالاق قىلغۇچى ئەرنىڭ ئول خوتۇنىنى (قويۇۋەتكەن ئايالىنى) قايتا

نىكاھسىز باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەتتىكى ھالاللىقنىڭ ئاساسى بولغان نىكاھنى ئەرنىڭ ئۆز ئىقرارى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ھالاللىقنىڭ ئاساسى بولغان ئۇ ئەسلىگە كەلمىگىچە ئەر ـ خوتۇنچىلىق جىنسىي مۇناسىۋەت شەرىئەت ھۆكمىدە ھارام بولىدۇ.

تالاق قىلىنغۇچى ئايالنىڭ قورسىقىدا تالاق قىلغۇچى ئەرنىڭ نەسلىدىن ھامىلىسى (بالىسى) بار ـ يوقلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئەگەر ئەر بىلەن ئايال پۇشايمان قىلسا، قايتا يارىشىپ ئائىلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت قالدۇرۇش ۋە خوتۇن ئېرى بىلەن ئىلگىرى بىر ئائىلە بولۇپ ياشىغان ئەرنىڭ ھالال روزىگارلىق قانۇنى ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئاندا تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئىددەت تۇتۇشنى خوتۇنلار ئۈچۈن ئالاھىدە پەرز قىلىپ بەلگىلىدى. (ۋە) مەزكۇر ئىددەت جەريانىدا خوتۇننىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، ئولتۇراق ئۆي، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق بارلىق زۆرۈر تۇرمۇش نەپىقىسىگە ئېھتىياجلىق چىقىم سەرپىياتىغا ئەر مەسئۇل بولىدۇ. ئىددەت تۇتۇش قائىدىسى:

1 ـ ئادەت كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ ھەيز كۆرسە توگەيدۇ. دېمەك، ئايالنىڭ تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگەنلىكى بىلەن ھامىلىدار ئەمەسلىكى چوقۇم ئىسپاتلىنىدۇ. تالاق قىلغان ئەر بۇ مۇددەت ئىچىدە نىكاھنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرمىسە، ئايال باشقا ئەرگە چىقىشقا (تېگىشكە) ھەقلىقتۇر.

2 ـ ئەرگە تېگىپ تېخى ئادەت كۆرمىگەن ياكى ئادەتتىن قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى تالاق قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئايدۇر. ئەگەر بۇ مۇددەت ئىچىدە قورساقتا ھامىلىسى

(بالىسى) بارلىقى مەلۇم بولمىسا ۋە تالاق قىلغان ئەر نىكاھنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرمىگەن بولسا، مەزكۇر ئايالنىڭ ئىددىتى توشقانلىقى ئۈچۈن باشقا ئەرگە نىكاھلىنىشقا ھەقلىقتۇر.

3 - ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى قورساقتىكى ھامىلىسى (بالىسى) تۇغۇلغاندىن كېيىن توشىدۇ. تالاق قىلىنغاندىن كېيىن مەيلى قىسقا، مەيلى ئۇزۇن قانچىلىك ۋاقىتتا تۇغسا، تۇغۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئالدىنقى ئەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى تۈگەپ ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. قايتا نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياراشمىسا، مەزكۇر ئايال باشقا ئەر بىلەن نىكاھلىنىشقا ھەقلىقتۇر. مەزكۇر ئايال ئەرنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىشنى ئىختىيار قىلسا، ئەر مۇۋاپىق (مىقداردا) سۈت ھەققى تۆلەيدۇ.

4 - ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئىددىتى 4 ئاي 10 كۈندۇر. ئەگەر قورسىقىدا ھامىلىسى (بالىسى) بولسا، 4 ئاي 10 كۈندىن ئۇزۇندا (كېيىن) تۇغسا، قانچە ئۇزۇن مۇددەت ئۆتسۇن، تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئىددىتى توشىدۇ. ئەگەر 4 ئاي 10 كۈندىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۇغسا، 4 ئاي 10 كۈن ساق تولغاندىن كېيىن مەزكۇر ئۆلۈپ كەتكەن ئەرنىڭ ئىددىتى توشۇپ ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بولىدۇ، باشقا ئەرگە تېگىشكە ھەقلىقتۇر.

ئەگەر ئاياللار يۇقىرىقى بەلگىلىمە ئىچىدىكى ئىددەت مۇددىتى توشمىغۇچە باشقا ئەرگە تەگمەكچى بولسا، شەرىئەت ھۆكمىدە ئالدىنقى ئەر تەرەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھەقلىقتۇر. بۇ بولسا، ئەر - ئاياللارنىڭ ۋە تۆرىلىدىغان ئەۋلاد پەرزەنتلەرنىڭ ئىنسانىي ھۆرمىتى، ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىناۋىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر، بۇنىڭغا بارلىق مۇسۇلمان ئەر - ئاياللار قاتتىق رىئايە قىلىشى لازىم.

**93. سوئال: مىراس ھۆكۈملىرى قانداق؟ مىراس ھەققىدە قۇرئاندا خۇلاسە قىلىنغان مەسىلىلەر قايسى؟**

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتىدە (ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ـ تەلەپ ۋە قانۇن نىزاملىرىدا) مىراس ھۆكمىدە ئومۇمىي ئەھۋال نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئادالەت مىزانىدا ھەققانىي ئوچۇق كۆرسەتكۈچلەر بەلگىلەنگەندۇر. ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ۋە بارلىق ۋارىسلارنىڭ مىراس قىسمىتىگە ۋە تېگىشلىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ۋە مىراس قالدۇرغۇچىغا بولغان مىراسقا ھەقلىق بولۇشتىكى ۋارىسلىق يېقىن ـ يىراقلىق قارابەت (تۇغقانلىق) ئورنىغا ۋە ئەقلىگە مۇۋاپىق توغرا ئېتىبار بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ھەر قانداق دەۋرنىڭ مۇۋاپىق (ئۆزىگە خاس) مىراس تۈزۈملىرىنى رەت قىلىدۇ. قۇرئاندا خۇلاسە قىلىنغان مىراس مەسىلىلىرىنى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ چىقسا، ئەلۋەتتە، ئىسلام شەرىئىتىدىكى مىراس ھۆكمىنىڭ غايەتتە ئەڭ توغرىلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. قۇرئاندا مىراس ھەققىدە نازىل بولغان تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ:

قال الله تعالى: ﴿لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ نَصِيبًا مَفْرُوضًا﴾

تەرجىمىسى: «ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلاردىن ئەر ۋارىسلار ئۈچۈنمۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن ئالاھىدە نېسىۋە (ھەسسىسى) باردۇر. ئايال ۋارىسلار (مىراس ئالغۇچىلار) ئۈچۈن ھەم ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلاردىن ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئالاھىدە نېسىۋە (ھەسسىسى)

باردۇر. قالدۇرغان مىراس مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى (ياكى) كۆپ بولسۇن، ئۇ ئوغۇل ۋە قىز ۋارىسلارنىڭ ھەرقايسىسىغا شەرىئەت توختام قىلغان بەلگىلىك نىسۋە (ھەسسە) باردۇر. مەيلى ئەر مەيلى ئايال ھېچقانداق ۋارىسنى چەتكە قېقىپ مىراستىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ.»[50]

قال الله تعالى: ﴿يُوصِيكُمُ اللَّهُ فِي أَوْلَادِكُمْ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنْثَيَيْنِ فَإِنْ كُنَّ نِسَاءً فَوْقَ اثْنَتَيْنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَ وَإِنْ كَانَتْ وَاحِدَةً فَلَهَا النِّصْفُ وَلِأَبَوَيْهِ لِكُلِّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا السُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِنْ كَانَ لَهُ وَلَدٌ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ وَلَدٌ وَوَرِثَهُ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ الثُّلُثُ فَإِنْ كَانَ لَهُ إِخْوَةٌ فَلِأُمِّهِ السُّدُسُ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِي بِهَا أَوْ دَيْنٍ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ لَا تَدْرُونَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ لَكُمْ نَفْعًا فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾

تەرجىمىسى: «ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ سىزلەرگە ۋارىسلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا سىزلەرگە (شۇنى) تاپىلايدۇ (تەۋسىيە قىلىدۇ): بىر ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قىزنىڭ مىراس نېسىۋىسى (ھەسسىسى)نىڭ ئوخشاش مىقدارى مىراس تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، پەس ئەگەر بولسا ئۇل ۋارىسلار پەقەت ئايالىلارلام (ۋارىسلار قىز ۋارىسلارلام بولۇپ) ئىككىدىن زىيادە ۋارىس بولسالار (ئەر ۋارىس بولمىسا)، پەس ئۇل ئايال ۋارىسلار ئۈچۈندۇر قېپقالغان بارلىق مىراسنىڭ

[50] نىسا سۈرىسى 7- ئايەت.

ئۈچتىن ئىككى قىسمى (ھەسسىسىنى ئالىدۇ). ئەگەر ئۇل ۋارىسلار بىر قىزلا بولسا، پەس ئۇل تەنھا قىزغا تېگىشلىكتۇر ئومۇمىي (قالغان) مىراسنىڭ يېرىمىنى. ئەگەر مېيىتنىڭ ئوغۇل بالىسى بولغان بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەربىرىگە ئومۇم مىراسنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى تېگىشلىكتۇر.. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇل بالىسى بولمىسا، ئۇنىڭغا (مىراسقا) ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىلا ۋارىس بولۇپ قالغان بولسا، ئانىسىغا ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تېگىشلىكتۇر (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ بىر تۇغقانلىرى بولسا، ئانىسىغا ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدەن بىر قىسمى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلغان ۋە كىشىلەرگە بېرىشكە تېگىشلىك قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمى ئاندىن مىراس ھېسابىدا يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن توختام بويىچە ۋارىسلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلىرىڭلار (ياكى) پەرزەنتىڭلار بولسۇن، بۇلارنىڭ قايسىبىرى سىزلەرگە مەنپەئەت جەھەتتىن يېقىنراق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر (بەلكى ئاللاھ تائالا ياخشىراق بىلىدۇ)، مىراس ھەققىدە ئالاھىدە مۇئەييەن كۆرسەتكۈچلەر (قائىدىلەر) ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەندى، مۇستەھكەم تۇتۇشۇڭلار كېرەك. جەزمەن ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلگۈچى، ھەر ھۆكۈم قىلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە ھېكمەت ـ پەلسەپەسىنى تولۇق بىلىپ ھۆكۈم قىلغۇچى بولغان زاتتۇر.»[51]

قال الله تعالى: ﴿وَلَكُمْ نِصْفُ مَا تَرَكَ أَزْوَاجُكُمْ إِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُنَّ وَلَدٌ فَإِنْ كَانَ لَهُنَّ وَلَدٌ فَلَكُمُ الرُّبُعُ

[51] نىسا سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

مِمَّا تَرَكْنَ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِينَ بِهَا أَوْ دَيْنٍ وَلَهُنَّ
الرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِنْ لَمْ يَكُنْ لَكُمْ وَلَدٌ فَإِنْ كَانَ
لَكُمْ وَلَدٌ فَلَهُنَّ الثُّمُنُ مِمَّا تَرَكْتُمْ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ
تُوصُونَ بِهَا أَوْ دَيْنٍ وَإِنْ كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَالَةً أَوِ
امْرَأَةٌ وَلَهُ أَخٌ أَوْ أُخْتٌ فَلِكُلِّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا السُّدُسُ
فَإِنْ كَانُوا أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ فَهُمْ شُرَكَاءُ فِي الثُّلُثِ مِنْ
بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصَى بِهَا أَوْ دَيْنٍ غَيْرَ مُضَارٍّ وَصِيَّةً مِنَ
اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٌ﴾

تەرجىمىسى: «ئۇلار تاپىلىغان ۋەسىيىتىنى ۋە قەرزىنى ئادا قىلىغاندىن كېيىن ۋە سىزلەر قالدۇرغان نەرسىلەرنىڭ (مىراسلارنىڭ) ئۇلارغا ۋارىس بولىدىغان بالىسى بولمىسا، سىزلەرنىڭ خوتۇنىڭلار قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلارنىڭ يېرىمى سىزلەرگە تېگىشلىكتۇر. ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، پەس (بۇ چاغدا) خوتۇنىڭلاردىن قالغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىشلىكتۇر. (بۇ تەقسىمات) ئۇلار (ئۆلگۈچىنىڭ) تاپىلىغان ۋەسىيىتىنى ياكى قەرزىنى ئادا قىلىغاندىن كېيىن (ئورۇنلانغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ). ئەگەر سىلەر ئۈچۈن ۋارىس بولىدىغان بالاڭلار بولمىسا، سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئول خوتۇنلىرىڭلارغا (ئاياللىرىڭلارغا) تېگىشلىكتۇر. ئەگەر بالاڭلار بولسا، ئول خاتۇنلار ئۈچۈن (ئاياللار ئۈچۈن) بارلىق سىزلەردىن قالغان نەرسە (مىراسلارنىڭ) سەككىزدىن بىرى تېگىشلىكتۇر. سىزلەر تاپىلىغان ۋەسەيىتىڭلارنى ياكى قەرزلىرىڭلارنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن (بۇ ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتى ياكى قەرزى ئورۇنلانغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ). ئەگەر ھەرقانداق ئەر

ياكى ئايال ۋارىس قىلىنغان بولسا، كەلالەگە (مەيىتنىڭ دادىسى ۋە ئوغۇللىرى بولمىغان بولسا) ۋە ئۇنىڭ ۋارىس بولۇش ئۈچۈن (دادا باشقا، ئانا بىر) ئوغۇل بىر تۇغقىنى ياكى قىز بىر تۇغقىنى بولسا، ئۇچاغدا ئۇلاردىن ھەر بىرىگە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى تېگىشلىكتۇر. پەس ئەگەر بولسالار ئۇل ۋارىس بولغۇچى بىر تۇغقانلىرى شۇ ئىككىيلەندىن كۆپرەك (ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ قېرىنداشلىرى جىق بولغان بولسا)، پەس (بۇ چاغدا) ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى شېرىك ئالىدۇرلار (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ). (بۇ تەقسىمات) ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسىلىرىنى (ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتىنى) ياكى قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ (تۆلىنىپ) بولغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىدۇ (ئېلىپ بېرىلىدۇ). ھېچ (بىر) تەرەپ زەرەرگە (زىيانغا) ئۇچرىتىلمىغان ھالەتتە تەقسىم قىلىنىشى شەرت (كېرەك). مىراس ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن سىلەرگە تاپىلىغان بۇ ۋەسىيىتىنى (تاپشۇرۇقنى) مۇستەھكەم تۇتۇشۇڭلار كېرەك. ئۇل ئاللاھ تائالا ئەڭ بىلىملىك (ھەممىنى بەك بىلگۈچى) ۋە ئەڭ ماھىر (مېھرىبان) زاتتۇر.»[52]

قال لله تعالى: ﴿يَسْتَفْتُونَكَ قُلِ اللَّهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلَالَةِ إِنِ امْرُؤٌ هَلَكَ لَيْسَ لَهُ وَلَدٌ وَلَهُ أُخْتٌ فَلَهَا نِصْفُ مَا تَرَكَ وَهُوَ يَرِثُهَا إِنْ لَمْ يَكُنْ لَهَا وَلَدٌ فَإِنْ كَانَتَا اثْنَتَيْنِ فَلَهُمَا الثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَ وَإِنْ كَانُوا إِخْوَةً رِجَالًا وَنِسَاءً فَلِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنْثَيَيْنِ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ أَنْ تَضِلُّوا وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

[52] نىسا سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

تەرجىمىسى: «سورايدۇ ئۇل خالايىقلار سەندىن ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام!ئۇنىڭ جاۋابىدا ئېيتقىن ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئاللاھ تائالا سىزلەرگە شۇنداق پەتىۋا بېرىدۇ تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان مۇشۇ «كەلالە» مەسىلىسىدە (كەلالە يەنى ئاتىسى ۋە بالىسى بولمىغان مېيىتنىڭ مىراسى توغرىسىدا سەندىن پەتىۋا سورايدۇ، سەن ئۇلارغا كەلالە توغرىسىدا جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى)؛ ئەگەر بىرى ھالاك بولسا (بىر كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسا)، ئۇنىڭغا ۋارىس بولىدىغان بالىسى بولمىسا (ئۇنىڭ بىرىنچى خىل ۋارىسى (يەنى بالىسى) بولمىسا)، ھالبۇكى ئۇ كىشىنىڭ يالغۇز ئايال بىر تۇغقىنى باردۇر (پەقەت ئايال بىر تۇغقىنى بولغان بولسا)، ئۇل بىراۋدىن (ئۇ مىراسچىدىن) قالغان مىراسنىڭ يېرىمى ئۇل ئايال بىر تۇغقىنى ئۈچۈن تېگىشلىكتۇر (ئۇ ئايال مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ). ئۇل كىشى ۋارىس بولىدىغان بولسا، ئۇل قىز بىر تۇغقىنىغا، ئەگەر ئۇل قىز بىر تۇغقىنى ئۈچۈن ۋارىس بولىدىغان بالىسى بولمىغان بولسا (ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بولمىغان بولسا، ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ). پەس ئەگەر ئۇل كىشىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئايال بىر تۇغقىنى بولغان بولسا، پەس ئۇلار ئۈچۈن ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تېگىشلىكتۇر (ئەگەر ئەرنىڭ ئىككى ئايال بىر تۇغقىنى بولغان بولسا، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ). ئەگەر بولسا ئۇل ۋارىس بولغۇچى بىر تۇغقانلار، ئەر - ئايال بىر نەچچە كۆپ كىشىلەر، پەس ھەر بىر ئوغۇل ۋارىس بىر تۇغقان ئۈچۈن ئىككى قىز ۋارىس بىر تۇققاننىڭ نېسىبىسىنىڭ ئوخشىشى تېگىشلىكتۇر (ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولغان بولسا، بىر ئوغۇل ۋارىسقا ئىككى قىز ۋارىس بىر تۇغقاننىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ). ئاللاھ تائالا ئوچۇق بايان قىلىۋاتىدۇ سىزلەرگە مۇشۇ ھۆكۈمنى مىراس مەسىلىسىدە، ناھۆۋاپىق قىسمەت (تەقسىم) قىلىپ ئېزىپ

كېتىش ئېھتىماللىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن (سىلەرگە مىراس مەسىلىسىدە نامۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ ئېزىپ كېتىش ئېھتىماللىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن مىراس مەسىلىلىرىنى مۇشۇ نىداق ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ). ۋە ئۇل ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئەھۋال ئەسرارىنى بەك بىلگۈچى زاتىدۇر.»[53]

مىراس مەسىلىسىنىڭ بارلىق قىسمىدا ئالدىن ئۇ ۋاپات بولغۇچى كىشىنىڭ ئۆز ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرگە بېرىشىنى تاپىلىغان ۋەسىيەتلىرىنى( ئالدى بىلەن) مۇۋاپىق ئادا قىلىنىدۇ ۋە كىشىلەرگە تۆلەيدىغان ھەممە قەرزلىرى گۇۋاھ، ئىسپاتلىق ھالدا تولۇق ئادا قىلىنىدۇ. ئېشىپ قالغان ھەممە نەرسىسى يۇقىرىقى مىراس ئايەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن نىسبەت بويىچە ۋارىسلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا(نىڭ) بىر ئوغۇل ۋارىس ئۈچۈن ئىككى قىز ۋارىسنىڭ نېسىۋىسى بەرابىرىنىدە مىراس بەلگىلىشىدىكى ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قىز بالىغ (توي قىلىش يېشى) بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەجرى - مېھنىتى ئۆز ئېرىنىڭ ئائىلىسىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ نەپىقىسى ھەم ئەرنىڭ ئۆيىدىن تەمىنلىنىدۇ. شەرىئەتتە قىزنىڭ گەدىنىگە ھېچقانداق نەپىقە ۋە باشقا چىقىملار بەلگىلەنگەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئىگىلىكىگە ئۆتكەن مىراس ئۇنىڭ ئۈچۈن ساپ جۇغلانما بولىدۇ. لېكىن ئوغۇل ۋارىس ئۆز خوتۇن - بالىلىرىنىڭ نەپەقاتىغا (چىقىمىغا) ۋە ئۆز تەمىناتىغا مەسئۇل بولۇپ، كۆپ چىقىمدار بولىدىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ئوغۇلنىڭ ئەجرى - مېھنىتى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قىزدىن كۆپرەك سەرپ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق (مۇشۇنىڭغا ئوخشاش) بىر نەچچە تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاللاھ تائالا ئوغۇل ۋارىسقا قىزدىن

[53] نىسا سۈرىسى 176 - ئايەت.

بەرابەر ئارتۇق (بىر ھەسسە ئارتۇق) مىراس بەلگىلىدى. قىز ۋارىسقا ئوغۇل ۋارىسنىڭ يېرىم مىقدارى مىراس ئايرىلىشىمۇ، يۇقىرىقى ئېتىبار بىلەن يەنە ماھىيەتتە ئەردىن ئارتۇقراق نېسىۋىگە (ھەسسىگە) ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ ھەرگىز قىزنىڭ مەنپەئەتىنى تۆۋەنلىتىش ئەمەس، بەلكى ماھىيەتتە قىزغا زىيادە ئېتىبار بېرىلگەنلىكتۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدە قىزلار مىراستىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىناتتى ۋە باشقا تەقسىماتلار ھەم نامۇۋاپىق ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك شارابىتى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نامۇۋاپىق مىراس تۈزۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇرئان تەلىماتى بويىچە ئىسلام شەرىئىتى ئاياللارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىگە ئالاھىدە چوڭ ئېتىبار بەرگەندۇر (بەلگىلىدى).

دېمەك، ئىسلام شەرىئىتىدىكى مىراس تۈزۈمى ئەڭ توغرا، ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر ۋە ئادالەت مىزانىغا ئۇيغۇندۇر. ھەرخىل دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە (ئىسلام قانۇنىدا) كۆرسىتىلگەن مىراس تۈزۈمىگە قارىتا تارقاتقان ھەرخىل پىتنە - ئىغۋا، يالغان ئويدۇرما تۆھمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسسىزدۇر. يامان غەرەز بىلەن ئېيتىلغان قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئۇلار ئىلمىي ھەقىقەت ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

**94. سوئال: ئىسلام شەرىئىتىدە سودا - تىجارەت ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنىڭ ھالال - ھاراملىقى نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟**

جاۋاب: كىشىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تەمىنلەشنى، ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئوخشاش مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلغان،

ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي ھاياتى ئۈچۈن ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بولغان، ھەر ئىككى تەرەپ تەبىئىي ھالدا ئۆز رازىلىقى بىلەن پۈتۈشكەن، بىر تەرەپ ئىككىنچى تەرەپكە ئۇنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل شەكىلدە زىيان ئۇرمايدىغان ھەرقانداق ئادىل ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق سودا ـ تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر ئىسلام شەرىئىتىدە ھالال ۋە نورمال توغرا كەسىپلەر جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ھالاللىق ئەسلى، كېيىن قايتىدىن پاسىد بولۇپ (بۇزۇلۇپ)، ھارامغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇئامىلە جەريانىدا راستلىق ـ ئادىللىق ۋە مۇئامىلىنىڭ ئەينى ماھىيىتىنى ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئوچۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىشى ۋە كېيىنچە ئىختىلاپ تۇغدۇرماسلىقى شەرتتۇر.

يۇقىرىقى ئۆلچەمنىڭ ئەكسىدىكى ھەرقانداق سودا ـ تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر قۇرئان ھۆكمى بويىچە ئىسلام شەرىئىتىدە دۇرۇست بولمايدۇ. بەلكى رىبا (جازانىخورلۇق)، ھارام ۋە نامۇۋاپىق يامان گۇناھ ئىشلار جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى شەرىئەتتە باتىلدۇر (كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر). ھەرقانداق سودا مۇئامىلە جەريانىدا راستلىق، ئادىللىق بولماي، يالغان ۋە ساختا ئارىلاشقان ۋە ئەينى ماھىيەت ئېنىق مۇئەييەنلەشمەي مۇنازىرە ۋە ئىختىلاپقا ئورۇن قالغان بولسا، مۇنداق سودا مۇئامىلىلەر شەرىئەتتە پاسىدتۇر. ئەگەر (بۇ جەرياندا) بىر تەرەپنىڭ پىكرى تۇغۇلسا، (سودا) شەرئەن بۇزۇلىدۇ.

سودا ـ تىجارەت ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر جەھەتتىكى تەپسىلىي مەسىلىلەرنىڭ دۇرۇت ياكى دۇرۇست ئەمەسلىك ھۆكمىنى قۇرئان، ھەدىس كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ھەر زاماندىكى ئالىم مۇجتەھىدلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسلى قائىدە بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرگەندۇر. بۇندىن كېيىن ھەم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇلغان

ھالدا، يۇقىرىقى ئەسلى قائىدە بويىچە ھەر زاماندا ئىجتىھادىي يول بىلەن جانلىق ھالدا تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، شەرىئەتتە يوللۇقتۇر. ئىجتىمائىي ئەھكام جەھەتتىكى ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ئەسلى قائىدىدىن چەتنەپ كەتمىسلا، ھەربىر دەۋر ـ زاماننىڭ ئومۇمىي شارائىتىگە مۇۋاپىق ئىجتىھادىي ئاساستا ھەل قىلىشقا شەرىئەتتە ئوچۇق يول باردۇر. «الأحكام يتغير بتغير الزمان»[54]نىڭ مەھەللىي مەئمۇلى (قوللىنىش يېرى) شۇنىڭدىن ئىبارەت.

**95. سوئال: ئىسلام شەرىئىتىدە «رىبا» (جازانە) شەكىللىنىدىغان ۋە ھارام ھېسابلىنىدىغان سودا ـ تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: (تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت):

1 ـ ئېغىر ئېلىپ، يېنىك سېتىش (يەنى ۋەزىن ۋە ئۆلچەمدە پايدا ئېلىش، ئىككى خىل ئۆلچەم تۇتۇش).

2 ـ قەرز بېرىپ ئۆسۈم ئېلىش. دېمەك، قەرز بەرگۈچى قەرزداردىن قايسىي (ھەرقانداق) ئۇسۇلدا پايدا ئالسا بولمايدۇ.

3 ـ رەھنىگە پۇل بېرىپ، مۇددەتلىك بالا پىرسەنت ئېلىش (يەنى ھاجەتمەنلەردىن ھەرخىل گۆرە (يول) بىلەن پايدا ئېلىش).

4 ـ ئاشلىقنى ئاشلىققا نېسى تېگىشىش.

[54] بۇ ئۇسۇلى فىقھ قائىدىسى بولۇپ، مەنىسى «ھۆكۈملەر زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ» دېگەن بولىدۇ. بارلىق مەزھەپلەر بۇ ھەقتە ئوخشاش پىكىردە. مۇستاپا زۇھەيلى، «ئەلقاۋادۇل پىقھىيە ۋە تەتبىقىھا»، دارۇل پىكر نەشرىياتى، دەمەشىق 2006، 2 جىلد، 1. جىلد، 355. بەت.

5 ـ ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق ھەرخىل پۇل سىستېمىسىدىكى نەرسىلەرنى نېسى تېگىشىش.

6 ـ سودا ۋاقتىدا مەۋجۇت بولمىغان نامەلۇم نەرسىگە پۇل بېرىش ۋە پۇل ئېلىش. مەسىلەن، پىشمىغان بۇغداي ۋە تۇغۇلمىغان قوزىغا پۇل ئالغانغا ئوخشاش.

7 ـ ئۆز ئىلكىدە يوق نەرسىگە ئالدىن زاكاز قوبۇل قىلىپ پۇل ئېلىش. مەسىلەن: تېخى تىكمىگەن ئاياققا، دۇكانغا تارقىتىلمىغان ماتاغا پۇل ئالغانغا ئوخشاش.

8 ـ ئامانەت ياكى ئارىيەت نەرسىدىن ئۆز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئامانەت ساقلىغۇچى ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىش.

9 ـ ئامانەت ياكى ئارىيەت بېرىلگەن نەرسىنى ساقلىغۇچى كىشى (ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنى) باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىش.

10 ـ سودا مۇئامىلىدە ئالغان ئەسلى باھاسىنى ئوشۇق مەلۇم قىلىپ پايدىسىغا سېتىش.

11 ـ بىر ئايدىن تۆۋەن مۇددەتتە پۈتىدىغان مالغا، ئالدىن زاكاسقا پۇل ئېلىش ۋە پۇل بېرىش.

12 ـ سورتى تۆۋەن ياكى جا (ساختا) مالنى راست مالغا ئارىلاشتۇرۇپ سېتىش.

13 ـ سورتى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار مالنى ماختاپ يۇقىرى باھا قويۇپ سېتىش.

14. ھەر قانداق سودا ـ تىجارەتتە ئەقىلدىن تاشقىرى بەك يۇقىرى پايدا ئېلىش.

15 ـ نەشە، ئەپيۈن، ھاراق قاتارلىق ھارام نەرسىلەر بىلەن

ئېلىم ـ سېتىم قىلىش.

16 ـ قەرزدارغا شەرت قويۇپ ھەرخىل شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇل بىلەن پايدا ئېلىش.

17 ـ مېتىر، تارازا، كەمچى (كەمچەن) قاتارلىق ھەرخىل ئۆلچەملەردە كەم ـ زىيادە قىلىپ پايدا ئېلىش قاتارلىق سودا مۇئامىلە تۈرلىرى شەرىئەتتە دۇرۇست بولمايدۇ. چۈنكى يۇقارقىلار ھەر گىز ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي ھاياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان سودا مۇئامىلىلەر ئەمەسدۇر.

**96. سوئال: قۇرئان تەلىماتىغا ئاساسەن بارلىق ئەھلى ئىسلام (مۇسۇلمانلار)نىڭ ئۆزئارا مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولۇشى لازىم؟**

جاۋاب: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ھەرقانداق مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرى شەرىئەت ھۆكمىدە ھەقىقىي ئىناقلىق ۋە دىن قېرىنداشلىق ئاساسىدىكى بىرلىك ـ باراۋەرلىك ۋە ئىنسانىي تەڭ ھوقۇقلۇق ئۇستىگە قۇرۇلۇشى لازىمدۇر. ئەھلى ئىسلام ئۆز ئارا دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى ۋە بىر ـ بىرىگە يول قويۇشى، ئېتىبار بېرىشى، ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىشى، بىر ـ بىرىنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشى، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ ئۆزئارا ھەمكارلىششى، بىر ـ بىرىگە سەمىمي كۆيۈنۈشى، ئۆز ئارا كەمتەر مۇلايىم مېھرىبانلىق پوزىتسىيەدە بولۇشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشى، خالىس نىيەتتە بىر ـ بىرىگە خەيرخاھلىق قىلىشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئىززەت ئېتىبارىغا ۋە قانۇنى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ۋە تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئورنىغا ۋە كىشىلىك ئىناۋىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىن قېرىنداشلىرى بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىنى ئۆز بەختى ھېسابلىشى لازىمدۇر.

ئومۇمىي جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى ئاسراش، بىر ـ بىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، دىن قېرىنداشلىق، بىرلىك ئىتتىپاقلىققا خىلاپ ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتتىن ساقلىنىشنى شەرتتۇر.

مەيلى شەخسىي مۇناسىۋەت، مەيلى ئائىلىۋى مۇناسىۋەت، مەيلى سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، مەيلى دىنى ۋە مىللىي مۇناسىۋەت، مەيلى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىچكى ۋە تاشقى دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت جەھەتلەردە بولسۇن، ئىسلام شەرىئىتىدە (ئىسلام قانۇنىدا) يۇقىرىقى ئۆلچەم ئاساس قىلىنىدۇ. مۇشۇ (بۇ) ھەقتە قۇرئاندىكى كۆپ ئايەتلەردە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە ئوچۇق تەۋسىيەلەر باردۇر. بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمىدۇق. بىلىش لازىمكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىسلامىي تەقۋاسى ۋە ياخشى مۇسۇلمانلىق پەزىلىتى ئۇنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت ئەھۋالى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە چاھارىيار ئىزام (ئۇلۇغ) ۋە ئەسھابى كىراملىرىمىزنىڭ تارىخى، سىرەت ۋە ئۇلۇغۋار ئىش ـ ئىزلىرى ئەنە شۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت مەزمۇنىنى ئىسپاتلايدۇ:

قال لله تعالى: ﴿مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الْإِنْجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى

سُـوقِهِ يُعْجِـبُ الـزُّرَّاعَ لِيَغِيـظَ بِهِـمُ الْكُفَّـارَ وَعَـدَ اللَّهُ الَّذِيـنَ آمَنُـوا وَعَمِلُـوا الصَّالِحَـاتِ مِنْهُـمْ مَغْفِـرَةً وَأَجْـرًا عَظِيمًـا﴾

تەرجىمىسى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئۈممىتى) كۇپپارلارغا قوپالدۇر ۋە ئۆز ئارىسىدا بىر - بىرىگە كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار بۇندىن ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئالامىتى بار، ئەنە شۇلار تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى سۈپەتلىرىدۇر.»[55]

**97. سوئال: قۇرئان تەلىماتىغا ئاساسەن ئەھلى ئىسلام بىلەن كۇپپار (كافىر) - مۇشرىكلار ئارىسىدىكى مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلەر قانداق بولۇشى لازىم؟**

جاۋاب: ئەھلى ئىسلام بىلەن كۇپپار (كافىر) - مۇشرىكلار ئارىسىدىكى مۇئامىلە مۇناسىۋەتنى ئىسلام شەرىئىتى ھەر بىر ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش لازىم دەپ كۆرسىتىدۇ (قارايدۇ). مەسىلەن، ئەھلى ئىسلامنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى مۇشرىك ۋە ئاللاھقا تانغۇچى (ئىنكار قىلغۇچى)، ئىسلامدىن يۈز ئۆرىگۈچى «مۇرتەد»لەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتى يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشاش ئەھلى كىتاب كۇپپارلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە مۇناسىۋىتى شەرىئەت ھۆكمىدە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

[55] فەتىھ سۈرىسى 29 - ئايەت.

شۇنىڭدەك، ئەھلى كىتاب ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا بىر قەدەر يېقىنراق بولغان ناسارالار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت، ئەھلى ئىسلامغا تارىختىن بېرى ئۆچ بولغان يەھۇدىيلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە مۇناسىۋەتتىن پەرقلىنىدۇ. يەنە ھەر تەبىقە كاپىر ۋە مۇشرىكلار ئىچىدىن ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىدا تۇرۇپ ئەھلى ئىسلام ئۈستىدە زورلۇق - زوراۋانلىق قىلىۋاتقان ۋە ئۇرۇش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان «ئەھلى ھەرب» بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت، مۇسۇلمانلار بىلەن تىنىچ ئۆتىۋاتقان ياكى سۈلھ ـ كېلىشىم ئورنىتىلغان ۋە ياكى تەسلىم بولغان ياكى ئىسلام ھاكىمىيىتى تەۋەلىكىدە ئىسلام قانۇنىغا بويسۇنىۋاتقان زىممىلار (مۇسۇلمان دۆلەت تەۋەلىكىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان بولمىغان پۇخرالار) بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە مۇناسىۋەتلەر ھەر بىر جەھەتتىن (بىر ـ بىرىدىن) پەرقلىنىدۇ.

ئەھلى ئىسلام بىلەن ئۆچمەنلىشىپ، دۈشمەنلىك مەيدانىدا ۋە ئۇرۇش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مۇشرىك كۇپپارلار بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق مۇئامىلە مۇناسىۋەتتە ئىسلام شەرىئىتى ئۇلارغا قەتئىي رىئايە، (يۈز) خاتىرە قىلماسلىقىقا، قاتتىق كەسكىن مەيدانىدا ۋە شىددەتلىك پوزىتسىيەدە بولۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى (ئىسلام قانۇنى) ھۆكمىدە ھەرقانداق مۇشرىك، كۇپپار ئەگەر ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىك مەيدانىدىن قايتىپ، ئەھلى ئىسلامغا (مۇسۇلمانلارغا) تەسلىم بولسا ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۇرۇش توختىتىپ، ئەھلى ئىسلام بىلەن سۈلھى تۈزۈپ تىنچلىقتا بىللە ئۆتۈشنى خالىسا، ئۇلار بىلەن خاھى قىسقا، خاھى ئۇزۇن مۇددەتلىك شەرتنامە تۈزۈپ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى ئاساسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىي ئادالەت پرىنسىپى بويىچە نورمال مۇئامىلە مۇناسىۋەت قىلىشقا ۋە ئۆزلۈكىدىن ھەق دىننى ئاڭلىق ھالدا

تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ھالدا غەمخورلۇق قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ئەھلى ئىسلامنىڭ ھەر قانداق مۇشرىك، كۇپپارلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ بىرلىشىشىگە، پرىنسىپسىز دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا، ئۇلارنىڭ باتىل (كۇر) ئەقىدىلىرىگە ئەگىشىپ قۇيرۇقچىلىق قىلىشىغا، يامان ئىشلىرىغا يول قويۇپ تەسلىمچىلىك قىلىشىغا ۋە ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە سۈكۈت (جىم تۇرۇپ) قىلىپ تۇرۇشىغا ئىسلام شەرىئىتى (ئىسلام قانۇنى) ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ.

دېمەك: بۇ خىل مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلەر ئاقىۋەت ئەھلى ئىسلامغا مۇنقەرزلىكنى كەلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان تەلىماتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە ئىسلام شەرىئىتىدە قەتئىي چەكلەنگەندۇر. ئەمما مۇشرىك، كۇپپارلار بىلەن ئەھلى ئىسلام ئارىسىدىكى ھەرخىل قەرز، سودا ـ مۇئامىلە ۋە ھەق ـ تەلەپ مەسىلىلىرىدە قايسى تەبىقە كۇپپارغا تېگىشلىك (تەۋە، مەنسۇپ) بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئىقتىسادىي مۇئامىلە جەھەتتىكى ئىسلام شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە دەلىل ـ ئىسپاتلىرى سۈرۈشتە قىلىنىپ، ئادالەت مىزانى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە ۋە ياكى مەن مۇسۇلمان تەرەپتە تۇرىشىم كېرەك دەپ يان بېسىپ، يەنە بىر كاپىرنىڭ يوللۇق بولغان قانۇنى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئىنكار قىلىنىپ (كۆز يۇمۇپ)، ناھەق زىيانغا ئۇچرىتىلىشىغا شەرىئەت ھۆكمىدە يول يوقتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇئامىلە مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىگە مۇنۇ ئايەت قۇرئاندا ئوچۇق شاھىتتۇر (دەلىلدۇر):

قال الله تعالى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ

وَالْأَقْرَبِينَ إِنْ يَكُنْ غَنِيًّا أَوْ فَقِيرًا فَاللَّهُ أَوْلَى بِهِمَا فَلَا تَتَّبِعُوا الْهَوَى أَنْ تَعْدِلُوا وَإِنْ تَلْوُوا أَوْ تُعْرِضُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا﴾

تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن) ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، ئۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.»[56]

قال لله تعالى: ﴿لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَىٰ إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾

[56] نىسا سۈرىسى 135 ـ ئايەت.

«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر.»[57]

قال الله تعالى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَىٰ أَلَّا تَعْدِلُوا ۚ اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۖ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۚ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قوۋمغا بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.»[58]

## 98. سوئال: ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن مەكارىم ئەخلاق ئىسلامىيە (ئىسلام ئۇلۇغ (ئېسىل) ئەخلاقلىرى) قايسى؟

[57] مۇمتەھىنە سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.

[58] مائىدە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

جاۋاب: تۆۋەنــدە تەرىــپ (تونۇشــتۇرۇلغان) قىلىنىدىغـان مۇشـۇ 31 خىـل مەشـھۇر ئەخـلاق ـ سـۈپەتلەردىن ئىبـارەت:

1) دىيانەت
2) ساداقەت
3) نىزاپەت ۋە تاھارەت
4) ئادالەت
5) نەسىھەت ۋە خۇلسىيەت
6) مۇساۋات
7) مۇۋالات
8) مۇرۇۋۋەت
9) ئۇخۇۋۋەتى ئىسلامىيە
10) ھەمىيەتى دىنىيە
11) ساخاۋەت ۋە ساماھەت
12) مۇۋاسىلە
13) شىجائەت ۋە جاسارەت
14) سەبرى تاقەت
15) زۇھدى قانائەت
16) ھايا ۋە ئىپپەت
17) ۋاپا سىيانەت
18) ھىلمۇ مەتانەت
19) ۋەلائۇ مەتارەكەت
20) مەسالىھە مۇۋاسات
21) ئەھدۇ ئامانەت
22) ھەزم پەراسەت

23) ئىنساب

24) ئىخلاس

25) رىيادەت ۋە مۇجاھەدات

26) ئىقتىساد

27) تەۋادۇ

28) مۇھەببەت

29) مۇكاپات

30) ئىتتىپاق ئىتتىھاد

31) ئىلىم ـ مەرىپەت قاتارلىق ئىسلامى ئۇلۇغ پەزىلەتلەردىن ئىبارەت.

بۇلار ئىسلام دىنى كىتاب قائىدىلىرىدە «مەكارىمۇل ئەخلاقۇل ئىسلامىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى 31 خىل مەشھۇر پەزىلەتلىك ئەخلاق ـ سۈپەتلەرنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە ئايرىم (ـ ئايرىم) توختىلىپ، مەزمۇنىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ تەئرەپ قىلىپ ئۆتىمىز.

### 99. سوئال: دىيانەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: دىيانەت دېگەن، ھەق دىن ۋە راست ئېتىقاد ئىگىسى بولۇش دېمەكتۇر. ھەرقانداق ئىنساندا دىيانەت بولمىسا، ئۆز نەپسىنى ھەرخىل گۇناھ يامان ئىشلاردىن تىزگىنلەپ، ساۋابلىق ياخشى ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىدىيەۋى ئامىل مەۋجۇت بولمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىيانەت ـ ئىنسانىيەت ئومۇمىي ھاياتىغا ئەڭ زۆرۈر بولغان ئۇلۇغ ئەخلاق ۋە ياخشى پەزىلەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

ئىنسانلارنىڭ تاشقى جەھەتتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئالدى(بىلەن) ئۇنىڭ ئىرادىسى قوماندانلىق قىلىدۇ. مۇبادا (شۇنىڭ ئۇچۇن) ھەر ئىنساننىڭ دىيانەت (توراقلىق ھەق ئىدىيە ۋە راست ئېتىقاد) ئىدىيئولوگىيەسى بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ.

## 100. سوئال: ساداقەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ساداقەت دېگەن راستچىل بولماق دېمەكتۇر. ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا راستچىل بولۇش، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇئامىلە - مۇناسىۋەتتە راستچىل بولۇش، ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىدە راستچىل بولۇش ۋە ئىنسانىيەت ھوقۇق - مەنپەئەتىگە راستچىل بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساداقەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ساداقەت ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم پىرىنسىپى بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسانىي، ئەخلاقى ياخشى سۈپەتلەر جۈملىسىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ياخشى پەزىلەتتۇر.

## 101. سوئال: نازاپەت ۋە تاھارەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تاھارەت ۋە نازاپەت دېگەن ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر جەھەتتىن پاك - پاكىزە بولۇش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دائىرىسى، ئېتىقادى ئىدىئولوگىيىسىنى يامان نىيەت ۋە باتىل (كۇر) ئەقىدىلەردىن پاك - پاكىزە تۇتۇش، ئۆز نەپسىنى تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق (چىدامسىزلىق، چىدىماسلىق)لاردىن، ھەرخىل پەسكەشلىكلەردىن پاك - پاكىزە تۇتۇش، قەلبىنى ھەرخىل پاسىد (بۇزۇق) خىياللاردىن پاك - پاكىزە تۇتۇش، جىسمانىي ۋۇجۇدنى ھەرخىل مىكروب، كىر - قات ۋە كېسەلنىڭ ئامىللىرىدىن پاك - پاكىزە تۇتۇش، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - قورۇ، بەدەن ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى ۋە تەبىئىي مۇھىتنى ھەرخىل پاسكىنىلىقلارغا يولۇقتۇرماي پاك - پاكىزە تۇتۇش قاتارلىقلارنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تاھارەت ۋە نازاپەت ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولغان مۇھىم پرىنسىپلىرى جۈملىسىدىن بولغان ئۇلۇغ ئىنسانىي ئەخلاق جۈملىسىدىكى پەزىلەتلىك ياخشى سۈپەتلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا ھەر بىر كىشى بۇنىڭغا چوقۇم رىئايە قىلىشى لازىم.

## 102. سوئال: ئادالەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئادالەت دېگەن ھەرقانداق ئىشتا ھېچ (بىر) تەرەپكە يان باسماي، ھەققانىي توغرا ئىش قىلىش دېمەكتۇر. بۇ ئادالەت بولسا، ھۆكۈمدە ئادىل بولۇش، گۇۋاھلىقتا ئادىل بولۇش، سودىدا ئادىل بولۇش، بارلىق سۆز ـ ھەرىكەت ۋە مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلەردە ئادىل بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئادالەت ھەم ئىسلام دىنى پرىنسىپ جۈملىسىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ياخشى ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر.

## 103. سوئال: نەسىھەت ۋە خۇلۇسىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نەسىھەت ۋە خۇلۇسىيەت دېگەن كىشىلەرنى خالىس نىيەتتە ياخشىلىققا يېتەكلەش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ۋە ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەتتە شەخسى غەرەزسىز خالىس خەيرخاھلىق پوزىتسىيەسىدە بولۇش دېمەكتۇر.

بۇ نەسىھەت ۋە خۇلۇسىيەت بولسا، ھەم ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم تۆت پرىنسىپىنىڭ بىرى بولغان ئەڭ پەزىلەتلىك ئىنسانىي ياخشى ئەخلاقلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە تەقۋاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## 104. سوئال: مۇساۋات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇساۋات دېگەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلام شەرىئەت قانۇنى ئالدىدا بارلىق ئىنسانلار بىلەن ھوقۇقتا باب ـ باراۋەر بولۇش دېمەكتۇر.

دېمەك، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق چوڭ كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام قانۇنى شەرىئىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئورۇن ـ ئىناۋىتىنى ۋە نوپۇز ـ ئابرۇيىنى ھەرگىز باشقىلاردىن يۇقىرى قويماسلىق ۋە باشقىلارغا چوڭلۇق قىلماسلىقدىن ئىبارەتتۇر.

## 105. سوئال: مۇۋالات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇۋالات دېگەن، ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلام كۆرسەتمىسى ئاستىدا بارلىق ئىنسانىيەت بىلەن دوست بولۇشماق ۋە ئىسلامىي پرىنسىپلىق دوست بولۇشماق دېمەكتۇر.

دېمەك، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى دۈشمەنلىشىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن سەممىي چارە ئىزدەشمەك دېگەن ئومۇمىي مەزمۇندىن ئىبارەتتۇر.

## 106. سوئال: مۇرۇۋۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇرۇۋۋەت دېگەن، ئۆز (ئىنىڭ) دىن قېرىنداشلىرىغا، ئۆز (ئىنىڭ) ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، ئۆز(ئىنىڭ) قوۋمى ـ قېرىنداشلىرىغا، قولۇم ـ قوشنا ھەمسايىلىرىغا (ھەقەمسايە) ۋە بەلكى ھەرقانداق ئىنسان بالىلىرىغا قولىدىن كېلىشىچە مېھرى ـ شەپقەت ۋە ھەرخىل مۇرۇۋۋەت (ياخشىلىق يەتكۈزمەك) دېمەكتۇر.

## 107. سوئال: ئۇخۇۋۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇخۇۋۋەت دېگەن، ھەر بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان بىلەن ھەقىقىي دىن قېرىنداشلىق ئورناتماق، گوياكى بىر ئانا ـ بىر ئاتىدىن تۇغۇلغان، بىر قورساقتىن چۈشكەن بىر تۇغقىنىغا ئوخشاش يېقىملىق ۋە ھەقىقىي دىن قېرىنداشلىق پوزىتسىيەدە بولماق دېمەكتۇر. ئۇخۇۋۋەت (دىن قېرىنداشلىق پوزىتسىيەنىڭ كامىللىقى) ئۇنىڭ باشقا مۇسۇلمان دىن قېرىنداشلىرىغا سەمىمىي كۆيۈنمەكلىك ئەمەلىيىتى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## 108. سوئال: ھامىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھامىيەت دېگەن، ھەق ـ ھەقىقەتنى بىجاندىل (پۈتۈن كۈچى بىلەن) ھىمايە قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىق مەيداندا مۇستەھكەم تۇرۇش، بارلىق ھەققانىي ئىشلارنى قوغداش ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلەش دېمەكتۇر. بۇ «ھامىيەتى ئىسلامىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ سۈپەت ھەر بىر مۇسۇلماندا كەم بولسا ھەرگىز بولمايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئەخلاقى پەزىلەتلەر جۈملىسىدىندۇر. بۇ(ھامىيەتى ئىسلامىيە) بولسا، «ھامىيەتى جاھىلىيە» (بىلىمسىزلىك تەئەسسۇبىيىتى)نىڭ ئەكسىدۇر. «ھامىيەتى جاھىلىيە» (دېگىنىمىز)، كافىرلىق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

## 109. سوئال: ساخاۋەت ۋە ساماھەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەر بىر جەھەتتە سېخى، مەردانە ۋە ئالىي ھىممەتتە بولماق دېمەكتۇر. يەنى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق مال ـ دۇنياسىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىقتىدارىنى ئومۇمىي ساۋابلىق ياخشى ئىشلارغا

سەرپ ئېتىشتىن بېخىللىق، نامەردلىك، نائەھلىلىك قىلماسلىق، بەلكى جوۋانى مەردلىك بىلەن كەڭ (ـ كۇشادە) مۇئامىلە قىلىش دېمەكتۇر.

## 110. سوئال: مۇۋاسەلەت ۋە مۇئاۋەنەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالى ۋە يىراق ـ يېقىنلىق نىسبىتى بويىچە ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قارابەت (يېقىنلىق ـ تۇغقانچىلىق) ھوقۇقىنى يەتكۈزۈپ، «سىلە رەھىم» قىلىش ۋە ھەربىر جەھەتتىن ياخشى ياردەم قىلىپ، يار ـ يۆلەكتە بولۇش دېمەكتۇر.

## 111. سوئال: شىجائەت ۋە جاسارەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شىجائەت ۋە جاسارەت دېگەن، ھەر بىر ياخشى ئىشنى بېجىرىش جەريانىدا باتۇر، غەيرەتلىك، جانلىق ۋە تېتىك بولۇش دېمەكتۇر. دېمەك، ئۇلۇغۋار، چوڭ ساۋابلىق ئىشلاردا قەيسەرلىك بىلەن ئالاھىدە مۇناسىپ غەيرەت ـ جاسارەت بولمىسا، ھەرگىز باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر بىر مۇسۇلمانغا بارلىق ئەمەلىيەت جەريانىدا چوڭ شىجائەت ۋە ئالىي ھىممەت، ئۇلۇغۋار جاسارەت بەك تولا (بەكمۇ) زۆرۈردۇر. شىجائەت ۋە جاسارەتتىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئىش خۇددى جاندىن ئايرىلغان ئۆلۈك گەۋدىگە (جەسەتكە) ئوخشاش پايدىسىز بولۇشى مۇقەررەردۇر.

## 112. سوئال: سەبرۇ ـ تاقەت (سەۋىرلىق، چىدامىلىق) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ئۈستىگە ۋە تۇرمۇش ھاياتىدا دۇچ كەلگەن ھەرتۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ چىداش ۋە تولۇق سەبرى ـ تاقەت قىلىپ، شۇ قىيىنچىلىقنى ئاقىۋەت يېڭىش پوزىتسىيەسىدە بولۇش دېمەكتۇر. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كۈتكەن مەقسەتكە يېتىش، ئەلۋەتتە بارلىق يۈلەنگەن (دۇچ كەلگەن) قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بىلەن چىداپ سەبرى ـ تاقەت قىلىپ ئارقىغا چېكىنمەسلىككە باغلىقتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنچىلىقنى مەڭگۈستمەسلىك ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇھىم ۋە زۆرۈردۇر. قىسمەن قىيىنچىلىقلارغا چىداپ سەبرى قىلماي ئۆزىنى ـ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىش ياكى قەستەن ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش ئىسلام شەرىئەت ھۆكمىدە ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

## 113. سوئال: زۇھدۇ ـ قانائەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىدىن يۈز ئۆرۈش (كۆز تىكمەسلىك)، ياراتقان جانابى ئاللاھتىن باشقىغا بېقىنماسلىق، ھەر جەھەتتىن ئاساسەن ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئۆز ئىلكىدىكىگە قانائەت قىلىش، ئۆز ئەمگىكىگە ۋە ئۆزىنىڭ ھالال توغرا كەسپى كارىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش دېمەكتۇر.

## 114. سوئال: ھايا ـ ئىپپەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋا، شەرمەندە بولىدىغان ھەرخىل يامان ئىشلاردىن ھايا، نومۇس قىلىش، ئۆزىنى ۋە كىشىلىكنى، ئىجتىمائىي ئىنسانىيەت (ئىنسانىيەت ۋە جەمىيەت ئىچىدىكى) ئىناۋەت ـ ئابرۇيىنى پاسكىنا ھەرىكەت ۋە قەبىھ يامان گۇناھلاردىن پاك ـ سالامەت تۇتۇش

دېمەكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: الحياء شعبة من الإيمان. «ھايا ـ نومۇس قىلىش ئىمان جۇملىسىدىندۇر.»[59] دېگەن.

ھەر بىر مۇسۇلمان مۆمىن بەندىدە ھايا ـ نومۇس، ئىپپەت دېگەن پاك، ساغلام ياخشى سۈپەتنىڭ بولۇشى ناھايىتى زۆرۈردۇر.

## 115. سوئال: ۋاپا سىيانەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ياخشىلىقنى ساقلاش، مەسىلەن: ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يار بۇرادەرلەرگە ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق، كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق خالىس ياخشىلىقىنى ئۇنۇتماي ۋاپا ساقلاش (قىلىش)، ئۆز لايىقىدا ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش دېمەكتۇر.

## 116. سوئال: ھىلمۇ (ئېغىر ـ بېسىق) مەتەنات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىنسان بالىسى ھەر قانداق ئىش بېجىرگەنىدە ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئالدىن ئىشقا سېلىش، ياۋاش (كەمتەر)، مۇلايىم، تەمكىن بولۇش، ھەرگىز ئالدىراقسانلىق بىلەن ئېگىز ـ پەس، خالا ـ خۇتا ئىش قىلماسلىق، ئېغىر ـ بېسىق ۋە ياخشى تەدبىرلىك بولۇش دېمەكتۇر.

## 117. سوئال: ۋەلائۇ مەتارەكەت دېگەن نېمە؟

[59] ئىسمائىل بۇخارى، «سەھىھۇلبۇخارى»، دارۇ ئىبنى كەسىر نەشرىياتى، دەمەشق 1993، 7 جىلد، 1. جىلد، 129. بەت.

جاۋاب: دوستلىشىش ۋە تاشلىشىش، يەنى ئەھلى ئىسلامنىڭ دوستلىرىغا دوست بولۇپ يېقىنلىشىش، تىنىچ، ئىناق، ئىتتىپاق، زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەقىقىي دوستلارچە ئۆتۈش ۋە ئەھلى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئەھلى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلەشمەسلىك ، ئۆزئالدىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىق دېمەكتۇر.

**118. سوئال: مۇسالەھە ۋە مۇۋاسات دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئىسلام پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەر قانداق كىشى بىلەن يارىشىپ، تىنىچ كېلىشىپ، ئەپ ئۆتۈش دېمەكتۇر.

**119. سوئال: ئەھدۇ ئامانەت دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: توغرا ئىش ئۈچۈن قىلىنغان ئەھدۇ قەسەمنى ھەرگىز بۇزماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماي ئەبەدىي سىر ساقلاش، ئۆز ئەھدى قەسىمدە چىڭ تۇرغۇچى ۋە ئامانەتكە تولۇق، سەممىي رىئايە قىلغۇچى ياخشى مۇسۇلمان بولۇش دېمەكتۇر.

**120. سوئال: ھەزىم (چۈم) پاراسەت دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ھەرقانداق مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت ۋە ھەر بىر ئىش ئۈستىدە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش ۋە يامان ئاقىۋەتكە يۈزلىنىشتىن ئەتراپلىق ئويلىنىپ، چوڭقۇر ئېھتىياتلىق بىلەن چارە كۆرۈش دېمەكتۇر.

**121. سوئال: ئىنساب دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: باشقىلارنى مەيلى پايدا، مەيلى زىياندا (بولسۇن)،

ئۆز جېنى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ، باب ـ باراۋەر ياخشى ئاسراش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتى بىلەن تەڭ باراۋەر ئورۇندا قويۇش ۋە ھېچ ئىشىدا (ھەرقانداق ئىشتا) ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئىنساپسىزلىق قىلىپ، باشقىلارغا زۇلۇم ـ زوراۋانلىق قىلماسلىق دېمەكتۇر. بۇ ناھايىتى ئۇلۇغ، چوڭ ياخشى سۈپەتتۇر. ھەر بىر ئادەم بالىسىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنسابلىق ياخشى مۇسۇلمان بولۇشتىن كاتتا نېمەت يوقتۇر. ئىنساب بولسا ھەق دىن ئىگىسىگە تەقۋادارلىق جەھەتتە بارلىق تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي پەزىلەتتۇر.

### 122. سوئال: ئىخلاس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەرقانداق ساۋابلىق ئىش ۋە ھەر بىر تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ناتوغرا غەرەزلەردىن خالىي بولغان ھالدا ياخشى نىيەت بىلەن قىلىش، (نىيەتنى) خالىس جانابى ھەق تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشكە يالغۇز باغلاش، ھەرگىز بۇزۇق ۋە ناتوغرا مەقسەتلەرنى ئارىلاشتۇرماسلىق دېمەكتۇر.

### 123. سوئال: رىيادەت ۋە مۇجاھىدات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام بۇيرۇغان تۈرلۈك تائەت ـ ئىبادەت ۋە ھەربىر مۇھىم ياخشى ئىشلارغا ئۆزىنى كۆندۈرۈپ چېنىقتۇرۇش (ئادەتلىنىش)، بۇ ھەقتە يۈز بېرىدىغان بارلىق رەنج (ىدە) ـ رىيازەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ئۆز ھاياتى تۇرمۇشىغا ئۆزلەشتۈرۈلىپ گوياكى راھەت ئورنىدا كۆرۈش دېمەكتۇر.

### 124. سوئال: ئىقتىساد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئېھتىياجلىق ھەممە ئىشتا ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ

كەتمەي ياكى بەك تۆۋەن ناچارلىشىپ كەتمەي (قىسۋەتمەي) ئەقىلگە مۇۋاپىق مۆتىدىل توغرا نىسبەت بىلەن ئوتتۇرھال يول تۇتۇش دېمەكتۇر. مەسىلەن، ئۆز ئۆمرىنى ۋە غەنىيمەت ۋاقىت ـ مىنۇتلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىسىز، بىھۇدە ئىشلارغا ئىسراپ قىلماسلىق، مال ـ مۈلك، پۇل ـ مەبلەغ، نازۇ ـ نېمەتنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىق، نورمال تېجەپ ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى يولسىز بۇزۇۋەتمەسلىك، كىرىم ـ چىقىم نىسبىتىدە ھەم مۇۋاپىق ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئوتتۇرھال يول تۇتۇش، ھەربىر ئىشتا ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى ـ تۆۋەن قىلماي تېجەشلىك ۋە ئىقتىساتچانلىقنى قوللىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىقتىساد دېگەن ھەر بىر ئىش ۋە ھەممە جەھەتتە نورمال، مۆتىدىل، ئوتتۇرھال توغرا يول تۇتۇش، بارلىق بۇزۇقچىلىقتىن ساقلىنىش دېمەكتۇر.

## 125. سوئال: تەۋادۇ (تواضع) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋادۇ دېگەن، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن، كەمتەر تۇتۇش، ئۆزىنى ھەممە جەھەتتە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە تەلەپنى يۇقىرى قويۇش، ھەرگىز ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ، بىر ئىزدا ئالغا باسماستىن توختاپ قالماسلىق، ھەممە جەھەتتە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويماسلىق، كىبىرى ـ تەكەببۇردىن ساقلىنىش دېمەكتۇر. بۇنىڭدىن ھەرگىز ئۆزىنى كەم (تۆۋەن) چاغلاپ ئىسلام دۈشمەنلىرىگە باش ئېگىش، تەسلىم بولۇش، مەنسەپدار ۋە پۇلدارلارغا تەمەللۇق يۇمشاق بويۇنلۇق قىلىپ (بويۇن ئېگىپ)، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، ناتوغرا ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ يول قويۇش، تاپان يالاپ قۇلچىلىق پوزىتسىيەسىدە بولۇش، ھەققانىيەت مەيدانىدا كەسكىن

بولماسلىق دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بۇ ئىككىسى تۈپ ماھىيەت جەھەتتە ئىككى خىل مەسىلىدۇر.

ئىسلام شەرىئىتى ھېچ ۋاقىت يامان ئىشلارغا يول قويۇش ۋە يامانغا يان تاياق بولۇشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇنى توغرا چۈشىنىش لازىم.

## 126. سوئال: مۇھەببەت ۋە تالاقەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇھەببەت ۋە تالاقەت دېگەن، ھەق ـ ھەقىقەت ۋە بارلىق ھەققانىي ئىشلار ئۈچۈن قەلبىدە قىزىقىش، مۇھەببەت (ئىسسىق كۆڭۈللۈك ۋە ئوچۇق چىرايلىق) بولۇش دېمەكتۇر. مۇھەببەت بولسا، بارلىق ياخشى سۈپەتلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قىزىتىپ ماگدۇرىدىغان ئاساسلىق چوڭ ئىلمىنتلىق موتوردۇر. ئىسسىق مۇھەببەت بولمىسا، ھېچ ئىش جۇشقۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ قىززىمايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ دىنىغا بولغان مۇھەببەت (ئىسسىق كۆڭۈللۈك) ۋە ئۆزىنىڭ ۋەتەن ـ مىللىتىگە بولغان مۇھەببەت (ئۆزىنىڭ دىنى، مىللەت، ۋەتىنىگە مۇھەببەت قىلىش)، ئۆزىنىڭ دىنى، ۋەتىنىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى كەمالاتى ئۈچۈن ئىزدىنىپ خىزمەت قىلىش، سەمىمىي قەلبى بىلەن مۇھەببەت قىلىپ سۆيۈش ھەم ئەنە شۇ ئىسلامى مەكارىم ئەخلاق جۈملىسىدىن بولغان مۇھەببەت دېگەن ياخشى پەزىلەتنىڭ تەركىبى قىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە مۇنداق دەيدى:

{حب الوطن من الإيمان.} «ۋەتەننى دوست تۇتۇش (سۆيۈش) ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن ئىزدىنىپ كۈچ سەرپ قىلىش ئىماننىڭ تارماق شۇبە

شاخچىلىرى جۈملىسىدىندۇر.»[60]

## 127. سوئال: ئەپۋى ـ مۇئاپات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەر قانداق كىشى تەرىپىدىن ئۆزىگە يەتكەن دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىقلارنى ئۆتنۈۋېتىپ ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈش، ئۆز نەپسى ئۈچۈن شەخسىي ئۆچ ـ ئىنتىقام ئالماسلىق دېمەكتۇر. بۇ ئۆرپ ـ ئادەتتە خۇسۇسەن ئۆز دىن قېرىنداشلىرىدىن يەتكەن ئىزا ـ ئاھانەتنى، ۋاپالىق (ۋاپاسىزلىق)، بىپەرۋالىق ۋە قىسمەن سەھۋەن خاتالىقلارنى كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىماي ئەپۇ قىلىپ ئۆتنۈۋېتىش، بۇنى سۆرۈشتە قىلماي كەڭ قورساقلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش دېمەكتۇر.

## 128. سوئال: ئىتتىپاق ۋە ئىتتىھاد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىن قېرىنداشلىق، يېقىنچىلىق بىرلىكنى ساقلاش ۋە قۇۋۋەتلەش، ئىسلام دىن قېرىنداشلىق ئىتتىپاقلىقىغا ۋە دىنى بىرلىككە قارىمۇ ـ قارشى كېلىدىغان ھەرخىل سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش؛ ئىنسانىيەت بىلەن ئىسلام پىرىنسىپى ئاستىدا ھەقىقىي ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنى ۋە دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىر گەۋدە ۋە بىر ئائىلىلىك ئومۇمىي دىن قېرىنداشلىق بىرلىكنى قەتئىي ھىمايە قىلىش، بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرخىل ئىتتىپاقسىزلىققا ۋە بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ «ۋەھدەتى ئىسلامىيە» دېيىلىدۇ (دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

---

[60] بۇ سۆز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ھەدىس ئالىملىرى بىردەك بۇنىڭ ھەدىس ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى ئۆلىمالار بۇ سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن توغرا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

**129. سوئال: تەلەبۇل ئىلىم ۋەلمەرىپە (يەنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش) دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ھاياتىدا تىرىشىپ، زۆرۈر ئېھتىياجلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، كېرەكلىك بارلىق ياخشى ئىجادىيەت، يېڭىلىق، كەشپىيات ۋە ھەرخىل پەننى، مۇھىم ئىلىم ـ مەرىپەت (پايدىلىق چۈشەنچە تونۇشنى ئۆستۈرۈش ۋە ماھارەتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈشكە داۋاملىق ئىزدىنىپ) تولۇق ياخشى كۈچ سەرپ ئېتىش دېمەكتۇر.

ئىنسانىيەت ئومۇمىي ھاياتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئېھتىياجلىق ئىلىم ـ مەرىپەتلەرنىڭ ھەممە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك ئىلىم ـ مەرىپەت بولسا داۋاملىق كېڭىيىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر. ھەرگىز بىر سەۋىيەدە توختاپ قالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام مەكارىم ئەخلاقى جۈملىسىدىن بولغان بۇ «ئىلىم ـ مەرىپەت تەلەپ قىلىش»تىن ئىبارەت ئۇلۇغ، ئالى پەزىلەتلىك ياخشى سۈپەت ھەمىشە ئالغا راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنيا يۈزىدىكى ھەربىر مۇسۇلمان، ئىسلام پەرزەنتلىرى ھەرگىز بۇ سۈپەتتىن ئايرىلسا بولمايدۇ. مۇشۇ (تۆۋەندىكى) ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھەر بىر ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئەڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئۇچۇق دەلىل شاھىددۇر:

قال الله تعالى: ﴿ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ. ﴾

تەرجىمىسى: «ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار

بـاراۋەر بولالامـدۇ؟»[61]

قــال الله تعــالى: ﴿ إِنَّمَــا يَخْشَى اللَّهَ مِــنْ عِبَــادِهِ الْعُلَمَــاءُ. ﴾

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.»[62]

قال النبي عليه الصلاة والسلام: العلم لا يبخل منه.

تەرجىمىسى: «ئىلىمدا ھېچبىر زامان بېخىللىق قىلىشقا بولمايدۇ - يەنى گۇناھتۇر.»[63]

عن أنس بن مالك عن النبي عليه الصلاة والسلام قال: طلب العلم فريضة على كل مسلم ومسلمة.

تەرجىمىسى: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر - ئايال بارلىق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر.»[64] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

---

[61] زۇمەر سۈرىسى 9 - ئايەت.

[62] فاتىر سۈرىسى 28 - ئايەت.

[63] بۇ سۆز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ھەدىس ئالىملىرى بىردەك بۇنىڭ ھەدىس ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى ئۆلىمالار بۇ سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن توغرا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

[64] ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ماجە ، «سۈنەنى ئىبنى ماجە»، دارۇ ئىھيائۇ كۇتۇبۇلئەرەبىييە، 2 جىلد، 1. جىلد 81. بەت. «سۈنەنى ئىبنى ماجە »دە «مۇسلىمە (ئايال)» كەلىمىسى زىكىر قىلىنمىغان بولۇپ، «زىيازۇسسالىھىن » ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى نەۋەۋى بۇ سۆزنىڭ مەنە ۋە مەزمۇنى

عـن النبـي عليـه الصـلاة والسـلام قـال: اطلبـوا العلـم مـن المهـد إلـى اللحـد.

تەرجىمىسـى: «بۆشـۈكتىن قەبرىگىچـە (يەنـى ئۆلگىچـە) ئىلىـم ئۆگىنىـڭلار.»[65]

{اطلب العلم ولو فى الصين.}

«ئىلىمنى خىتايدا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلا.!»[66]

ھەقشـۇناس ئالىـملار بىلـەن ھەمسـۆھبەت بولـۇش ھـەم ئىلـم ـ مەرىپــەت تەلـەپ قىلىـش جۈملىسـىدىندۇر (ھېسـابلىنىدۇ).

---

ئىسلامنىڭ روھىغا ئۇيغۇن سەھىھ دېگەن.

[65] بـۇ سـۆز مۇسـۇلمانلار ئارىسـىدا ھەدىـس دەپ رىۋايـەت قىلىنغـان بولسـىمۇ، ھەدىـس ئالىملىـرى بـىردەك بۇنـىڭ ھەدىـس ئەمەسـلىكىنى ئوتتۇرىغـا قويغـان. بـەزى ئۆلىمـالار بـۇ سـۆزنىڭ مەنـە جەھەتتـىن توغـرا ئىكەنلىكىنـى قەيـت قىلغـان.

[66] بـۇ سـۆز مۇسـۇلمانلار ئارىسـىدا ھەدىـس دەپ رىۋايـەت قىلىنغـان بولسـىمۇ، ھەدىـس ئالىملىـرى بـىردەك بۇنـىڭ ھەدىـس ئەمەسـلىكىنى ئوتتۇرىغـا قويغـان. بـەزى ئۆلىمـالار بـۇ سـۆزنىڭ مەنـە جەھەتتـىن توغـرا ئىكەنلىكىنـى قەيـت قىلغـان.

# خاتىمە

«القواعد الإسلامية» مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرى ھەققىدىكى سوئال ـ جاۋابلار رىسالىسى كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۆگەنچە تولۇقلانمىسى:

**130. سوئال: ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى دېگەن نېمە؟ ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىسلام مىللەتپەرۋەرلىكى دېگەن نېمە؟ بۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا باغلىنىش مۇناسىۋىتى قانداق؟**

جاۋاب: (1) ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى دېگەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىر مۇسۇلمان قايسى جىنس، قايسى تەنلىك، قايسى ئىرق ۋە قايسى قان سىستېمىسىدا، قايسى مىللەت، قايسى قەبىلە، قايسى ئايماق ۋە قايسى سۇلالە كىشىسى، قايسى تىلدا سۆزلىشىشى، قايسى زېمىندا ياشىشى، قايسى فورما ۋە تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتتە ھايات كەچۈرىشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمىي ئىنسانلار جامائەسىنىڭ ئاساسى تەركىبى قىسمى بولۇشى بىلەن بارلىق ئەھلى ئىسلام (مۇسۇلمانلار گۇرۇھى) بىر ئائىلە دېگەن كۆز قاراش بىلەن ئومۇمىي ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى، بەخت ـ سائادىتى ۋە ھەممە (پۈتۈن) ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۇلۇغۋار كامالىتى ئۈچۈن كۆيۈنۈپ، ھەقىقىي پەرۋادارلىق پوزىتسىيەسىدە بولۇش ـ ئىسلام ئىنسان پەرۋەرلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

(1)ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى ئومۇمىي ماھىيەت جەھەتتە ئىسلام

دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ئۈستىگە (دىن باشقا يەنە) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ھەر تەبىقە ئىنسانلارنىڭ ھەم ئومۇمىي ھاياتىغا ۋە ئۇلۇغۋار بەخت ـ سائادىتىگە كۆيۈنۈپ پەرۋەدارچىلىق قىلىش، ۋە ئۇلارنىڭھەم ھەقنى تونۇپ ئۇلۇغ ئەھلى ئىسلام سېپىگە قوشۇلۇشى ئۈچۈن خالىس نىيەتتە ھەمىشە غەمخورلۇق پوزىتسىيەسىدە بولۇشنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنى چۈشىنىش لازىمكى، ھەركىم ئەھلى ئىسلام (مۇسۇلمانلار) ۋە مۇقەددەس ئىسلام دىنى بىلەن ئۆچەكەشمىسىلا ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى پىرىنسىپى بويىچە تولىمۇ توغرا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا جەلپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن ھەرخىل كۇپپار تەبىقىلەر بىلەن پىرىنسىپسىز بىرلىششىنى ۋە ئۇلارغا قۇيرۇق چۇرۇگۇچ بولۇشنى (خۇشامەتچىلىك قىلىشنى) ئىسلام شەرىئىتى مەنئى قىلىدۇ.

ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى پىرىنسىپى بويىچە ئېتىقاندا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى بارلىق مىللەت ۋە قەبىلە كىشىلىرى بىر گەۋدە ۋە بىر ئائىلە ھېسابلىنىدۇ. باب ـ باراۋەر، ئوخشاش ھوقۇق ۋە ھۆرمەتكە ئىگىدۇر. «ۋەھدەتى ئىسلامىيە» ئۇلۇغ ئىسلام بىرلىكى ئاستىدا ھەر مىللەت ۋە ھەر قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇشى، قانۇنى، تارىخى مۇستەقىللىق ئورنى، ئۆز تۇپرىقى ۋە ئۆز ئىگىلىكى ئوخشاش ھۆرمەت قىلىنىدۇ. ھەر قاچان ئۇلۇغ ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ روھى مەزمۇنى بۇنىڭ سىرتىدا بولمايدۇ.

(2) ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى دېگەن بولسا، ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن ھەربىر مۇسۇلمان ئاھالىلىرى قايسى تۇپراقتا ھايات

كەچۈرۈۋاتقان بولسا، ئاشۇ ئۆزى ياشاۋاتقان تۇپراقتا، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەتىنىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇش، ئۆز ۋەتىنىنى ھەقىقىي پەرۋىش قىلىپ، ئابات قىلىش (ئاۋاتلاشتۇرۇش)، ئۆز ۋەتىنىنى گوياكى ئۆز ئانىسىنىڭ ۋارىسى سۆپىتىدە سۆيۈپ ھىمايە قىلىپ، ھەممە جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ۋە ئۇلۇغۋار تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقىي كۆيۈمچانلىق پوزىتسىيەسىدە بولۇشنى «ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) ئىسلام مىللەتپەرۋەرلىكى بولسا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەربىر تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەر قانداق بىر مىللەت ئاھالىسى بولسۇن، ئۇلۇغ ئىسلام بىرلىكى ۋە ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى شەرتى ئاستىدا ئۆز مىللىتىگە سەممىي كۆيۈنۈپ، ئۆز مىللەت، قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ھەرخىل پەشكەشلىكلەردىن ئاسراپ، كۆز قارىچۇغىدەك ھىمايە قىلىپ، ھەقىقىي پەرۋادارچىلىق (غەمخورلۇق) قىلىشتىن ئىبارەت.

جۈملىدىن ھەربىر مىللەت ئىچىدىكى ئىسلام ئاھالىسى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىلغار مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز مىللىي مىراسلىرىنى ۋە ئىلغار تارىخىي ئەنئەنىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىسلام دىنى ئېتىبارىنى ساقلاش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىسلامى شان ـ شەرىپى ۋە مىللەت ئەۋلادلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئومۇمىي ھاياتى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنى گويا ئۆز ئاتىسىدەك سۆيۈپ، ھەقىقىي پىداكارلىق پوزىتسىيەسىدە كۈچ سەرپ قىلىپ خىزمەت قىلىشنى، مۇستەملىكە ـ قۇللۇق ئاسارىتىدىن ساقلاش ۋە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش قاتارلىق ياخشى پوزىتسىيەلەرنىڭ ھەممىسى «ھەقىقىي ئىسلام مىللەتپەرۋەرلىكى»نىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرىدۇر.

شۇ ھەقىقەت ئېنىقكى، مۇقەددەس ئىسلام دىنى يالغۇز بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر ۋەتەن، بىر تۇپراق ئاھالىسىنىڭ شەخسىي ئايرىم دىنى ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ئايرىم مىللەت ۋە سىنىپ، ئايرىم تۇپراقدىن كەڭ، ئومۇمىي دائىرىلىك بىر ئالەمشۇمۇل دىندۇر. دېمەك، بۇ دىن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھەركىمكى «رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، ئىمانىم قۇرئان، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ» دەپ بارلىق ھەقشۇناس ئەھلى ئىسلام بىلەن بىر سەپتە بولسىلا، ئۇنىڭ قايسى تەنلىك، قايسى قانغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلار تەركىبىگە كىرىدۇ. مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان ئەھلى ئىسلام (ھەقشۇناس ئۈممەت) ئىسلام ھېسابلىنىدۇ. بۇنداقلا (بۇلار) بولسا، ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ كەڭ جەمائەت ئاساسى بولالايدۇ، ھېچقانداق مىللەت، تۇپراق، دۆلەت، سىنىپ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە ئىسلام ئومۇمىي جامائەتچىلىكىنىڭ بارلىق قانۇنى ـ ھوقۇق مەنپەئەتلىرىدىن ھەربىر كىشى ئوخشاش تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەربىر ئاھالىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە تۇپراق ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىسلام مىللەتپەرۋەرلىكى بويىچە ئۇلۇغ ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئوخشاش بىر گەۋدە، بىر ئائىلىكىدىن ئىبارەت باراۋەرلىك ۋە تارىخى جەريانىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق پىرىنسىپى (ۋەھدەتى ئىسلامىيە) ئاساسىدا ئىنسانىيەت ۋە ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي تارىخى تەرەققىيات قانۇنىيىتىچە (بويىچە) كەڭ (دائىرىلىك) ھەل قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى، ئىسلام ۋەتەنپەرۋەر-لىكى ۋە ئىسلام مىللەتپەرۋەرلىكى ئومۇمىي ماھىيەت ۋە ئەمەلى

ۋۇجۇد جەھەتتە خۇددى يەتتە ئورگاننىڭ يەتتە ئەزاسىدەك بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن كۆپ ھاللاردا ھەربىر مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوخشاشلا مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ (ھېسابلىنىدۇ). مۇشۇ ئېتىبار بىلەن بارلىق مۇسۇلمان ۋە ئىسلام ئاھالىسىنى بىر ئىسلام مىللىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا شەكىللەنگەن ئومۇمىي (پۈتۈن) ئەھلى ئىسلامنىڭ بىر ئائىلە، بىر گەۋدىلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر (ئىسپاتىدۇر).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى، ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىسلام مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ياردىمى ۋە ئۆز - ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ماھىيەتلىك روھىي مەزمۇنىدىن شۇنداق بىر پۈتۈن خۇلاسە چىقىرىش مۇئەييەندۇركى، ھەربىر ۋەتەن ۋە ھەربىر زېمىن - تۇپراقتا ياشىغۇچى مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئىسلام شەرىئىتى ھۆكمىدە ئەلۋەتتە ئۆز ۋەتىنىگە ئۆزى ئىگىدۇر. ئۇنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى ۋە تارىختىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن دۆلەت خەزىنىلىرى مەيلى شەخسىنىڭ ياكى جامائەتنىڭ (ئومۇمنىڭ) ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ھەر خىل مىللىي مەھسۇلاتلىرى، مىللىي چوڭ ئىگىلىكلىرى، ئالى (كاتتا) چوڭ بىنا (ئىمارەت)- قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى ۋە تارىخىي ئەسەر يادىكارلىقلىرى شۇ ۋەتەن ئاھالىسى بولغان مىللەتنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپتۇر.

ھەربىر ۋەتەن ئاھالىسى بولغان مۇسۇلمان مىللەتلىرى دۇنيادىكى بارلىق ئەھلى ئىسلام چوڭ ئائىلىسىنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان تەڭ ھوقۇقلۇق، بىر ئەزالىق سۈپەت بىلەن ھەربىر مىللەت ۋە ھەربىر ۋەتەن ئاھالىسى ئىگە بولغان ھەققانىي ئورنى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى ئۆزى باشقۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇقتۇر.

ھەربىر ئىسلام مىللەتلىرى ۋە مۇسۇلمان جامائەتلىرى ئىسلام ئىنسانپەرۋەرلىكى ئاساسىدا بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش، خالىسانە ياردەم بېرىشتىن باشقا ھېچ زامان (ھېچقاچان) ۋە ھېچقانداق شارائىتتا بىر - بىرىگە زوراۋانلىق قىلىش ۋە بىر - بىرىنى بوزەك ئېتىش (قىلىش) ياكى ھۇدۇد (چېگرا) تالىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ياكى بىر - بىرىنى ئىرقىي ۋە مىللىي كەمسىتىش ۋە بىر - بىرىگە پەرۋەردارلىق (غەمخورلۇق) قىلماي، ئىسلام جەمائەسىدىن يۈز ئۆرۈشكە ئىسلام شەرىئىتىدە ھەرگىز يول يوقتۇر (قويۇلمايدۇ). ئىسلام بۇرچىنى ئادا قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا شەرتتۇر.

**131. سوئال: ئىسلام شەرىئىتى ھەربىر ئەھلى ئىسلامنىڭ مىللىي شەكىل، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە شەخسىي تۇرمۇش، كىيىم - كېچەك، چاچ - ساقال ۋە ئۆزىنىڭ كىشىلىك پۇرمالىرىغا (ئادەتلىرىگە) قانداق قارايدۇ؟**

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتى ھۆكمىدە ھەربىر جاي ۋە مۇئەييەن تۇپراقلاردا ياشايدىغان ھەر بىر (ھەرخىل) ئالاھىدىلىك خۇسۇسىيەتلەردىكى ھەرقايسى مىللەت ۋە ھەرخىل قەبىلە مۇسۇلمانلىرى ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك، چىراي - شەكىل، تۇرمۇش پورمىلىرىنى (ئادەتلىرىنى) ئۆز مۇھىت كىلىماتىغا مۇناسىپ ۋە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىگى، مىللىي ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئەينەن ساقلاپ قېلىش ياكى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ، راۋاجلاندۇرۇش ياكى يەنە بۆلەك تېخىمۇ ئىلغار بىرەر (باشقا) فورما (بىئادەت) شەكلىنى تاللىۋېلىش - ھەر مىللەت، ھەربىر ئاھالىنىڭ ئۆز ئەركىنلىك ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئىختىيارلىقىدىكى يوللۇق بولغان قانۇنى ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش دەپ قارايدۇ. بىر مىللەتكە ئىككىنچى يەنە بىر مىللەتنىڭ، بىر كىمگە ئىككىنچى يەنە بىر كىمنىڭ ئارىلىششى يولسىزلۇق ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە: «ئىسلام مىللەتلىرى ھەممە ئوخشاش (بىردەك) كىيىم كىيسۇن، ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر خىل لىباس فورمىسىنى قوللىنىش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن ئەمەس. ھەرقانداق فورما ۋە تۇرمۇش شەكلى ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق، پاكىزلىق پىرىنسىپىغا خىلاپ كەلمىسە ۋە ئىشرىك ئىسراپچىلىق كەيپىياتى چىقمىسىلا، ھالال ـ ھارام دەپ شەرىئەتتە ئوچۇق بەلگىلەنگەن مەسىلىگە قارمۇ ـ قارشى كەلمىسىلا، چەكلىمىسىز (چەكلەنمىگەن)، مۇباھ، نورمال ئىشتۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە ھەركىم پاك تۇرمۇش فورمىسىنى ئۆزى تاللاش، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشىدۇر، ھەرگىز دىنى مەسىلە ئەمەستۇر. شەرىئەت ھۆكمىدە دىنىي مەسىلىلەر ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ساھىپ شەرىئەت (شەرىئەت ئىگىسى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىز باسارلىرى بولغان خەلىپە چاھاريارلىرىمىزنىڭ، ساھابە، تابىئىنلىرىمىزنىڭ، ھەر زاماندىكى شەرىئەت مۇقتەداسى بولغان مەشھۇر ئالىم مۇجتەھىدلەرىمىزنىڭ يوليورۇق ۋە تارىخىي سىرەتلىرى بويىچە بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەقەللى (ئازراق) بىلىمگە ئىگە بولغان ھەر بىر كىشىگە مەلۇمكى، ئەسرى سائادەتتە (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ئۆمرى دەۋرىدە) خاھى ساھابە، تابىئىنلەر زامانىسىدا بولسۇن، خاھى ئەرەب ئىچىدىن، خاھى غەيرى ئەرەب ئىچىدىن (ئەجەم ئىچىدىن)مەسىلەن: ھەبەش، تۈرك ۋە باشقا ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەربىر مىللەت ۋە ھەر بىر قەبىلە ـ ئايماقلار ئىچىدىن بولسۇن، خاھى توپ ـ توپ، خاھى يەككە ـ يىگانە ھالدا، خاھى ئۆزلۈكىدىن، خاھى ھەر تەرەپلىمە شارائىتنىڭ قىستىشى بىلەن بولسۇن، مەسىلەن: سەلمان فارسى، بىلال ھەبەشى، ئۇۋەيس قەرنى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)لارغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنى قوبۇل

قىلغانلار ۋە قەيسەر، كىسرا ۋە نەجاشىيلارغا ئوخشاش ئىسلامىي دەۋەت (چاقىرىق)نامىلىرى يوللانغان جامائەت ئەربابلىرىمۇ كۆپ بولغان، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇچۇن ھەممە ئەھلى ئىسلامغا ئورتاق بولىدۇ ياكى بىرەرسىگە مەخسۇس بولىدۇ دەپ ئورتاق ياكى يالغۇز مۇئەييەن مىللىي شەكىل ۋە تۇرمۇش فورمىلىرىنى قوللىنىش شەرت قىلىنغان ئەمەس، ياكى ئايرىم بەلگىلىمە كۆرسىتىلگەن ھەم ئەمەس.

بەلكى مىللىي تۇرمۇش شەكىل ۋە مەدەنىي ھايات زىننەت فورمىلىرىنى بەلگىلەش ۋە تاللىۋېلىش ھەربىر ئاھالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك ئىختىيارىدىكى توغرا، يوللۇق ئىش ئىكەنلىكى ھەممە كىشى چۈشىنەلەيدىغان ھەقىقەتتۇر.

لېكىن ھەر زاماندا، خۇسۇسەن ھازىرقى زاماندا مىللىي، مەدەنىي فورما ۋە ھەرخىل تۇرمۇش شەكىللىرىنى تاللاش ھەققىدە ئىفرات ـ تەفرىتچىلىك (ئوڭ ـ سولغا ئېغىشتىن) ئىبارەت ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ ئىككى خىل خاتا كۆز قاراش ۋە ناتوغرا خاھىشلار مەۋجۇددۇر. بۇنىڭ بىرىنچى خىلى ـ ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ پاك، ئىلغار، ئەڭ ئالى، ئۇستۇن تۇرمۇش شەكلى ۋە مىللىي، مەدەنىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى زامان ـ زامان ئالغا راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋە ئىسلام ئەھلى بولمىغان (مۇسۇلمان بولمىغان) باشقا ھەر قانداق مىللەت ھەر قانداق ئاھالىدىن مۇسۇلمانلار ھەممە جەھەتتە يۇقىرى تۇرۇشنىڭ ۋە داۋاملىق ئومۇمىي كامالەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىشنىڭ يوللۇقلۇقى ۋە لازىملىقىنى چۈشەنمەي، مىللىي مەدەنىي تۇرمۇش شەكىل فورمىلىرىدا ھەمىشە ناچار، كونا، ناقىس بولۇشنى ياقىلاش بۇ بىرىنچى خاتا خاھىشتۇر.

ئىككىنچى خىلى — يېڭىلىقنى ۋە ئالى تۇرمۇش مىللىي مەدەنىيەت فورمىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باھانە قىلىپ

مەدەنىي ھاياتنى يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ ۋە بەزى كۇپپار تەبىقىلىرىنىڭ (مەدەنىي ھاياتنى) ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ قوبۇل قىلىپ، سەترى ئەۋرەتكە (ئېچىش ھارام بولغان ئەزانى يېپىشقا) ھەتتاكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇش فورمىدىكى پەرقىگە رىئايە قىلماسلىق، ھەتتاكى دىيانەت دائىرىسىدىن ھەم چىقىپ كېتىش.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل خاھىشنىڭ ھەر ئىككىسى ئىسلام شەرىئەت مىزانىغا مۇۋاپىق ئەمەستۇر. بەلكى ئەھلى ئىسلام تەقۋا ـ دىيانەت ۋە مەكارىم ئەخلاق مەسىلىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش شەكىل فورمىلىرىنى ئەڭ ئىلغار ـ پاك، ئۈستۈن كەيپىياتتا قىلىپ، ئۆزلىرى ھەر زاماندا ئۆزلىرى تاللاشقا ھەقلىق.

**132. سوئال: ھەربىر ئىسلام مىللىتىنىڭ ھەقىقىي ئىززەت ـ ئىپتىخارى ۋە ھاياتى كامالىتى نېمە بىلەندۇر؟ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ خارلىق، زاۋاللىق ۋە مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتۇشى نېمىگە باغلىقتۇر؟**

جاۋاب: مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ئىپتىخارى ۋە ھاياتى كامالىتى ئاساسەن ئىلىم ـ مەرىپەت، پەن ـ سانائەت، ھۈنەر ـ ماھارىتىنى داۋاملىق ئاشۇرۇش، ئۆزىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك قانۇنى ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن شۇ مىللەت ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى بىر دىل، بىر نىيەتكە كېلىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ سەئيى ئىجتىھات قىلىپ (تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ)، ئەمەلىي جىھادتىن (كۈرەشتىن) قايتماسلىققا باغلىقتۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرقانداق مىللەت ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ سانائەت ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، مىللەت ئەۋلادلىرىدا بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، بىر نىيەتلىك بولمايدىكەن،

ئۆزىنىڭ تارىخىنى تونۇشتىن مەھرۇم قالدىغان ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى مىللىي، ئىجتىمائىي ئورنىنى قەدىرلىمەيدىكەن، ھەققانىي جىھاد، تىرىشچانلىقلاردىن ۋاز كېچىپ قالىدىكەن، چەتئەل مۇستەملىكىچى ياۋۇزلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ، بوي سۇنۇپ. ئاسارەت ـ مەھكۇملۇققا رازى بولىدىكەن، ئۇنداق مىللەت بىر ـ بىرلەپ جاھالەتكە چۈشۈپ، ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ سانائەت ۋە تارىخىي ئورنى ۋە ھايات كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھۆرمەتلىك ئىززەت ـ ئىپتىخارىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىناۋەت ئابرۇيىنى ھەتتاكى نام ـ نىشانىسىنىمۇ يوقىتىپ خارلىق، زاۋاللىق ۋە مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتىدۇ.

مەسىلەن: قەدىمكى تارىختا ئەڭ مەشھۇر نامدار تۈرك قان سىستېمىسىدىكى بارلىق تۇران مىللەت، قەبىلىلىرىنىڭ ۋە بىر پۈتۈن تۈرك ئايماقلىرىنىڭ، غەربى تەرەپتە رۇسىيەگە، شەرق تەرەپتە چىن (خىتاي)لارغا ئەسىر، مۇستەملىكە بولۇپ ئۆزىنىڭ مىللىي، مەدەنىي تارىخى ۋە پۈتۈن ھاياتى مۇنقەرىز بولغانغا ئوخشاش.

«القواعد الإسلامية» «مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرى» ھەققىدىكى سوئال ـ جاۋابلار رىسالىسى مۇشۇ جەمئىي 132 سوئال ـ جاۋاب ئىچىدە خۇلاسە قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

مۇئەللىپ: ئابدۇلھەمىد راشىدىن رىزائۇلھەق رۇشتى

luk hakları, haram çeşitleri, nikah ve karı ـ koça hakları, boşanma ve onunla ilgili hükümler, mirasa ait hükümler, alış ـ veriş kaideleri, ribalı işlem sayılan ticaretler, sosyal ilişkilerde dikkat edilmesi gereken hususlar ve ahlakla ilgi konular ele alınmıştır. Sonuç bölümünde ise, toplam ٣ soru ve cevap bulunur. Burada İslam'ın insan, millet ve vatan sevgisine ilişkin olan konularını, dinin örf-adet ve giyim kuşam gibi her millete özgü gelenekler hakkındaki yaklaşımı ve milletin izzet ve şerefini elde etmenin zaruriyeti hakkındaki konuları işlemiştir.

Müellif her konuyu ele alırken, önce onun hikmet felsefesine değinmiş, sonra Kur'an Sünnet ile temellendirmeye çalışmıştır. Konularda hiçbir mezhep ihtilafına değinmemiş, genellikle Doğu Türkistan'da hakim olan Hanefî ve Matüridi düşüncesi temelinde meseleleri anlatmaya çalışmıştır.

yaşanan rejim değişikliği soncunda hapis müddeti azaltıldı ve 12 Ocak 1981 yılında serbest bırakıldı. Abdülhamid Raşidin hapisten çıktıktığında yakalandığı müzmin hastağlıklar sebebiyle 22 Ağustos 1981 tarihinde vefat etti.

Abdülhamid Raşidin "*Müslümanlığın Temel Kâideleri*" adlı bu eserini 1978 yılında hapishanedeyken yazdı. Eserin elimizde iki nüshası bulunmaktadır. Birincisi nüshası Latin Uygur alfabesiyle yazılmış olup, bu nüsha, Abdülhamid Raşidin ile aynı hapishanede beraber yatan Abdurreşit Abdulkerim tarafından istinsah edilmiştir. Bu nüshasında ayet ve hadislerin tercümesi verilmiş, Arapçası boş bırakılmıştır. İkinci nüshası ise Abdülhamid Raşidin'in akrabalarından Ali Emin adlı bir kişi tarafından eserin müellife ait asıl nüshasından istinsah edilmiştir. Elimizdeki bu nüshada eserin son iki bölümü bulunmaktadır.

"*Müslümanlığın Temel Kâideleri*" adlı bu eser, Uygur Türkçesiyle soru - cevap şeklinde yazılmış İlmihal niteliğinde bir eserdir. Eser, bir mukaddime (giriş), üç bölüm ve hâtime (sonuç) toplam 132 sorudan oluşmaktadır. Giriş kısmı toplam sekiz soru cevaptan oluşur. Burada insanın dünya ve ahiret mutluluğun kaynağı, dinin mahiyeti, İslam dininin hak din olduğunun delilleri, İslam dinin genel ilkeleri ve gayesi, gerçek Müslümanın özellikleri ve Müslümanlığın kısımları gibi konuları ele alınmıştır. Birinci bölümde *İtikat* başlığı altında, toplam 33 soru cevap bulunmaktadır. Bir kimsenin Mümin ve Müslüman olması için inanması gereken tüm iman esasları burada işlenmiştir. İkinci bölümde *İbadet* başlığı altında 43 soru cevap yer alır. Bu bölümde ibadetlerin hikmeti, akıl baliğ olmanın şartları, teklifi hükümler, abdest konuları, namazla ilgili tüm konular, oruç, zekât, hac ve cihad gibi konuları ele alınmıştır. Üçüncü bölümde *İçtimaî Nizam ve Mekârime-i Ahlâk* başlığı altında, toplam 43 soru cevap mevcuttru. Bu bölümde İslam nizaminin mahiyeti, akraba ve komşul-

bası Raşidin Müftü Hacı, 1946 senesinde Milliyetçi Çin Hükümetine karşı Kargalik ilinin kurtuluş savaşında aktif rol aldı. Her ne kadar Kargalik ilçesi Çinlilerden kurtarıla mış olsa da, kısa süre sonra Çinliler tarafından işgal edile di. Ayaklanmaya katılan Raşidin Müftü Hacım gibi birçok mücahid, isyan suçlamasıyla Çin hükümeti tarafından şea hit edildi.

Abdülhamid Raşidin, 1948 yılında Kargalik ilin "Baş kadılık" görevini üstlendi. 1949 yılı komünist Çin devleti Doğu Türkistan'ı işgal etti. O, 1951 yılı Şer'î Mahkemeler lağıvedilene kadar bu vazifeyi üstlendi. 1950-1958 yılları arasında Kargalik İli Siyasi İstişare Meclis Başkanlığı, Kargalik İli İslam Cemiyeti Başkanı, Uygur Özerk Bölge (Doğu Türkistan) Siyasi İstişare Heyet üyesi ve Çin Devlet Siyasi İstişare Komitesi üyesi gibi görevlerde bulundu. 1956 yılında bir grup Uygur aydınıyla birlikte gizlice "Doğu Türkistan Milli Azatlık/İstiklal Teşkilatı"nı kurdu. 1957 yık lında ÇKP hükümeti tarafından Çin'in genelinde "Özgürce Ötme/konuşma" adında bir hareket başlatıldı ve bu kapsamda Abdülhamid Raşidin Uygur Özerk Bölge'nin (Doğu Türkistan) başkenti Ürümçi'de düzenlenen toplantıya davet edildi. O bu toplantıda Doğu Türkistanlıların kendi kaderini kendilerinin belirleme hakkı olduğunu savundu. Ancak bu toplantının amacının Uygur aydınlarını tespit edip yok etmek olduğunu anlayınca, toplantıyı gizlice terk ederek bir sene gizlendi. 1958 yılı "Doğu Türkistan Milli Azatlık/İstiklal Teşkilatı" yasadışı ve bölücü teşkilat ilan edildi ve birçok teşkilat üyesi tutuklandı. Abdülhamid Raşidin için de yakalama kararı çıkartıldı. 1959 yılı tutuklanarak hapse atıldı. 1966 yılı hapisten çıktı. Aradan iki yıl geçmeden 1968 yılında ÇKP hükümeti Abdülhamid Raşidin için tekrar yakalama kararı çıkardı. 1969 yılında yakalandı ve müebbet hapse mahkûm edildi. O, Çin hapishanelerinde acımasız işkenceler yapıldı. 1976 yılı Mao'nun ölümünden sonra Komünist Çin hükümetinde

# SUNUŞ

Elinizdeki “*Müslümanlığın Temel Kâideleri*” bu eser, 20. Asrın ortalarında Doğu Türkistan’da yaşamış olan Abdülhamid Raşidin tarafından kaleme alınmıştır. Abdülhamid Raşidin 1923 senesinde Doğu Türkistan’ın Kaşgar iline bağlı Kargalik ilçesinde herkesin saygı duyduğu köklü bir ailede dünyaya geldi. Zira babası Raşidin aynı yıllarda Kargalik ilçesinin müftüsüdür. Abdülhamid Raşidin ilk eğitimini babası ve mahallesindeki Yakup Ahun medresesinde aldı. Orta eğitimini Kargalik Goci Lisesinde tamamladı. 1941 yılında örgün eğitim için Hoten Darülmuallimin Yüksek Okuluna gitti. Orada Uygur dili ve edebiyatı, coğrafyası, tarihi ve felsefe gibi dersler gördü. Yüksek okulun öğretmenlerinin tamamı Sovyetler Birliğinde eğitim almış kimselerdi. Okulu tamamladıktan sonra memleketine dönen Abdülhamid Raşidin, kendisinin mezun olduğu Kargalik Goci Lisesinde öğretmenlik yaptı. Öğretmelerinin etkisinde bir süre dini görevlerini terk etti. Bu sebeple halk içinde büyük tepki uyandırdı. Hatta dehrîlikle suçk landı. Babası Raşidin Müftü Hacı’nın hikmetli telkinleri ile daha sonra tekrar dinî hayata dönüş yaptı ve okuldaki görevinden istifa edip, Kargalik ilçesindeki yüksek eğitim dinî eğitim kurumlarından bir olan ve Yasın Ahun Helfitim idaresindeki “Döng Göl Medresesi”nde üç yıl din eğitimi aldı. Daha sonra daha ileri seviyede dinî eğitim almak için Kaşgar’daki tarihi “Hanlık Medrese”ye gitti. Oradaki eğitimini tamamlayıp memleketine döndü. Abdülhamid Raşidin memleketine döndükten sonra bir yandan eğitim faaliyetiyle meşgul olurken diğer yandan memleketinde yaygın olarak faaliyet göstermekte olan “Milli Akartış (aydınlanma) Platformu”nun başkan vekilliğini yürüttü. Ba-

# MÜSLÜMANLIĞIN TEMEL KÂİDELERİ

# مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسىي قائىدەلىرى

# القواعد الإسلامية

(UYGURCA)


**ABDULHAMİD RAŞİDİN**

**HAZIRLAYAN: ALİMCAN BUĞDA**

Editör: Almas Haci



İlk baskı, Kasım 2023

ISBN: 978-625-94093-2-0

دار باب العلم

İLİM KAPISI

İstunbul - TÜRKİYE

بسم الله الرّحمن الرّحیم